ISSN: 2602–389X

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال



# ئىزدىنىش

2020 - يىللىق 1 - سان

ئومۇمىي 9 - سان

Uygur Edebiyatı   Uyghur Literature   Уйғур Әдәбияти   www.uyghuredebiyati.net   /izdinish

# ئۇيغۇر يازغۇچىلار ھاياتىدىن خاتىرىلەر



مەشھۇر تۈركولوگ ئازىز نارىنبايېۋ ۋەتىنىمىزگە زىيارەتكە كەلگەندە بىر قىسىم ئۇيغۇر ۋە رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستانلىق ئالىم، تەتقىقاتچىلار بىلەن بىرگە چۈشكەن خاتىرە سۈرەت.
سۈرەتتە: ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئىمىن تۇرسۇن ۋە نارىبايېۋ قاتارلىقلار.



ئارقا رەت سولدىن: 1.ئابدۇۋەلى مۇقىيىت، 3.ئابدۇۋەلى خەلپەت، 4.تۇرسۇنمۇھەممەد پەخىردىن، 5.ئابدۇشۇكۇر تۇردى، 6.تۇرداخۇن مۇئەللىم، 7.رەھىم قاسىم

ئالدىنقى رەت سولدىن: 1.ھاكىم دادىروۋ، 2.رىزۋان ناسىر (شەپقەت-ھەمشىرىسى، قەھرىمان رىزۋانگۈلنىڭ جەگدىكى سەپدىشى)، 5.ھاكىم جاپپار، 8.سابىت ئابدۇراھمان (مۇزېيدى تەتقىقاتچىتى)

**ئىزاھات:** رەسىملەرنى زۇلھايات ئۆتكۈر (شۋېتسىيە ) ۋە سەلىمە ئا. كامال (ئاۋستىرالىيە) تەمىنلىگەن بولۇپ، ئىسمىنى توغرا خاتىرىلىگەن يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىسىملىرىنى يېزىپ قويدۇق (ت).

# ژۇرنىلىمىز ھەققىدە

مەزكۇر ژۇرنال ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى كىلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەرنى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىش، ئۇيغۇر تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسىپ ئىگىلىرى ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ۋە ئەدەبىي تىلىنى باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇش، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر ژۇرنالنى مەزمۇن ۋە سۈپەت جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقئارادىكى سۈپەتلىك ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدىغان پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال.

مەزكۇر ژۇرنالدا پەقەت ئەدەبىي ئەسەرلەرلا ئېلان قىلىنىدىغان بولۇپ، بىۋاستە ئۇيغۇرچە يېزىلغان ياكى باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا مە قىلىنغان ئەسەلەر قۇبۇل قىلىنىدۇ.

ژۇرنالغا قوبۇل قىلىنىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر:

1. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى كىلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەر
2. ئىجادىي ئەسەرلەر
3. باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا مە قىلىنغان ئەسەرلەر
4. خەلق ئارىسىغا تارقالغان ئەقلىيە سۆز، ماقال–تەمسىل، چۆچەك، قوشاق، يۇمۇر قاتارلىقلار
5. ئۇيغۇرلار تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر، فوتو–سۈرەت، ھەجۋىي رەسىملەر
6. مەلۇم رايونلاردىكى ئۇيغۇر ئارىسىدىلا قوللىنىلىدىغان سۆزلەر (لۇغەت)
7. ئەسەر ئەۋەتىش ھەققىدە:

1. ئەسەرلەر uyjurnal@gmail.com ئادرېسى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىدۇ.
2. كىلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەر ھەققىدىكى ئۇچۇرلار (ئاپتورى، ژانىرى، ئېلان قىلىنغان ژۇرنال، كىتاب، يىلنامە قاتارلىقلار) ئېنىق ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
3. مە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى تىلى ھەققىدىكى ئىزاھات ۋە ئەسلى تېكىستى تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ئىجادىي ئەسەرلەرنىڭ ژانىرى ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
5. ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردە ئەۋەتكۈچىلەرنىڭ (ئاپتورلار ۋە نەشرگە تەييارلىغانلار) ئىسمى يېزىلماسلىقى كېرەك.

## ئەسەرنىڭ باھالىنىشى ۋە قوبۇل قىلىنىشى:

1. ژۇرنالغا ئەۋەتىلگەن بارلىق ئەسەرلەر ژانىرىغا قاراپ ئۈچ باھالاش ھەيئىتىگە ئەۋەتىلىدۇ.
2. قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئەسەر ئاز دېگەندە ئىككى باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك. ئەسەرلەرنىڭ ئادىل باھالىنىشى ئۈچۈن، ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردە ئاپتورلارنىڭ ئىسمى ياكى كىملىكى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار بىلدۈرۈلمەيدۇ.
3. ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن، تىل- يېزىق ئىملا قائىدىسىگە رىئايە قىلىنغان ئاساستا يېزىلىشى كېرەك.
4. مەزمۇن جەھەتتىن ژۇرنالنىڭ قوبۇل قىلىش دائىرىسى ئىچىدە بولۇش كېرەك.
5. ئەسەر قوبۇل قىلىنسا، ئەسەر ئاپتورىدىن ئىسىم، تەخەللۇس (ئەگەر ئىشلىتىدىغان بولسا) ۋە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش (ئەگەر ئاپتور تەمىنلەشنى خالىسا) تەلەپ قىلىنىدۇ.
6. ئەسەر قوبۇل قىلىنمىسا، قوبۇل قىلىنمىغانلىق ئۇچۇرى تەكلىپ ۋە پىكىرلەر بىلەن ئەۋەتىلىدۇ.
7. ئەسەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشى پۈتۈنلەي باھالاش ھەيئىتىنىڭ قارارى بىلەن بولىدۇ.

## ژۇرنالنىڭ ئېلان قىلىنىش شەكلى:

ژۇرنال پەسىللىك تور ژۇرنىلى بولۇپ، ئەرەب ھەرپلىرى، لاتىن ھەرپلىرى، سلاۋيان ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ۋە (باشقا تۈرك مىللەتلىرىنىڭمۇ ژۇرنىلىمىزدىن پايدىلىنالىشى ئۈچۈن) بىرلىككە كەلگەن تۈرك ئېلىپبەسىدە بولۇپ جەمئىي تۆت نۇسخا ئېلان قىلىنىدۇ. يىلدا بىر قېتىم تۆت سان بىرلەشتۈرۈلۈپ يىللىق توپلام شەكلىدە نەشر قىلىنىپ، ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئاممىۋي كۈتۈپخانىلارغا ھەقسىز تارقىتىلىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن: «ئىزدىنىش» ژۇرنىلى تەھرىرلىك ھەيئىتى

www.uyghuredebiyati.net

# ئىزدىنىش ژۇرنىلى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
Уйғур Әдәбиятиға Беғишланған Универсал Әдәбий Журнал
Uyghur Edebiyatigha Béghishlanghan Uniwérsal Edebiy Jurnal
www.uyghuredebiyati.net

2020 ـ يىللىق 1 ـ سان
ئومۇمىي 9 ـ سان
ISSN: 2602-389X

**ژۇرنال مەسئۇلى، مۇھەررىرى**
مۇرات ئورخۇن

**تەھرىر ھەيئىتى**
ئالىمجان ئىنايەت (تۈركىيە)
ئادەم ئۆگەر (تۈركىيە)
زۇلھايات ئۆتكۈر (شۋېتسىيە)
مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە)
رىدۋان ئۆزتۈرك (تۈركىيە)
ئەكبەرجان باۋۇدۇن (قىرغىزىستان)
مەغفىرەت كامال (تۈركىيە)
راھىلە قەشقەرى (تۈركىيە)
دىل رەيھان (فرانسىيە)
مولوتجان توختاخىنوۋ (قازاقىستان)
سابىرەم ئەنۋەروۋا (قازاقىستان)
دىلدۇز تىلمان (ئامېرىكا)

**خەتتات**
نۇر ئەفۋان

**بەتچىك**
ئالىمجان ئىبراھىم

## تەجەللى خاتىرىسىگە

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى نامايەندىسى ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ قىسقىچە ھاياتى ۋە ئىلمىي
پائالىيەتلىرى ھەققىدە ........ ئادىلجان يۈكسەل (تۈركىيە) 7
«بەرقى تەجەللى» ۋە «سەبقى مۇجەللى» ........ ئالىمجان بۇغدا (تۈركىيە) 9
تەجەللى ھەزرەتنىڭ «قەشقەر» ھەققىدىكى قەسىدەسى ........ ئالىمجان بۇغدا (تۈركىيە) 11
تەجەللى ھەزرەتنىڭ مەۋلانا مۇھەممەد يولداشقا يازغان قەسىدىسى ..... ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇمھاجىم 12
شېئىرلار ........ تەجەللى 14

## ئۇيغۇر ئاياللىرى

مەلىكە ئامانىسساخان ئىزىدا: ئۇيغۇر-ئۆزبېك خەلقىنىڭ تۇنجى ئايال كومپوزىتورى شاھىدە
شاھىمەردانوۋا ........ نەبىجان تۇرسۇن (ئامېرىكا) 16
ئەلۋىدا گۈلھايات ........ دىلدۇز تىلمان (ئامېرىكا) 21

## نەسرىي ئەسەرلەر

يىغا ........ ئاۋۇت ماسىموۋ (قازاقىستان) 24
ئۈچ پاي ئوق ........ ھەبىبۇللا ئابلىمىت (گېرمانىيە) 66
ئۇيغۇر ئەركەكلىكىگە مەدھىيە ئوقۇيمەن ........ رەنا غوپۇر (ئاۋستىرالىيە) 69
قۇتادغۇ بىلىك........ مەھمۇتجان ياسىن (تۈركىيە) 70
نەدىسەن سالام ........ ئىمران سادائى (تۈركىيە) 71

## شېئرىيەت گۈلزارى

شېئىرلار ........ ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى 29
شېئىرلار ........ ئابدۇقادىر جالالىددىن 31
ئىككى شېئىر ........ تاھىر ھامۇت ئىزگىل (ئامېرىكا) 33
ئىككى شېئىر ........ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت (شۋېتسىيە) 34
شېئىرلار ........ مۇتەللىپ سەيدۇللا (نورۋېگىيە) 35
ئىككى شېئىر ........ ئەركان (تۈركىيە) 47
بىر ياش شائىرغا ........ مەھمۇد دەرۋىش (پەلەستىن) 48
ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرۇللاھ تەرجىمىسى (تۈركىيە)
ئىككى شېئىر ........ ئادىل ئوغلى سەھرايى 49
ئىككى شېئىر ........ دۆلەتجان كېرىموۋ (ئۆزبېكىستان) 50
ئۆزبېكچىدىن مۇرات ئورخۇن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (تۈركىيە)
سېنى سۆيمەن ........ نازىم ھىكمەت (تۈركىيە) 51
تۈركچىدىن ئۇيغۇرۇللاھ ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (تۈركىيە)
سەھرادىكى كېچە ........ ئابدۇخېبىر خېلىل تەۋەككۇل (تۈركىيە) 51

سۇرەت ..... جەمال سۇرەيىيا (تۈركىيە) 51
تۈركچىدىن ئۈيغۇرۇللاھ ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (تۈركىيە)
شېئىرلار..... ئامىنە ۋايىت (تۈركىيە) 52
يۇرتۇمغا ..... ئابدۇمېجىت دۆلەتوۋ (قازاقىستان) 61
ئىككى شېئىر ..... رەنا ئابىلا ياشار (نورۋېگىيە) 65
ئۆلكەمگە يەنە كەلمىدى باھار ..... شاۋكەت نەزەروۋ (قازاقىستان) 72
ئىنساندا بولىدۇ ئىككى ئائىلە ... ..... مۇقىمجان نۇربايېۋ (ئۆزبېكىستان) 73
ئۆزبېكچىدىن ئابدۇلجان ئازناباقىېۋ ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (قازاقىستان)
دەرمانسىز مۇشۇكلەر غەزىلى ..... ھەيدەر ئەرگۈلەن (تۈركىيە) 73
تۈركچىدىن ئەركان ئۈيغۇرچىلاشتۇرغان (تۈركىيە)
ئىككى شېئىر ..... ئايگۈل ئالىم (ئاۋستىرالىيە) 74
بولسۇن ..... ئابدۇلمەننان چاكان (تۈركىيە) 75
كېتىش ..... ئايتەن مۇتلۇ (تۈركىيە) 75
تۈركچىدىن ئەركان ئۈيغۇرچىلاشتۇرغان (تۈركىيە)
قىزچاق، گۈل ۋە جەگچى ..... ۋىليام مولوتوۋ (قازاقىستان) 76
ئىككى شېئىر ..... ئاشىق ۋەيسەل (تۈركىيە) 83
تۈركچىدىن رەنا ئابىلا ياشار ئۈيغۇرچىلاشتۇرغان (نورۋېگىيە)
قۇياشقا قاراپ كېتىپ بارىمەن ..... ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن (ئەنگلىيە) 84
داۋاملىق ..... رىياد سالىھ ھۈسەيىن (سۈرىيە) 85
ئەرەبچىدىن ئەركان تەرجىمىسى (تۈركىيە)
ئاۋاز ۋە قامچا ..... مەھمۇد دەرۋىش (پەلەستىن) 85
ئەرەبچىدىن ئەركان تەرجىمىسى (تۈركىيە)
سەن، سەن، سەن ..... ياۋۇز بۈلەنت باقىلەر (تۈركىيە) 86
تۈركچىدىن ئىمران سادائى تەرجىمىسى (تۈركىيە)
مېنى كىم ھېچكىشى دەيدۇ ..... غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد 87
ئىككى شېئىر ..... ئابلىكىمجان سابىت ئوغلان 88
شېئىرلار ..... ئازناباقىېۋ ئۇغۇرچىلاشتۇرغان (قازاقىستان) 89
شېئىرلار ..... سابىرەم ئەنۋەروۋا (قازاقىستان) 90

## سالامەت بولۇڭ

كورونا ۋىرۇسى ۋە ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆپكە ياللۇغى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە ..... مەمەت ئەمىن (ئامېرىكا) 36
ئاپەتلەر ۋە ئۇنىڭ روھىي ساغلاملىققا بولغان تەسىرى ..... بۇلبۇلناز جالالىدىن (ياپونىيە) 40
يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ھەققىدە ..... ئاتىكە ئەمەت (گوللاندىيە) 45

## ئەۋلاد تەربىيەسى

ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلارنىڭ ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسىنى سۇندۇرىدىغان تۆت خىل قىلمىشى ..... جېفرى بېرنستايىن (ئامېرىكا) 53
ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: سەرۋى (ئامېرىكا)
قىزىمنىڭ خاتىرىسى ..... نۇرىيە راھمان (شۋېتسارىيە) 56

## غۇنچىلار قەلىمىدىن

تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئەزىز خەلقىمگە سالام خەت ..... سايدۇللايېۋا سۇمبات (قازاقىستان) 61
شېئىرلار ..... سايدۇللايېۋا سۇمبات (قازاقىستان) 62
ئىككى شېئىر ..... ماخسۇتوۋ ئارسلان (قازاقىستان) 63
شېئىرلار ..... نوداروۋا يۇلتۇزئاي (قازاقىستان) 64

## دۇنيادا ئۇيغۇر مەدەنيىتى

ئۇيغۇرلار «سپرۇسنىڭ ئاچقۇچى»نى ئالدى ........ يولداش مولوتوۋ (قازاقىستان) 77

## ماقالە ۋە ئوبزورلار

م. ئەلىمباېۋ ۋە س. مەمەتقۇلوۋ شېئىرىيىتى: ئون بىر بوغۇملۇق شېئىرلارنىڭ تەرەققىياتى........ شائىرەم باراتوۋا (قازاقىستان) 80
نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرچە يېزىش ۋە كىتاب نەشر قىلىش بىز ئۈچۈن تۈزدەك مۇھىم؟ ........ فاتىمە ئابدۇلغەفۇر سەييياھ (ئاۋسترالىيە) 95
گۈزەل ئەسلىمە ۋە زەردە ئەمەلىيەت («خەير - خوش قۇياش»نى ئوقۇغاندىن كېيىن)........ مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە) 98

## تەپەككۇر كۆزنىكى

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ سېلىشتۇرمىسى ........ مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە) 91
ئەقلىيە سۆزلەر ........ مەجھۇل تەييارلىغان (گېرمانىيە) 93

## خەلق ئەدەبىياتى

ئاسكىلادىن بىلەن دۆنىڭ بەسلىشىش ........ (نورۋېگىيە خەلق چۆچىكى) 100
نورۋېگچىدىن رانا ئايىلا ياشار تەرجىمىسى (نورۋېگىيە)

## ئۆيلىنىش ۋە ئىزدىنىش

يولۇڭلار ئوچۇق بولسۇن «ئەۋلاد»لىقلار ........ ئا. ئەمىن (تۈركىيە) 102
ئىستانبۇلدا «UyghurSTEM روبوت كۇرسلىرى 2020 -يىللىق قىشلىق تەتىللىك روبوت كۆرگەزمىسى ۋە پائالىيىتى» ئۆتكۈزۈلدى ...... مەمتىمىن نۇرىدىن (تۈركىيە) 105

## كىتاب ئۇچۇرلىرى

«قىسقىچە ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى قامۇسى» نەشر قىلىندى ........ 108
شۋېتسىيەدە نەشر قىلىنغان «كېچە» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ........ 110
لاگېردىكى تىراگېدىيە «خەير-خوش، قۇياش» رومانى نەشر قىلىندى ........ مەمەتتوختى ئاتاۋۇللا ئويچان(تۈركىيە) 111
«ئۇيغۇرلار» ژۇرنىلى نەشر قىلىندى ........ 112
«تىلسىز قۇشلار» قەپەستىن چىقتى ........ 113
تۈركچە شېئىرلار توپلىمى «تامچە» نەشر قىلىندى ........ 114

مۇقاۋىدا: قەشقەر كوچىسى (قازاقىستانلىق ئۇيغۇر رەسسام ئەخمەت ئەخەت سىزغان).

ئارقا مۇقاۋىدا: ۋەتەن مەنزىرىسى (ئەخمەتجان ئىسمائىل فوتوسى).

ئاپتورلىرى يېزىلمىغان ئەسەرلەر «ئىزدىنىش» ژۇرنىلى تەھرىراتى تەرىپىدىن تەييارلانغان.




# ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى نامايەندىسى ھۈسەيىنخان تەجەللىنىڭ قىسقىچە ھاياتى ۋە ئىلمىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە

ئادىلجان يۈكسەل (تۈركىيە)

كۆپىنچىمىز ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا تونۇلغان ئالىملاردىن مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلشىر نەۋائىي، بابا رەھىم شاھ مەشرەپ قاتارلىقلارنى تونۇيمىز. يېقىنقى دەۋر ئەدەبىياتىغا تەۋە بولغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى تەۋپىق، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، قۇتلۇق ھاجى شەۋقىلەرنىمۇ ياخشى بىلىمىز. مەيلى كىلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىيات ۋەكىللىرى بولسۇن، مەيلى يېقىنقى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىيات ۋەكىللىرى بولسۇن، ئۇلار ھەققىدە ماتېرىياللارمۇ خەلقىمىز ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. بىراق ئىككى دەۋرنى باغلاشتۇرغان، ھەر ساھەدە يېتىشكەن، يېتۈك ئالىم ھۈسەيىنخان تەجەللى ھەققىدە ماتېرىياللار كەمچىل بولغىنى ئۈچۈنمۇ كۆپىنچىمىز بۇ ئالىم ھەققىدە كۆپ نەرسىلەرنى بىلمەيمىز. مەن بۇ قىسقىغىنا يازما ئارقىلىق ئۇشبۇ ئالىمىمىزنى چامىمنىڭ يېتىشىچە قىسقىچە تونۇشتۇرۇشنى لايىق تاپتىم.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىنى باغلاشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان ئەدىبلەرنىڭ بىرى، مەشھۇر ئالىم، ئاتاقلىق شائىر، داڭلىق تېۋىپ، مائارىپچى ۋە خىمىك ھۈسەيىنخان ئەكبەر تەجەللى مىلادىيە 1848 - يىلى (ھىجرىيە 1262 - يىلى) خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قاغىلىق[*] ناھىيە زۇڭلاڭ يېزا ئائىلىسىدە كەنتىدە، يېتىشكەن دىنىي ئالىم، ماھىر تېۋىپ قۇتبىدىن شاھ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

تەجەللى ئوقۇش يېشىغا يەتمەي تۇرۇپلا ئاتا - ئانىسى بىلەن ھەج سەپىرىگە ئاتلانغان، ئۇ باشلانغۇچ مەلۇماتىنى مەككە مەدرىسەلىرىدە ئالغان. ئوغلىنىڭ ئىلىمگە بولغان ئوتتەك ئىشتىياقىنى كۆرگەن ئاتىسى سەئىد قۇتبىدىن شاھ ئۆز پەرزەنتىنى يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشى قىلىپ يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە، ئوغلىنى ھىندىستانغا ئېلىپ بېرىپ، دېھلى شەھىرىدىكى داڭلىق مەدرىسە دارۇلئۇلۇمدا ئوقۇتقان. ئالىم دارۇلئۇلۇمدىكى ئوقۇشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئىراننىڭ دارۇلفۇنۇنىدا، كېيىنچە ئافغانىستاننىڭ كابۇلدىكى دارۇلفۇنۇندا ئوقۇپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. تەجەللى كۆپ دۆلەتتە كۆپ خىل مەدەنىيەت بىلەن تونۇشۇشتىن سىرت، ئەرەب، پارس، ئوردۇ، ھىندى تىللىرىنى مۇكەممەل ئۆگەنگەن. بۇنىڭ بىلەن قانائەت قىلىپ قالمىغان تەجەللى خىمىيە، تېبابەت، ئىلمىي نۇجۇم، تارىخ، لوگىكا، تىلشۇناسلىق، جۇغراپىيە قاتارلىق ئىلىملەرنىمۇ پۇختا ئىگەللىگەن.

ئەدەبىياتقا بولغان ئوتتەك ئىشتىياقى تەجەللىنى دۇنيا ئەدەبىياتى ۋە شەرق ئەدەبىياتىغا سۆرەپ كىرگەن. بۇ ئوتتەك ئىشتىياقىنىڭ تۈرتكىسىدە تەجەللى بارغان دۆلەتلەردە ھەرخىل تىلدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەدەبىي ئەسەرلەر بىلەن تونۇشۇپ، ئۇ ھەقتە ئىزدىنىپ تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. بۇ خىل ئىزدىنىش ۋە يۈكسەك ئىلمىي نەتىجىسى بىلەن شۇ زاماندىكى ئەڭ يۇقىرى ئۇنۋان ھېسابلىنىدىغان «مەۋلەۋىي[**]»لىك ئۇنۋانىغا نائىل بولىدۇ. ئوقۇشىنى ئەلا نەتىجە ۋە يۇقىرى ئۇنۋان بىلەن تۈگەتكەن تەجەللى مەككە، مەدىنە، تۈركىيە قاتارلىق كۆپلىگەن دۆلەتلەرنى ئايلىنىپ سودا - سېتىق ۋە ساياھەت بىلەن خېلى بىر مەزگىلگىچە چەتئەلدە تۇرۇپ قالىدۇ.

ياشلىقىنىڭ ۋە ئىلمىنىڭ تازا قىران ۋاقتىغا يەتكەن تەجەللى يۇرتقا بولغان ئوتتەك سېغىنىش ئىچىدە، ئاتا - ئانىسى بىلەن يۇرتقا قايتىدۇ. يۇرتقا قايتىش سەپىرىدە ئانىسى

[*] شۇ دەۋرىدە قاغىلىق خوتەنگە تەۋە ئىدى.
[**] دىيارىمىزدا ھىندىستاندا دىنىي ئىلىم ئالغانلارنىمۇ مەۋلەۋىي دېيىش ئومۇملاشقان.

بۇۋى گۈلسۈم خېنىم بەختكە قارشى پاكىستاننىڭ گىلگىت شەھىرىدە ۋاپات بولىدۇ. يەكەن دەرياسىدىن ئۆتىدىغان ۋاقىتتا بارلىق بىساتى سۇغا غەرق بولۇپ دادا - بالا ئىككىسى جېنىنى ئاران قۇتۇلدۇرىدۇ. مۇسىبەت ئۈستىگە مۇسىبەت تارتقان، ئۇزۇن ۋاقىت سەپەر قىلىپ يول ئازابى تارتقان يىگىرمە نەچچە ياشلىق بۇ يىگىت غەم - قايغۇ ئىچىدە يەكەنگە كېلىپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە چۈشىدۇ.

تەجەللى يۇرتىغا قايتىپ كېلىپلا مول بىلىمى ۋە ئىستېداتى بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ياقتۇرۇشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. يازغان شېئىرلىرى ۋە سۆزلىگەن ئۆتكۈر پىكىرلىك نۇتۇقلىرى ئەل ئارىسىدا كەڭرى تارقىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمران ياقۇپبەگ تەجەللىنىڭ نامىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يەكەن ۋالىيسىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئەل ئارىسىدا تونۇلۇشقا باشلىغان ئىستېداتلىق تەجەللىنى ياخشى كۈتۈۋېلىشقا بۇيرۇيدۇ. يۈكسەك ئىستېداتى بىلەن خەلقنىڭ قوللىشى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن تەجەللى يەكەندىكى «يېشىل مەدرىسىگە» مۇدەررىس بولۇپ تەيىنلىنىدۇ.

تەجەللىنىڭ كىچىك تۇرۇپلا خەلق ئارىسىدا زور ئىناۋەت قازانغانلىقىغا چىدىمىغان بىر تۈركۈم ھەسەتخور، بىدئەتخور مەخلۇقلار تەجەللىنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى چۈشۈرۈشكە، ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىدى. بۇ جەرياندا يەتكۈچە ئازاب - ئوقۇبەت تارتقان بۇ ياش يىگىت نامەردلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قورقماي بۇلارغا قارشى قەلەم شەمشىرى بىلەن كۈرەش قىلىپ، بۇلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ بېرىدىغان ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. «نامەرد دوستۇڭ بولغۇچە مەرد دۈشمىنىڭ بولسۇن» دېگەندەك بۇ نامەردلەرنىڭ توختاتمىغان زەھەرلىك ھۇجۇملىرىدىن ئامان قېلىشقا كۆزى يەتمىگەن تەجەللى شۇ ۋاقىتتىكى يېقىن بۇرادىرى مۇتىۋۇللا ئەلەم دېگەن كىشىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە يەكەننى تەرك ئېتىپ، تۇغۇلغان ئانا يۇرتى بولغان قاغىلىققا كېلىپ زۇڭلاڭ يېزا ئايكەن كەنتىگە ئورۇنلىشىدۇ. كېيىنچە ئۇ يەرنى تەرك ئېتىپ بورا كەنتىدە تۆت يىلدەك تۇرىدۇ.

نادانلىق ۋە خۇراپات ئەۋج ئالغان بىر دەۋردە ياشىغان تەجەللى ئۆز يۇرتى قاغىلىقتىمۇ مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ھۇجۇم نىشانىغا ئايلىنىپ قالغان. تەجەللىنىڭ ئېغىر كۈندە قالغانلىقىنى ئاڭلىغان گۇمالىق يېقىن بۇرادىرى، يېتىشكەن ئەدىب ئىسمائىل ھاجىم تەجەللىنى گۇماغا تەكلىپ قىلغان، تەجەللى يېقىن بۇرادىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن گۇمانىڭ كىلياڭغا كۆچۈپ كېلىپ، بىر مەزگىل شۇ يەردە ئىلىم تارقىتىش ۋە تېۋىپلىق بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن يەنە قاغىلىق خەلقىنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن قاغىلىققا قايتىپ كېلىپ، ئىلمىي تەتقىقات ۋە تېۋىپلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

تەجەللى ھەزرىتىم تېبىبىي ماھارىتى بىلەن خەلق ئارىسىدىكى ھەر تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى داۋالىغان. جۈملىدىن ھازىرقى دەۋرىدىمۇ داۋالاپ ساقايتىش تەس ھېسابلىنىدىغان يۈرەك، ئۆپكە كېسەللىكلىرىنىمۇ داۋالاپ ساقايتقان. راك كېسىلىنى يىلان گۆشى ۋە زەھىرى بىلەن داۋالىغان. نۇرغۇنلىغان ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ھەرخىل دورىلارنى ياساپ چىقىپ خەلقنىڭ زور ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

## تەجەللىنىڭ ئىلمىي ئىجادىيەتلىرى

دۇنياغا داڭلىق مەشھۇر ئالىم، ئەللامە زەمەخشەرىينىڭ «تەپسىرى كەششاف» ناملىق قۇرئان كەرىم تەپسىرىنى قايتا يېڭىلاپ يازغان. تەجەللى بۇ كىتابىغا «تەجدىدى كەششاف» دەپ ئىسىم قويغان.

ئوسمانلىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى خەلىپىسى ئىككىنچى ئابدۇلھېمىتخانغا تەقدىم قىلغان «رەيت» ناملىق توپلام، تەجەللىنىڭ قەلبىدىن چاقناپ چىققان ئوتلۇق يالقۇنىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

تەجەللىنىڭ شاگىرتى گۇمالىق مەشھۇر ئالىم ئابدۇجېلىل داموللامنىڭ ئوغلى، داڭلىق ئالىم، قاغىلىق چوڭ جامەنىڭ ئىمامى ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم تەييارلاپ نەشر قىلدۇرغان تەجەللى - مۇجەللى ناملىق ئەسەرمۇ تەجەللىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرىدۇر. بۇ كىتابتا قوشۇمچە تەجەللىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ۋە بىر قىسىم ئەسەرلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ .

ئۇنىڭدىن باشقا تەجەللىنىڭ تېبابەت ۋە شېئىرىيەت ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرىدىن «بەرق تەجەللى»، «سەبەقە مۇجەللى»، «دىۋان ئەرەب»، «تۆھپەتۇل بەھرەين»، «تەجەللى نۇسخىلىرى»، «شىپايى سىيادادى»، «مۇجەررىباتى تەجەللى»، «شىپايى شەيخ»، «مۇرەببى تەجەللى»، «مۇجمەئەتۇل قەسائىد»، «سەبدەر نامە»، «تىلسىم ئىشق»، «ساقى نامە»، «مۇرەققى كەلىمە شېرىف» قاتارلىق توپلام ۋە كىتابلىرى ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىدىكى قىممەتلىك بەدىئىي يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ.

تەجەللىنىڭ ئەسەرلىرى ئەرەبچە، ھىندىچە، پارسچە، ئۇيغۇرچە قاتارلىق ھەرخىل تىللاردا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرى ئوي - پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تىلىنىڭ گۈزەل نەپىسلىكى، ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ سەرخىللىقى قاتارلىق خۇسۇسىيىتى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ.

## تەجەللىنىڭ دىنى ۋە پەننى شاگىرتلىرى

گۇمالىق ئابدۇجېلىل داموللام، ئاتۇشلۇق ئابدۇقادىر داموللام، تاتار ئالىمى مۇسا جارۇللا، يەكەنلىك سالىھ داموللام، زىرىپ قارى ھاجىم، «زىرىپ قارى ھاجىمنىڭ قۇرئان تەپسىرى چاغاتاي تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى بويىچە 2019 يىلى تۈركىيەدە نەشرىدىن چىقتى» قەشقەرلىك ئابدۇقادىر زىيائى، پوسكاملىق ئىسراپىل داموللام، تۇرپانلىق مۇتىۋۇللا ئەلەم، قاغىلىقتىن ئابدۇۋايىت قازاخۇنۇم قاتارلىقلار تەجەللىنىڭ دىنى ۋە پەننى ئىلىمدىكى شاگىرتلىرى ئىچىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىرى بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا مىڭلىغان شاگىرتلىرى باردۇر.

## تەجەللىنىڭ تىبابەتتىكى شاگىرتلىرى

خوتەن ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسىدىكى 125 يېشىدا ۋاپات بولغان مۇدىر ۋىراچ داڭلىق پىشقەدەم تېۋىپ تۇردى ھاجىم، قاغىلىقتىن يۈسۈپ ئەپەندىم، ياسىن ئاخۇن داموللام، سەيدىن ئەپەندىم، سادىق مەخسۇم، گۇمادىن مەھمۇد ھاجىم، ئىبراھىم ھاجىم، قەشقەردىن يۈسۈپ ھاجىم، مۇسا ئاخۇنۇم قاتارلىقلار تىبابەتتىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك شاگىرتلىرىدۇر.

بىر ئۆمۈر ھاياتىنى ئىلىمگە بېغىشلىغان، ئىسلام دىنى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر تىبابىتى قاتارلىق ساھەلەردە يۈكسەك چوققىغا ئۆرلىگەن، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ۋە جىسمانىي ساغلاملىقى ئۈچۈن تىرىشقان، كۆپلىگەن شاگىرت ۋە كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان ھۆسەيىنخان تەجەللى مىلادىيە 1927 - يىلى (ھىجرىيە 1345 - يىلى) رامىزان ئېيىنىڭ 11 - كۈنى سەيشەنبە 73 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن قاغىلىق ناھىيە يېتىملىقۇم يېزا كاسكى مەھەللىسىدە ۋاپات بولغان.

مەرھۇم ۋاپات بولغىنىدا نامىزىغا كېلىدىغانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن مەرھۇمنىڭ مېيىت نامىزى ئىككى كۈن كېچىكتۈرۈلگەن. مېيىت نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، نامازغا كەلگەنلەر ئارىسىدا مەرھۇمنىڭ مېيىتىنى قەيەرگە قويۇش ھەققىدە بۈيۈك بىر غوۋغا چىققان بولۇپ، يەكەنلىكلەر «يەكەنگە دەپنە قىلىمىز» دېسە گۇمالىقلار «گۇماغا يۆتكەپ كېتىمىز» دەپ تارتىشقان. قاغىلىقلار بولسا قاغىلىقتىن باشقا يەرگە يۆتكەشكە رازى بولمىغان. شۇ ۋاقىتتىكى بۈيۈك ئالىملاردىن راشىدىن مۇفتى ھاجىم مەرھۇمنىڭ «ئامانەتنى قەيەردە تاپشۇرسام شۇ يەردە ياتاي» دېگەن ۋەسىيىتىنى ئىجرا قىلىشنى ئېيتىپ ھەرقايسى تەرەپلەرگە خىزمەت ئىشلەپ غوۋغانى پەسەيتكەن. مەرھۇمنىڭ مېيىتى ۋاپات تاپقان كاسكى مەھەللىسىدىكى كاسكى مازىرىغا دەپنە قىلىنغان.

### پايدىلانغان ماتېرىياللار

مۇختەر مامۇت مۇھەممەدى يازغان «ئۇلۇغ ئالىم ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى» ناملىق ماقالە. مىراس ژۇرنىلىنىڭ 2009 - يىللىق 1 - سانى

ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم تۈزگەن «تەجەللى – مۇجەللى» ناملىق كىتاب.

## «بەرقى تەجەللى» ۋە «سەبقى مۇجەللى»*

تەجەللى

مەشھۇر ئالىم، ئاتاقلىق شائىر، داڭلىق تېۋىپ ۋە مائارىپچى ھۆسەيىنخان ئەكبەر تەجەللى (1848 – 1927) ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى ھالقىلىرىدىن بىرىدۇر. تەجەللى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان ئىشتىياقى ۋە شېئىرىيەت ساھەسىدىكى ماھارىتى، مول مەزمۇنلۇق ئەرەب، پارس، ئۇيغۇر ۋە ئوردۇ تىللىرىدا كۆپلىگەن غەزەل ۋە قەسىدىلەرنى يېزىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بەدىئىي تالانتىنى نامايان قىلىپ شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان دىيارىدا « تەجەللى (يېتۈك شائىر)» دەپ داڭ چىقارغان.


ذلک فضل الله یؤتیه من یشاء والله ذو الفضل العظیم
برق تجلی و سبق مجلی

«بەرقى تەجەللى» ۋە «سەبقى مۇجەللى» ناملىق دىۋانىنىڭ مۇقاۋىسى

تەجەللىنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى بولغان «بەرقى تەجەللى» ۋە «سەبقى مۇجەللى» ناملىق دىۋانى ھىجرىيە 1317 -يىلى (مىلادىيە 1899 -يىلى) 43 يېشىدا ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن باھاۋۇدۇن باينىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن قۇرۇلغان قەشقەردىكى «مەتبەئى خۇرشىد» مەتبەئەسىدە بىر تۇم ھالىتىدە 1000 دانە بېسىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ قولىمىزدىكى نۇسخىسى 1981 - يىلى 8 - ئايدا ھاجى مىرزا ئەخمەدبەگنىڭ ياردىمى بىلەن ئىستانبۇلدىكى «كوشاك ئوفسەت» مەتبەئەسىدە 1000 نۇسخا كۆپەيتىلگەن.

«بەرقى تەجەللى» ناملىق ئەسەردە، تەجەللىنىڭ پارسچە ۋە ئۇيغۇرچە شېئىر ۋە قەسىدىلىرى يەر ئالغان.

* تەجەللى ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ مەلۇمات ئۈچۈن قاراڭ: ئالىمجان بۇغدا http://www.uygurarastirmalari.com/arsiv/02_2018/12-2018. pdf

بىرىنچى قەسىدە پارسچە خوجا ھاپىز شىرازىي (1315-1390) ھەققىدە بايان بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئارقىسىدىنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە خۇلەپائى راشىدىن ساھىبى ھەققىدە مەدھىيە بىلەن داۋام قىلغان. يەنە پارسچە شېئىرلىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە ساقلانغان ناچار قىلىق ۋە ئادەتلەرنى تەنقىد قىلغان.

ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا «قەشقەرەست» ماۋزۇسى ئاستىدا قەشقەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلغان. «بەرقى تەجەللى»دە ئۇيغۇرچە شېئىرلارغىمۇ يەر بەرگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئەسەرنىڭ گىرۋەك ۋە چەت قىسىملىرىدا يەر ئالغان.

«سەبقى مۇجەللى» ناملىق ئەسەردە بولسا، تەجەللىنىڭ كۆپىنچە ئەرەبچە ۋە بىر ئىككى پارسچە شېئىر ۋە قەسىدىلىرى يەر ئالغان. ئەسەردىكى مەزمۇن «سەبقى مۇجەللى» نىڭ ئۇسلۇبىدا يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن سىرت ئەسەردە تەجەللىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاندىكى ئۇستاز ۋە ساۋاقداشلىرى بىلەن يېزىشقان مەكتۇپلار ۋە تەجەللى ھەققىدىكى شېئىرلار يەر ئالغان. يەنە ئەسەردە «خانلىق مەدرىسە»نىڭ رېمونت ھەققىدىكى شېئىرلار بىلەن سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مەقبەرىسىنى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن يېڭىلاتقان باھاۋۇدۇن باينىمۇ مەدھىيىلىگەن شېئىرلارغا يەر بەرگەن.

تەجەللىنىڭ «بەرقى تەجەللى» ۋە «سەبقى مۇجەللى» ناملىق دىۋانىنىڭ نەشر قىلىنىشى بىلەن، ئۇنىڭ شان- شۆھرىتى شەرقىي تۈركىستان ۋە ھەتتا غەربىي تۈركىستانغا قەدەر تارقىلىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ۋە مەدرىسەلەردىمۇ ئەدەبىيات دەرسى سۈپىتىدە ئوقۇتۇلغان. قاغىلىقتىكى ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ھاجىم بۇ ئەسەرنى 1982 - 1990 - يىللىرى ئارىسىدا ئۆزىنىڭ مەدرىسەسىدە ئوقۇتقان ۋە تالىپلىرىغا ياد ئالغۇزغان.

تەجەللىنىڭ پارسچە «قەشقەرەست» قەسىدىسىنىڭ ئۇيغۇرچە يەشمىسىنى «ئىزدىنىش ژورنىلى»نىڭ بۇ سانىدا ئوقۇرەن بەردۇق.



«قەشقەر» قەسىدىسىنىڭ پارسچە يېزىلغان ئەسلى نۇسخىسى

## گۈزەل قەشقەرنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا (ئاللاھ يامانلىق ۋە نەزەردىن ساقلىسۇن)

# تەجەللى ھەزرەتىنىڭ «قەشقەر»ھەققىدىكى قەسىدەسى*

پارسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان بۇغدا

خىزىرنىڭ روھى قەشقەرنىڭ مۇقەددەس سۈيىدۇر،
خىزىر سۈپىنىڭ خۇسۇسىيىتى قەشقەر تۇپرىقىدۇر.

چۈنكى، جەننۇتۇ-رىزۋان قەشقەر ئۈستىگە چۈشكەندۇر،
بۇ دۇنيانىڭ ھۆسنى- جۇلاسى قەشقەر سۈيىدۇر.

ئۆزگىچە نازىنىپ دۇنيانىڭ ئايلىنىدىغان پەلەك شوتىسى،
شانۇ - شەۋكەتلىك قەشقەرنىڭ سايىسى ئاستىدادۇر.

خىزىرنىڭ كۆز–ياشلىرىغا دىققەت بىرلە نەزەر سالكى،
ئۇ مۇقەددەس قەشقەر زېمىنىغا تۆكۈلۈپ جارى بولغاندۇر.

ئىشق مەنبەسى قەلبتىن، گۈزەللىك مەنبەسى بولسا ئىشقىدىن،
قەشقەرنى قولغا ئېلىش جانانىنىڭ ئايدەك گۈزەللىكىدۇر.

زېمىن شادلىقى، بەرىكەت تۇپرىقى، تەقدىرنىڭ كۈرسى،
شان - شەرەپلىك، ئەزىزانە قەشقەرنى تىلغا ئېلىشتۇر.

مۇسانىڭ تامامى خىسلىتى گۈزەل چاقماقلىرى بىرگە،
تۇر تېغىدا پارقىراپ ھىجابىنى ئاچقان جاي قەشقەردۇر.

خۇسۇسەن بۇ پەسىلدىكى باھارنىڭ مەيىن شامىلىدا،
قەشقەر ياشلىرىنىڭ ھەسسىلەپ گۈزەللىكى ئاشىدۇ.

جۇشقۇنلۇق ۋە راھەت – پاراغەتلىك گۈزەل تۇرمۇش،
شېرىن سۆز، مۇھەببەت مەجنۇنى قەشقەر شارابىدادۇر

گۈزەللىك شارابى بۇ تۇپراقتا ئۇ قەدەر تۆكۈلگەنكى،
ئۇنىڭ زاتى، مېھرى قەشقەر كاۋابىدا نامايان بولىدۇ.

ئىرەم باغىنىڭ زىننىتىنى تاقىغان مىڭلىغان قىز – چوكانلار،
ئەزىزانە قەشقەر گۈمبىزى تەرىپىگە قاراپ ھەرىكەتلىنىدۇ.

جاننى روھلاندۇرىدىغان سۇ ۋە ھاۋا ناھايىتى ساپكى،
ئۇنىڭ روھىنىڭ يارتىلىشى قەشقەرنىڭ تۇپرىقىدۇر.

ئۇنىڭ تۇپرىقىنىڭ يېشىل رەڭلىك ۋە جانغا مەدەت بولۇشىغا،
شۇ يېتىدۇكى، ئۇنىڭدا خۇددى قەشقەر گۈمبىزىدەك خىزىر ئىزى باردۇر.

ئەزىزانە قەشقەر نىسۋىسى ۋە قەشقەرنىڭ چوڭلۇقى،
سەككىز بېھىش جىلۋىسى ۋە يەتتە پەلەك مىقداردۇر.

ئەزىزانە قەشقەر قوياشىنىڭ ئايلىنىش مەركىزىدىكى ھادى،
زاتى مۇبارەك ئاپپاق خوجىنىڭ نۇرلۇق گۈمبىزىدۇر.

چۈنكى ئۇ قەشقەردە بىر بولۇپ، قەشقەر مېھرىبانلىقى،
بۇلۇت پەيزلىرىنىڭ سايىسىدىكى كىشىگە ئوخشايدۇ.

ئالەمنىڭ تاللانمىسى مانا بۇ سىرلىق يىگىرمە نۇسخا بولۇپ،
ئۇنىڭ ئەڭ يۈكسەك چوققىسى ئەزىزانە قەشقەرنى تاللاشتۇر.

ياخشى ئەدەپ – ئەخلاقلارنى كەسپ قىلىش بىلەن بىرلە،
دۇنيا خوجىسى بولغىنىكى بۇ ھەقىقەت قەشقەر كىتابىدا باردۇر.

ئۇ ئەزىزانە قەشقەر مەردانىلىرىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى،
زېرەكلىكىگە ھېچ مىسال تاپقىلى، جاۋاب قايتۇرغىلى بولماس.

ئۇنىڭ پەزىلەت ئەھلىلىرى توغرىسىدا قانداقمۇ سۆز قىلايكى،
ئۇلارنىڭ ھەر بىرى مىڭلىغان دەھر ۋە بىرى پۈتۈن قەشقەر ئورنىدا تۇرسا.

ئۇلارنىڭ قايسى بىرىنى مەدھىيەلەيمەن، ھالبۇكى ئۇلارنىڭ ھەربىرى،
خۇددى سۈبھىدەك قەشقەرنىڭ سۇ – تۇپرىقىنىڭ ساپ ۋە ساداقەت
مېھرىدىندۇر.

دەلىل–پاكىت كۆرستىلدى، ئەمما بۇنىڭ بۈيۈكلۈكىگە شۇ كافىكى،
سېنىڭ ئاجايىپ ئىنتىزامىڭ ئەزىزانە قەشقەر دەرۋازىسىدۇر.

* بۇ قەسىدىنىڭ نەسرىي تەرجىمىسىنى تەييارلاشتا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن سۆز- ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىشكە ۋە مەزمۇننى تولۇق ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىلدى. بۇ سەۋەبتىن ئەسلىدە يېزىلغان شېئىرىي شەكلىدە ئۆزگىرىش بولدى. كەمچىللىكلەرنىڭ بولۇشى تەبئىي ۋە ھەر خىل تەكلىپ پىكىرلەرنى سەممىيلىك بىلەن قوبۇل قىلىمىز.

# تەجەللى ھەزرەتنىڭ مەۋلانا مۇھەممەد يولداشقا يازغان قەسىدىسى

يەشمىسى: ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇمھاجىم

قىشتا ساقى باھار كۆرگۈم بار،
مەي گۈلگۈندىن ئاچىلۇر بۇ باھار.

يەشمىسى:
(ئەي ساقى، قىش پەسلىدە باھار كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمەن. مەن ئىزدىگەن باھار – قىزىلگۈلگە ئوخشمايدىغان قىزىل شارابتىن تېپىلىدۇ)

سەن فەراموز بولكە باشىمغە
گورر بەررۇ مىسال توشتى خۇمار.

يەشمىسى:
(سەن فەراموز بولغىنكى، بېشىمغا بەررۇ ئاتلىق قەھرىماننىڭ چومىقىدەك كۈچلۈك خۇمار چۈشمەكتە)

تۇت سەبوھى ماڭا كىم ئەۋۋەل شام،
سۇبھى ئېرور بەرق ئۇرۇپ تەبەسسۇمى يار.

يەشمىسى:
(يارنىڭ تەبەسسۇمى چاقنىغاچ، غەم-قايغۇنىڭ شام زۇلمىتى شادلىقنىڭ تىڭغا ئايلىنىدۇ)

بادەمنىڭ قەدرو ھۇرمىتى ئەفزۇن،
ھەم مىنىڭ زەۋقو رغبەتىم بىسيار.
يەشمىسى:
(شارابىنىڭ ھۆرمىتى بەكمۇ زىيادە ھەم ئۇنىڭغا مىنىڭ زەۋقى-ئىشتىياقىممۇ كۆپ)

تاماسۇن يەرگە قەترەئى سەھبا
يانە بولسۇن پىيالە ھەم سەر شار.

يەشمىسى:
(يەرگە شارابىنىڭ بىر تامچىسىمۇ تاممىسۇن، ھەم پىيالىمۇ -بىسىقىش- بولسۇن)

بادە گۈل بۇي بولۇپ سەنەم گۈلروي
يازۇ- قىشدۇر ھەمىشە ماڭا باھار.

يەشمىسى:
(شارابىنىڭ بويى قىزىلگۈلدەك خۇشبۇي بولسۇن؛ نازىنىن يار قىزىلگۈلدەك يۈز بولسۇن، بۇنداق بولغاندا قىش بىلەن ياز مەن ئۈچۈن داۋاملىق باھاردەك گۈزەل بولۇپ كېتىدۇ)

بوم ئاۋازىدۇر رىيائى زىكر
دىلنى چۆل قىلغۇسى ئۇل ئاخىر كار.

يەشمىسى:
(كىشى كۆرسۇن دېگەن نىيەت بىلەن قىلغان زىكىر تەسبىھەلەر- ئاقىۋەت دىلنى خارابلاشتۇرىدۇ)

دەير ئىچىدە نەۋا چىكار ئۇششاق
خوش ھىميون نىجوككە مۇسقار.

يەشمىسى:
(ئاشىقلار مەيخانىدا خۇشلۇق بىلەن ناۋا- سازىنى چالىدۇ- مۇسقار ناملىق سازچى قۇشتەك)

ھەر ئىككىسى ھارام غەفلەت ئىلە
نەغمە چەنگ ۋە سەيھەئى ئەز كار.

يەشمىسى:
(چاڭنىڭ ساز ئاۋازى ۋە خۇدانىڭ زىكرىنىڭ ئاۋازى دىلنىڭ غاپىللىقى بىلەن بولسا، بۇنىڭ ھەر ئىككىسى ھارامدۇر)

سەيد ئۈچۈن سوبھە دام قۇرماقتىن
فەرىز ئېرۇر تەۋبە ۋاجىب ئىستىغپار.
يەشمىسى:

(كىشلەرنىڭ ئىخلاس- مۇھەببىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەسۋىنىڭ قىسمىقىنى قۇرماقتىن – تەۋبە ئىستىغپار قىلىش پەرز بولغان ئىشلاردىندۇر)

دەر يامان ئىشق بازلىقنى فەقىيە
ياخشىمۇ كىبرو نەخۋە توپىندار.

يەشمىسى:
(ئىشقۋازلىقنى ئالىملار يامان، دەيدۇ. ئۇنداق بولسا، كىبىر قىلىش، مەغرۇرلىنىش ياخشىمۇ؟)

مەيلى گۈل رەك تەمى بولسە ئاچىغ
جىفئە غەيبەت ئۇلدىمۇ خوش خار.

يەشمىسى:
(قىزىلگۈل رەڭلىك شاراب تەمسىز بولسا، غەيۋەت قىلىش بىلەن كىشلەرنىڭ گۆشنى يېيىش تاتلىقمۇ؟)

تەڭرىنىڭ رەھمىتى مۇدۇر مەخسوس
كەرەمغە راۋامدۇر ئىنكار.

يەشمىسى:
(تەڭرىنىڭ رەھمىتى بىر خىل كىشلەرگىلا خاسمۇ؟ ئاللاھنىڭ كەڭچىلىكىنى ئىنكار قىلىش توغرىمۇ؟)

بارچە سىراپ ئۇلۇر ياغىن ياغا
گۈلۈ رەيھان قاتارىدە خەسۇ خار.

يەشمىسى:
(يېغىن ياغقاندا گۈل- رەيھانلار قاتارىدا بارلىق تىكەن ئوتلارمۇ سىراپ بولغاندەك، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ياخشى – يامان ھەممىسىنىڭ نېسىۋە ئېلىش ئۈمىدى بار)

.... .... ....
.... .... ....

مەندە يوق دام سۇبھەۋۇ دەفتەر
مەندە يوق رەڭگى خىرقەۋۇ دەستار.

يەشمىسى:
(مەندە كىشلەرنى ئالدايدىغان تەسۋى، دەپتەرلەرمۇ يوق؛
مەندە ئۆزۈمگە يالغاندىن رەڭ بېرىدىغان تون، سەللىمۇ يوق)

ئەھلى دەئۋا چالىپ نەققارەلىرىن
مەنى خامۇش ئىلە قىلۇر مىنقار.

يەشمىسى:
(قۇرۇق ئىلىم دەۋاسىنى قىلىدىغان ئالدامچىلار – يۇۋاش، خامۇش تەجەللىگە جەڭ ئېلان قىلىش ناغرىلىرىنى چالماقتا)

رىنىنى ئازادە مەن سۆزۈم مەيى ناب
غەرەز ئالودە ۋە ئىزدىن بىزار.

يەشمىسى:
(بارلىق پەسكەش غەرەزلەردىن ئازادمەن. سۆزلىرىم مەيدەك تەسىرلىكتۇر. غەرەزلىك ۋەز- نەسىھەتلەردىن بىزار مەن)
.......................
.......................
ئى تەجەللى، سەن ئۇرما تەنە ماڭا
كىم بولۇپمەن سەلاھ ئەھلىدە خار.

يەشمىسى:
(ئەي تەجەللى، سەن ئەھلى سالاھ دەپ ئاتالغان نامدارلار ئارىسىدا خار كۆرۈلگەنلىكىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭگە تەنە – مالامەت قىلما!)

خار كۆرسە سەلاھ ئەھلى نەغەم
كىم خارابات ئىچىدە قەدرىم بار.

يەشمىسى:
(ئەھلى سالاھلار مېنى خار كۆرسە ھېچ غېمىم يوق. چۈنكى خاراباتلار ئىچىدە مېنىڭ قەدرى- قىممىتىم بار)
.................
.................
ھەزرىتى مەۋلەۋى مۇھەببەتىندۇر
مېنى مەست ئەتكەن ئول مەي خوش بار ھۇشيار.

يەشمىسى:
(مېنى مەست قىلغان ئۇشبۇ خوشلۇق كەلتۈرگۈچى شاراب- بۇرادىرىم ئۇلۇغ ئالىمنىڭ مۇھەببىتىدىن ئىبارەتتۇر)

ئول ئەبولفەيز مەۋلەۋى يولداش
ئەسمەئى مەنتىقى فۇزەيل ئەتۋار.

يەشمىسى:
(ئۇ شۇل ئالىمنىڭ ئىسمى- ئەبۇل فەيزى مەۋلىۋىدۇر. ئۇ سۆزنىڭ پاساھەتلىكلىكىدە ئەسمەئى ناملىق تارىخشۇناس يازغۇچىغا ئوخشايدۇ. ياخشى ئەخلاقتا فۇزەيل نامىلىق گۆزەل ئەخلاقلىق ئالىمغا ئوخشايدۇ)

ئىلىم كوھى ئىرۇر ۋەلى راسىخ
جود بەھرى دۇرۇر ۋەلى زەخخار.

يەشمىسى:
(ئۇ ئىلىم-مەرىپەتتە مۇستەھكەم تاغقا ئوخشايدۇ، سېخىيلىقتا تولغان دېڭىزدەكتۇر)

فەھىم ئالدىدا يوق ھەكىغە سۆز
تۈيغۇن ئالدىدا دۇر ھەقىرۇ ھەقار.

يەشمىسى:
(ئەقلىنىڭ ئۆتكۈرلىكىدە، تۈيغۇنلۇقتا ھېچ بىر ھېكىم ئۇنىڭ ئالدىدا سۆزلىيەلمەيدۇ، بەلكى ھەقىرلىق ھالدا تۇرىدۇ)

بولسا بۇ كۈندە گەر غەزالى ئاڭا
ئەرسالان دەپ قىلۇر ئىدى ئىقرار.

يەشمىسى:
(ئەگەر بۇ كۈندە ئىمام غەزالى نامىلىق ئالىم ھاياتتا بولسا ئىدى، ئىلىم مەيدانىدا بۇنىڭ باتۇر يولۋاسلىقىنى ئېتىراپ قىلغان بولاتتى)

كىلكى نەخلى كەلىم ئىرورگە توشەر
كۆرسە ئانى زەمەخشەرى غەشرار.

يەشمىسى:
(ئۇنىڭ قەلىمى مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ھاسىسىدەك مۆجىزە ئىجاد قىلغۇچى قەلەمدۇر. ئۇنى ئەگەر زەمەخشەرى دېگەن ئالىم كۆرسە ئىدى، ئۇنىڭ قەلبىگە ئىشتىياق يالقۇنى چۈشەر ئىدى

خىزرۇ مۇسا كەبى موسەللام ئاڭا
ئىلمۇ ئىرفان جاھانى ئىچرە سىمار.

يەشمىسى:
(ئىلىم- مەرىپەت دۇنياسىدا ھەر قانداق ھەققەتنى كەشىپ قىلىشتا ئاڭا بارلىق ئالىملار تەسلىم بولىدۇ- خىزىر پەيغەمبەر مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىگە تەسلىم بولغاندەك)
مىدھەتى نەغمەسىن ئادا تاپماس
سۆز بولۇپ مەسنەۋى قەلەم مىزمار.

يەشمىسى:
(مەسنۇۋى دېگەن چوڭ كىتابتەك توملارغا ئۇنىڭ ھەققىدىكى
مەدھىيەلەرنى يېزىپ، بۇ مەدھىيەلەر سازىنىڭ ئاۋازىنى
ئاڭلىتىش ئۈچۈن قەلەملىرىنى چالغۇ نەي قىلىپ ھەرقانچە
چالسىمۇ، ئۇنىڭ تەرىپىنى بايان قىلىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس)

يانىپ ئاخىر دۇئا تارا نەسىغە،
يۆتكەدىم پەردە يۈرگەدىم تۇمار.

يەشمىسى:
(شۇنىڭ ئۈچۈن مەدھىيە سازىنى توختىتىپ چالغۇمنى ئۇنىڭ
ھەققىدە دۇئا قىلىش پەدىسىگە يۆتكىدىم، تۈگىمەس مەدھىيە
تۇمارىنى قاتلىدىم)

دامە نەجمول ھودا ۋەشەمسۇ ئۇللى
مەنسەرەت زۇلمەتۇن بىزەۋۋئى ناھار.

يەشمىسى:
(ئۇنىڭ يۇلتۇزغا ئوخشايدىغان ھىدايەت نۇرى ۋە قۇياشقا
ئوخشايدىغان ئالى مەرتىۋىسى داۋام قىلغاي! تاڭنىڭ ئېتىشى
بىلەن تۈننىڭ قاراڭغۇلۇقى كۆتۈرۈلىدىغان مۇددەتلەرنىڭ
ھەممىسىدە ئىلاھىم شۇنداق بولغاي).

**مەنبە :** ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇمھاجىم نەشرگە تەييارلىغان
«تەجەللى مۇجەللى» ناملىق كىتاب.

# شېئىرلار

تەجەللى

## باشقىچە

(ناخشا تېكىستى)

غەيرىي ھۆسنىڭ ئىرۇر، سىينىڭدە ئەخلاق باشقىچە،
قامىتىڭ تارتقان ئېلىپتەك ، يەنە يۈرمەك باشقىچە.

ئېچىلۇر كۆرسەم سىنى، ھەردەمدە كۆڭلۈم ئەقدەسى،
ياخشى مىجەزىڭ بار ئىرۇر، تازا ئاق ۋە باشقىچە.

جەننەتىڭ غولمانلىرى، قىلغاي تاماشادىن راۋاق،
ھەسرەت ۋە ئەپسۇس يەپ، تاشلاپكى بەرمەك باشقىچە.

ياغسا شۇنداق مۇنكى ھەركىم، ساڭا ئوخشاپ ھەر ۋاقىت،
ئوخشىماس بولسا ئەگەر يوق، پايدا كەلمەك باشقىچە.

تەربىيەت قىلسۇن داۋاملىق، بىرلا دەۋرىڭ يارلىغى،
يەت كامالىڭغا يەنە تېزدىن، سەن ئۆسۈپ ئاق باشقىچە.

ئېپتىدائىي كۆرگىنىمدە، سەندە كۆردۈم بىر تەۋەججە،
بولسا ھەم تۇردۇم نە تەيەي، بۇ ئۆلكە قىشلاق باشقىچە.

لەۋلىرىڭنىڭ سۆزلىرى يار، يېدى لېۋمنى دەرد ئېتىپ،
ئۇشبۇ دۇنيا قەنلىرىدىن، پەرقى ياخشىراق باشقىچە.

مۇنتەزىمدۇر جىمى خوپلار، قەدىمىڭ تەرىپگە،
خىزمىتىڭ ئارزۇ قىلىپ، بەرقىغە مۇشتاق باشقىچە.

**ئىزاھات:** بۇ تېكىست «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1980 -
يىلى ساندىن ئېلىنغان.

## مۇبارەك

(غەزەل)

تىغى ھىلالە ئوخشار ئەي دىل ساڭا مۇبارەك،
ئەيدى شاھادىتىڭنى قىلسۇن خۇدا مۇبارەك.

سەن شەيخ زوھدىشۇد، مەن رىزى ئىشق پىشە،
كەۋسەر ساڭا مۇسەللەم سەھبا ماڭا مۇبارەك.

مەيخانە ئەھلى بولكىم مۇتلەق سائادەت ئاندا،
كىم زوھد مۇھتەمىلدۇر، ياشۇم يا- مۇبارەك.

گۈلگۈنە قويمىش ئۇل ماھسەن پاناباتىڭ ئەي كۆز-
مىژگانىڭ ئىلكى ئۇررە رەڭگى ھىنا مۇبارەك.

ئالىمغا چىقتى ئۇل ماھ بولدى رەقىب ھايىل،
گويا خۇسۇبىدۇر بۇ يۈز قارەنا مۇبارەك.

بول رەنىڭ بىرلە چىقساق ئالەمگە ئوت ياقارسەن،
ئى شوخ سەرۋ قامەت گۈلگۈن قابا مۇبارەك.

سەن شوخ مەس قاتىل مەن ئاشىقى رىزاجۇي،
سەندىن جاپا مۇناسىپ مەندىن ۋاپا مۇبارەك.

ئۇشاق زولغۇ چەشمىڭ بولسا ۋە پىتنە،
بول پىتنە ھەم ھومايۇن ھەم ئوغۇل بالا مۇبارەك.

بۇسە سوئالىن ئەتسەم خامۇش ئولوركى گويا،
زەئىمدەدور «نەئەم» شۇم ئانداغى «لا» مۇبارەك.

ھەر دەردۇ غەم كى ئانى، ئىشقى كى دىن ئالسا ساتىپ،
كۆڭلۈم سەدا چىكەر بۇ، يا سائىد مۇبارەك.

بۇ رەسىم نا مۇبارەك تەلىم كىمدىن ئالدىڭ؟
مەندىن يۈزۈڭ يوشۇردۇڭ ئى گۈل ھايا مۇبارەك.

سەرما يەئى خىرەد غەزولغۇڭ جۇنۇنى ئالدىم،
يارەبكى بولماسۇن بۇ سەۋدايى نا مۇبارەك.

ساچىڭغا خۇش ئاسلىمش كۆڭلۈم بالانى ئىستەب،
دامانىدا سەخنىڭ دەستى گەدە مۇبارەك.

يۈز قويدى خانە قاھدىن مەيخانەغە تەجەللىي،
جامى شاراب بىرلەن تەركى رىيا مۇبارەك.

**مەنبە:** «ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى» ناملىق ماقالىلار توپلىمىدىكى ئابدۇللاھ ئوسمانىنىڭ «مەۋلانە ھۇسەينخان تەجەللى» ناملىق ماقالىسى.

## فۇرقەت ساق بولسۇن

(ناخشا تېكىستى)

ئابى ھايات ئىچكەن كەبى مەسىھ قولدىن،
سېنىڭ شېرىن سۆزلىرىڭدىن تىرىلىپ كەتتىم.
فۇرقەت گويا تولا قەدەھ مەي ئۇزاتقاندەك،
سېنىڭ لەتىپ مەكتۇبىڭنى بەردى سۆيۈندۈم.

فۇرقەت قەلبلەر تېۋىبىدۇر دائىم ساق بولسۇن،
خەت تاپشۇرۇپ بېرىلدى، دىللارغا شىپا،
سەن ياخشى سۆز بۇلبۇلسەن سايراۋەر مۇدام،
بۇ ئالەمدە ناۋايىدەك قال يەكتا.

**ئىزاھات:** بۇ شېىر ناخشا قىلىنىپ 1995 – يىلى ئىشلەنگەن.

تەجەللىنىڭ قوقەندىكى مۇھىيى (مۇھى) دېگەن شائىر بىلەن ئالاقىسى بولغاچقا، فۇرقەت مۇھىيغا تەجەللىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزگەن. مۇھىيى تەجەللىگە يازغان خېتىنى شېئىر ئارقىلىق ئەۋەتىپ تۇرغان. فۇرقەت ئۇ خەتنى ئۆز قولى بىلەن تەجەللىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. تەجەللى بۇ ئەھۋالنى بايان قىلىپ (تەجەللى پارس تىلىدا كامالەتكە يەتكەن بولغانلىقتىن) پارس تىلىدا يېزىلغان بۇ شېئىرنى فۇرقەتتىن مۇھىيغا ئەۋەتكەن.

تەجەللى خەتنىڭ ئاخىرىغا ئىمزا قويۇپ، «ئۇ خەت <زۇبدەتۇل ھۆكۈما> دەپ شۆھرەت چىقارغان قوقانلىق مۇھەممەت زاكىرجان ۋاستىسى بىلەن بىزگە تەگدى تەجەللى» دەپ يازغان.







«باشقىچە» ۋە «فۇرقەت ساق بولسۇن» ناملىق شېئىرلارغا ئىشلەنگەن مۇزىكا نوتىسىنىڭ بىر قىسمى



# مەلىكە ئامانىنساخان ئىزىدا: ئۇيغۇر-ئۆزبېك خەلقىنىڭ تۇنجى ئايال كومپوزىتورى شاھىدە شاھىمەردانوۋا

نەبىجان تۇرسۇن* (ئامېرىكا)

مەركىزىي ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى ئىچىدە ئۆزبېكىستان ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي ماكانلىرىدىن بىرى بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 19 -ئەسىردىن باشلىغان مانجۇ-خىتاي ئىشغالىيىتىگە قارشى كۈرەشلىرىنىڭ مەركەزلىرى ۋە بازىلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ زېمىن ئۇيغۇرلارنىڭ 19 -ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن باشلانغان ھەر قېتىملىق قوراللىق قوزغىلاڭلىرى مەنچىڭ ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن باستۇرۇلغاندا مەنچىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىشتىن ئەندىشە قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ قېچىپ پاناھلىنىدىغان ماكانىغا ئايلانغان بولۇپ، قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوفنىڭ مەلۇماتىچە، 19 -ئەسىرنىڭ 60 -يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا پەرغانە ۋادىسىدىكى قەشقەرلىكلەر، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 300 مىڭدىن ئاشقانىدى [1].

رۇسىيە تارىخچىسى س. س. گۇبايېۋا چوقان ۋەلىخانوفنىڭ مەلۇماتلىرى ئاساسىدا- 19 ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا پەرغانە ۋادىسىدا 300مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر ياشىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ [2].

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇر ئالىمى، ئاكادېمىك غوجاخمەت سادۋاقاسوف، پەرغانە ۋادىسىدا چوقان ۋەلىخانوف قەيت قىلغان 9 مىڭ نوپۇس دولانلىقلارنى قوشۇپ، 324 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر ياشىغان، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ [3].

يەنە بىر رۇس ئالىمى ئى.ۋ. زاخورووۋانىڭ قارىشىچە،- 1860 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا قوقان خانلىقى تەۋەسىدە 250 - 200 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر ياشىغان [4].

دېمەك، 20 -ئەسىرنىڭ 20 -يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركۈم - تۈركۈملەپ، ئۆزبېكىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كۆچۈش، ياز مەزگىللىرىدە بېرىپ ئىشلەپ پۇل تېپىش، تىجارەت قىلىش ۋە ھۈنەرۋەنچىلىك قىلىش پائالىيەتلىرى ئىزچىل داۋاملاشقانىدى. ئابدۇللا روزىباقىيېف 1920 -يىللارغىچە پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنى 500-700 مىڭ ئەتراپىدا دەپ پەرەز قىلغان. ئەمما بۇ ئۇيغۇرلار 1930-1940 - يىللىرى ئارىسىدا ئاساسەن مىللىتىنى ئۆزبېككە يازدۇرۇپ، ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەنىدى.

بىراق بۇ كۆچۈشلەر 1955-1962 - يىللىرى ئارىسىدا يەنە داۋاملاشقان بولۇپ، بۇ دولقۇندا ئۇيغۇر دىيارىدىن 200 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر، قازاق، تاتار، رۇس ۋە باشقا مىللەتلەر سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كەتكەن ۋە 1962 -يىلى، 70 مىڭ ئەتراپىدا قېچىپ ئۆتكەن بولۇپ، ئەنە شۇ كۆچۈشلەردە نۇرغۇن ئۇيغۇرلار قازاقىستان، قىرغىزىستانلارغا ئورۇنلاشقاندىن سىرت يەنە ئۆزبېكىستانغىمۇ ماكانلاشقانىدى. ئۆزبېكىستان 20 -ئەسىرنىڭ 30 -يىللىرىدا پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ئەڭ گۈللەنگەن ۋە ئەڭ تەرەققىي قىلغان زېمىنغا ئايلانغان بولۇپ، تاشكەنت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئالىي مائارىپىنىڭ مەركىزى ئىدى. 1960 -يىللاردىن كېيىن تاشكەنت يەنە بىر قېتىم ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ مەركەزلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە تونۇلدى. ئەنە شۇ ئۆزبېكىستاندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 20 -ئەسىر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتىنىڭ ئاساسچىلىرى بولغان مەشھۇر ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار، ئالىملار ياشاپ ئىجاد

* تارىخ پەنلىرى دوكتورى

قىلدى. ئۆزبېكىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆزبېكلەرگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ، بۈگۈنكى كۈنلەردە سانى ناھايىتى ئاز دەپ ئېلان قىلىنسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلاردىن كۆپلىگەن پۈتۈن جۇمھۇرىيەتكە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھەتتا خەلقئاراغا تونۇلغان مەدەنىيەت ئەربابلىرى، ئالىملار ۋە باشقىلار يېتىشىپ چىققان ۋە ئۆزبېكىستاننىڭ گۈللىنىشى ۋە خەلقئارا مىقياسىدا تونۇلۇشىغا ھەسسە قوشتى.

ئۆزبېكىستاندا كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئالىملىرى، زىيالىيلىرى، سپورتچىلىرى، مەدەنىيەت ئەربابلىرى، ئەمگەكچىلىرىنىڭ نامى جۇمھۇرىيەت ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيەسىدە ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان بولۇپ، ئۆزبېكىستاندا يېتىشىپ چىققان ئاتاقلىق ناخشىچى، سەنئەتكارلار دىنيۇلدۇز ئۇسمانوۋا، غېنىجان تاشمەتوف، مەنسۇر تاشمەتوف، دىلدار ئىسلاموۋا قاتارلىقلارنىڭ نامى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە رۇسىيە خاراكتېرلىك ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشكەن، ئاتاقلىق تىجارەتچى ئالىمجان توختاخۇنوفنىڭ نامى پۈتۈن رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مىقياسىدا رىۋايەت كەبى تۈس ئالغان، سابىق سوۋېت رەھبىرى نىكىتا خرۇشوف دەۋرىمىزنىڭ قەھرىمان ئاياللىرى دەپ مەدھىيەلىگەن، پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا تونۇلغان پاختىكار، ئەمگەك قەھرىمانى تۇرسۇنئاي ئاخۇنوۋا، ئاتاقلىق فىلولوگىيە ئالىمى مۇرات ھەمرايېف، ئاكادېمىك يارمۇھەممەد مۇبارەكوف، تارىخشۇناس پىروفېسسور ماخمۇت قۇتلۇقوف ۋە ئابلاخەت خوجايېف، خېلەم خۇدابەردىيېف، كومپوزىتور شاھىدە شاھىمەردانوۋا ۋە باشقىلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئاتاپ ئۆتۈش مۇمكىن. ئەنە شۇ مەشھۇر نامايەندىلەر ئىچىدە بەزىلەر قەشقەردە تۇغۇلۇپ، ياشلىق ھاياتىنىڭ بىر قىسمىنى ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپتە ئۆتكۈزگەن، ئەمما كېيىنكى پۈتۈن ھاياتىنى ئۆزبېكىستاندا ئۆتكۈزۈپ ئۆزبېكىستاننىڭ بىرىنچى ئايال كومپوزىتورلۇق شەرىپىگە ئېرىشكەن شاھىدە شاھى مەردانوۋانىڭ مۇزىكا ھاياتى ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇر ئىككى خەلققە تەڭ بېغىشلانغاندى.

## شاھىدە شاھىمەردانوۋا كىم؟

شاھىدە شاھىمەردانوۋا، ياكى شاھىدا شايىمەردانوۋا ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەن سەنئەت ئەربابى، بۈگۈنكى ئۆزبېكىستاننىڭ داڭلىق مۇزىكانتى، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرىنچى كەسىپي ئايال كومپوزىتورىدۇر. ئۇ، بۇ يىل 2 -ئايدا 82 يېشىدا تاشكەنتتە ۋاپات بولدى.

شاھىدە شاھىمەردانوۋا ئۆزبېكىستان مۇزىكا ساھەسىدىكى تۇنجى ئايال كومپوزىتورلار ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئۇيغۇر مۇزىكا ساھەسىدىكى تۇنجى ۋە مول ھوسۇللۇق ئايال كەسىپي كومپوزىتوردۇر. بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق ئارتىسى نامىغا سازاۋەر بولغان مەشھۇر كومپوزىتور قۇددۇس غوجامىياروفدىن كېيىنكى يەنە بىر بىر قانچە سىمفونىيە ۋە كۆپ ساندىكى ھەر خىل مۇزىكا ئەسەرلىرىنى يازغان، بولۇپمۇ خەلقئارالىق ۋە مىللىي مۇزىكا ھەم كۆپ مىللەتلىك ئاھاڭلار بويىچە مول ھوسۇللۇق كەسىپي ئۇيغۇر كومپوزىتورىدۇر.

شاھىدە شاھىمەردانوۋا، 1950-1960 -يىللىرى ئۇيغۇر دىيارىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەڭ كۆلەمدىكى كۆچۈش دولقۇنلىرىدا ئۆز ۋەتىنىنى تەرك ئېتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى ماكان قىلغان مىڭلىغان ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنىڭ بىرى شۇنىڭدەك ئەنە شۇ كۆچمەنلىك ھاياتىدىكى ھەر خىل توسالغۇلار، قىيىنچىلىقلار ۋە جاپا-مۇشەققەتلەرنى بويسۇندۇرۇپ، پۈتۈن بىر جۇمھۇرىيەت ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇزىكا ساھەسىدە پارلىغان چولپانلارنىڭ بىرىگە ئايلىنالىغان شىجائەتلىك ئايالدۇر.

شاھىدە شاھىمەردانوۋا 1938 -يىلى، قەشقەردە تۇغۇلغان بولۇپ، كېيىن غۇلجا شەھىرىگە كۆچۈپ كەتكەن ۋە دادىسىدىن كىچىك يېتىم قالغان. ئۇنىڭ ئۆز تەرجىمىھال ھەققىدە مۇخبىرلارغا سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرى غۇلجىدا ئۆتكەن. ئۇ، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ تەربىيەسىنى غۇلجا شەھىرىدە ئالغاندىن كېيىن 1954 -يىلى ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ مۇزىكا كەسىپىدە 2 يىل ئوقۇغاندىن كېيىن ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ، مەكتەپتە قېلىپ ئوقۇتقۇچى بولغان. 1957 -يىلى تاشكەنتكە كېلىپ تاشكەنت كونسېرۋاتورىيەسىگە ئوقۇشقا كىرىپ، ئىككى يىل تەييارلىقتا ئوقۇغاندىن كېيىن رەسمىي كەسىپتە ئوقۇغان. ئۇنىڭ دەسلەپكى مائارىپ ۋە ئالىي مەكتەپ تەربىيەسىنىڭ ئاساسىي قىسمى ئۆز ئانا ۋەتىنىدە تېپىلىپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مائارىپى ئاتموسفېراسىدا نەپەسلەنگەنىدى. ئۇ كىچىكىدىن ئەنە شۇ ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي ناخشىلىرى، بولۇپمۇ مۇقاملىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن ئالاھىدە زوق ئالغان ۋە مۇزىكىغا بولغان ئىشتىياق ئەنە شۇ بالىلىق دەۋرىدىن باشلانغانىدى [5]. ئۇ ئۈرۈمچىدە ئوقۇش جەريانىدا مۇزىكا ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ تالانتى ئوقۇتقۇچىلار تەرىپىدىن سېزىلىپ، ئۇنىڭغا زور ئىلھام بېرىلگەن. ئۇ تاشكەنت كونسېرۋاتورىيەسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن مۇزىكا كەسىپىدە يەنە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇدى. 1972 -يىلى، تاشكەنت كونسېرۋاتورىيەسىنىڭ شەرق مۇزىكا كەسىپى بۆلۈمى ئېچىلغاندا شۇ يەردە ئىشلىدى. ئۇ شۇ كونسېرۋاتورىيەدە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇپ يۈرگەن چاغلاردىلا ئۇيغۇر 12 مۇقامى ئۈستىدە تەتقىقات قىلىشقا كىرىشكەن.

## ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسۇل ئانسامبىلىدا

يىلدىن كېيىن سوۋېت-خىتاي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى، سەنئىتى ۋە ئىلىم-پەن ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى. 1966 -يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ۋە ئۆزبېكىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سېكرېتارى شەرەپ رەشىدوفنىڭ بىۋاسىتە كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن تاشكەنتتىكى ئۆزبېكىستان رادىئو ۋە تېلېۋىزىيە كومىتېتى قارمىقىدا ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسۇل ئانسامبلى قۇرۇلدى. بۇ ئىشلاردا مەزكۇر كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خېلەم خۇدابېردىيېفمۇ بىۋاسىتە ھەرىكەت

قىلدى [6]. ئەسلىدە مەقسەت ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقامنى رەتلەش ۋە نوتىغا ئېلىش بولۇپ، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن 20 كىشىلىك ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسۇل ئانسامبىلى قۇرۇشنى قارار قىلغانىدى. مەزكۇر ئانسامبىلغا ئەنجانلىق ئۇيغۇرلاردىن، پۈتۈن ئۆزبېكىستانغا تونۇلغان سەنئەت ئەربابى، كومپوزىتور ۋە ئۆزبېكىستان خەلق ئارتىسى غېنىجان تاشمەتوف مەسئۇل قىلىندى [7]. دېمەك، خېلەم خۇدابەردىيېۋ، غېنىجان تاشمەتوف قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆزبېكىستان، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانغا كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇر مۇزىكانت، ئەلنەغمىچىلەر ئارىسىدىن تاللاش ئېلىپ بېرىلىپ، ئاخىرىدا 24 ئادەم تاللىۋېلىندى ۋە ئۇيغۇر ئانسامبىلى رەسمىي ئۆزىنىڭ پائالىيەتلىرىنى باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئوخشاش ۋاقىتتا يەنە 1969 -يىلدىن باشلاپ، ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ ئىلى ۋارىيانتىنى رەتلەش، نوتىغا ئېلىش ۋە ئاخىرىدا پىلاستىنكا چىقىرىش ئىشلىرى باشلانغان بولۇپ، ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ ئىلى ۋارىيانتىنى ئوقۇيالايدىغان مۇقامچىلاردىن غوپۇر دىڭخۇلۇ، قادىر خوجايېۋ، قىرغىزىستاندىن مەتتايىر ھەسەنوۋ، قازاقىستاننىڭ چوڭ ئاقسۇ يېزىسىدىن سۇلتانمۇرات رەزەموۋ ۋە ياركەنت شەھىرىدىن نۇرمۇھەممەد ناسىروۋ قاتارلىقلار تاللاندى [8]. بۇ ئانسامبىلغا ئاتاقلىق ناخشىچى ئابدۇرېھىم ئەخمىدى، خالىسخان خادىروۋا ۋە ئايتۇرغان ھەسەنوۋا ھەم سۇلتان مەمەتوف قاتارلىقلارمۇ قوبۇل قىلىنغانىدى. ئەنە شۇ ئانسامبىل تەركىبىدە ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ ئىلى ۋارىيانتىنى رەتلەش ئىشلىرى ياكى 1978 -يىلغىچە داۋاملاشقان بولۇپ، 9 مۇقام دەسلەپتە رەتلىنىپ بولۇنغان بولسا، 1979 -يىلدىن كېيىن شاھىدا شاھىمەردانوۋا ئۇيغۇر ئانسامبىلىنىڭ بەدىئىي رەھبىرى بولۇپ، مۇقامنى داۋاملىق رەتلەش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئۆزى باش بولۇپ كېيىنكى 3 مۇقامنى رەتلەپ پۈتتۈردى [9]. مۇقامنى رەتلەشكە يەنە قازاقىستاندىكى قۇددۇس غوجامياروفقا ماسلاشقان بولۇپ، ئۇ قەشقەر ۋارىيانتىنىڭ كۆچۈرۈلمىسىنى ئۇلارغا بەرگەنىدى [10].

شاھىدە شاھىمەردانوۋا ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى رەتلەش، ئۇنى ئۆزبېكىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە ساقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرىغا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشتى. شۇنىڭدەك ئۇيغۇر ئانسامبىل ئۈچۈن كۆپلىگەن ناخشىلارنى ئىجاد قىلدى. مۇزىكانتلارنىڭ ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى. ئەنە شۇ 1980-1970 -يىللاردىكى تاشكەنت رادىئوسىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىغا قاراتقان ئاڭلىتىشلىرىدىكى كۆپلىگەن ئۇيغۇر ناخشا-كۈيلىرى ۋە خەلق مۇزىكىلىرى ھەم مۇقاملىرىنىڭ ئورۇندىلىشىغا باشتا غېنىجان تاشمەتوف، شاھىدە شاھىمەردانوۋا قاتارلىقلار يېتەكچىلىك قىلغانىدى. دېمەككى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 12 مۇقاملىرىنى ئېيتىش چەكلەنگەن1970-1960 -يىللىرىدا تاشكەنت، ئالمۇتىغا مەركەزلەشكەن ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش شۇنىڭدەك ئۇيغۇر خەلق ناخشا-مۇزىكىلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشتە زور رول ئوينىغانىدى. بۇ خىزمەتلەردە شاھىدە شاھىمەردانوۋانىڭ تېگىشلىك تۆھپىسى بار ئەلۋەتتە.

ئىلگىرى -كېيىن غېنىجان تاشمەتوف، شاھىدە شاھىمەردانوۋا قاتارلىقلار بەدىئىي يېتەكچىلىك قىلغان ئۆزبېكىستان ئۇيغۇر ناخشا -ئۇسۇل ئانسامبىلىدا ئىلگىرى- -كېيىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر ناخشىچىلىرى، يەنى 1950 -يىللاردا ئۇيغۇر دىيارىدا نامى كەڭ تونۇلغان ۋە كېيىن ئۆزبېكىستان خەلق ئارتىسى نامىغا سازاۋەر بولغان ئابدۇرېھىم ئەخمىدى، ئۆزبېكىستان خەلق ئارتىسى خالىسخان قادىروۋا، ئايتۇرغان ھەسەنوۋا قاتارلىقلار شۇنىڭدەك نامى خەلققە كەڭ تونۇلغان نۇرمۇھەممەد مېھرايېۋ، ھاكىم خېلەموف، ئەركىن يۈنۈسوف، ئارۇپ مۇھەممەدوف، ئابدۇلەزىز ھاشىموف، سالامەت شەرىپجانوۋا، مەدەنىيەت ھاشىموۋا، سۇلتان مەمەتوف ۋە باشقىلار ئاۋازلىرىنى ۋە مىللىي چالغۇلىرىنى ياڭراتتى [11]. ئەپسۇسكى، شۇنچە نام چىقارغان، ئۇيغۇر سەنئىتىدە چولپان كەبى پارلىغان ئۇيغۇر ناخشا -ئۇسۇل ئانسامبىلى 30 يىلغا يېقىن مەۋجۇت بولۇپ، ئاخىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە ئۆزبېكىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشى جەريانىدا 1990 -يىللاردا ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى تەرەپ-تەرەپكە تارقاپ كەتتى ۋە بەزىلىرى يەنىلا ئۆز كەسپىنى داۋاملاشتۇردى.

بۇلارنىڭ ئارىسىدا مەرھۇم ئابدۇلەزىز ھاشىموفمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا كونسېرۋاتورىيەدە ئوقۇپ، مەخسۇس ئۇيغۇر 12 مۇقامى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، سەنئەتشۇناسلىق پەنلىرى دوكتورى ۋە پىروفېسسور بولغانىدى. ياڭراق ئاۋازلىق سۇلتان مەمەتوف بولسا 2000 -يىلدىن تارتىپ ئامېرىكىدا ياشىماقتا. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئاخىرەتلىك بولدى.

## ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى

شاھىدە شاھىمەردانوۋا ئىجادىي پائالىيىتى داۋامىدا تۈرلۈك ژانىرلاردا مول ئىجاد قىلدى. ئۇنىڭ سىمفونىيەسى، سىمفونىيېتتىسى، ئىسكىرىپكا ۋە ئوركېستىر ئۈچۈن كونسېرتلىرى، «ئازاد شەرق ئايالى» پوئېمىسى، «سەلەي چاققان» مۇزىكىلىق كومېدىيەسى، «ئامانىنساخان» )«مۇھەببەت ناۋاسى») ناملىق مۇزىكىلىق دىرامىمىسى ۋە 100 دىن ئارتۇق ناخشىلىرى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ يارقىن نەمۇنىلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

شاھىدە شاھىمەردانوۋانىڭ ئەسەرلىرى ئۆزىنىڭ ھاياتبەخشلىكى، لىرىك خاراكتېرىگە ئىگىلىكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى كۈچلۈك بولغانلىقى بىلەن ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. «ئۆزبېكىستان جاھانىم»، «نەۋرۇز ساباسى»، «نەۋرۇز كېلەر»، «ياڭرات ۋەتەن مۇقامىنى»، «تولۇن ئوي»، «بەختلىك ئايال دەيمىش مېنى خالايىق» ناملىق ناخشىلىرى شۇلار جۈملىسىدىن. ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدىكى «ئۆزبېكىستان جاھانىم» ناملىق مۇزىكىسى ئۆزبېكىستاندىكى ئەڭ مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك ناخشىلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىجادىيىتى ئۆزبېك خەلقى قەلبىگە چوڭقۇر ئورۇنلاشقانىدى.

ئۇ پەقەتلا ئىجادىيەت ۋە ئۇيغۇر ئانسامبىلغا

يېتەكچىلىك قىلىش بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماستىن بەلكى يەنە تاشكەنت كونسېرۋاتورىيەسىدە، تاشكەنت دۆلەت مەدەنىيەت ئىنستىتۇتىدا پېداگوگىكىلىق پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىپ، كەسپىي مۇتەخەسسىسلەرنى تەربىيەلەشكە ئۆزىنىڭ بىباھا ھەسسىسىنى قوشتى. ئۇ كۆپلىگەن شاگىرتلارنى، يەنى مۇزىكانتلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى.

ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى خەزىنىسىگە نەچچىلىگەن سىمفونىيەلەر ۋە باشقا يۈزلىگەن مۇزىكا ئەسەرلىرى، ناخشا ئاھاڭلىرى مەنسۇپتۇر. بۇ ئىجادىيەتلەرنىڭ تۈرى بويىچە ئالاھىدە مول ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆزبېكىستان ۋە دۇنيا ئۇيغۇر ئايال كومپوزىتورلىرى ئارىسىدا تۇنجىلاردىن بولۇپ، سىمفونىيەلىك ژانىرلارغا تۇتۇش قىلىپ، بۇنىڭ نەتىجىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشى ئۆزگىچە تارىخى ياراتتى. ئۇ ئاتاقلىق ئۆزبېك شائىرى زۇلفىيەنىڭ ياردەملىرىگە ۋە قوللاشلىرىغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلھامى بىلەن «ئازاد شەرق ئايالى» پوئېمىسىنى ئىجاد قىلغان. بۇ ئەسەر ئەينى ۋاقىتتا مىليون نۇسخىلاپ پلاستىنكا بولۇپ تارقىتىلغان بولۇپ، ھازىر ئۆزبېكىستاننىڭ «ئالتۇن مىراسلار فوندى» دا ساقلانماقتا.

ئۇنىڭ نامى ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، رۇسىيە شۇنىڭدەك ئۇيغۇر دىيارىدىكى مۇزىكا ساھەسىدە كۆرۈنەرلىك تەسىر قوزغىغانىدى.

## شاھىدە شاھىمەردانوۋادىكى مىللىي روھ

شاھىدە شاھىمەردانوۋا ئىجادىيەت مېۋىسى جەھەتتە ئۆزبېكىستان مۇزىكا سەنئىتىدىكى يېتەكچى ۋە باشلامچىلاردىن بىرى، شۇنىڭدەك تۇنجى ئۆزبېكىستان ئايال كومپوزىتورى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنىش بىلەن بىرگە ئۇ ئىجادىيەت ھاياتىنىڭ زور بىر قىسمىنى ئوخشاشلا ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىگە بېغىشلىغانىدى. شۇڭا ئۇ ئىككى خەلقنىڭ ئورتاق مۇزىكا پېشۋاسى ۋە نامايەندىسىگە ئايلانغانىدى.

ئۇ، ئۆزىگە 16 - ئەسىردە سەئىدىيە دۆلىتىدە ئۆتكەن خانىش ئامانىساخاننى ئۈلگە قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ 12 مۇقامىنى رەتلەش ۋە ساقلاپ قېلىشقا قوشقان تۆھپىسىدىن ئۈلگە ئېلىپ، ئۆزىمۇ يەنە 12 مۇقامنى 20 -ئەسىردە قايتىدىن ساقلاپ قېلىش ۋە رەتلەش ۋە زامانىۋى نوتا ھەم پلاستىنكىلارغا ئېلىش خىزمەتلىرىگە ئاتلانغانىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئامانىساخان روھى بىباھا ئۈلگە ئىدى، شۇڭا ئۇ مەخسۇس«ئامانىساخان» ناملىق مۇزىكىلىق دراما يازغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ پۈتۈن مۇزىكىلىق قۇرۇلمىلىرىنى ئۆزى ئىجاد قىلغانىدى.

شاھىدە شاھىمەردانوۋا ئۆزبېكىستان ئاياللىرى ئىچىدىكى بىرىنچى كومپوزىتور ھېسابلىنىپلا قالماستىن بەلكى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا مىقياسىدىمۇ ئايال كومپوزىتورلار ئارىسىدا تۇنجىلاردىن بىرى ھەم مول ھوسۇللۇق ۋە كۆپ قىرلىق كومپوزىتور ھېسابلىنىدۇ. شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، شاھىدە شاھىمەردانوۋادەك ئۇيغۇر ئايال كومپوزىتور تېخى ئۇيغۇرلار دىيارىدىمۇ ھازىرغىچە يېتىشىپ چىقمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۇيغۇرلار دىيارى ۋە پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈنمۇ تۇنجى ئايال كومپوزىتوردۇر. ئەلۋەتتە مۇزىكا ساھەسىدە باشقا بىر قىسىم تونۇلغان ئۇيغۇر مۇزىكانتلىرى ۋە سەنئەتشۇناسلىق پەنلىرى دوكتورلىرى تامارا ئەلىباقىيېۋا، سەنئەت كىبىرووۋا شۇنىڭدەك ئۇيغۇر دىيارىدا يەنە سەنەبەر تۇرسۇن قاتارلىق بىر قىسىم يېڭى ئەۋلاد ئايال مۇزىكانتلار بار بولسىمۇ لېكىن شاھىدە شاھىمەردانوۋا ئۇيغۇر ئايال كومپوزىتورلىرى ئىچىدىكى دەسلەپكى باشلامچىلاردىندۇر.

شۇنى ئەسلىتىش مۇمكىن، ئۇيغۇر خەلقى، ئۇيغۇر مىللىتى ئۆز دىنى ئېتىقادىنى چىڭ قوغدىغان ۋە راۋاجلاندۇرغان شۇنىڭدەك مىللىي ئاڭ ۋە مىللىيلىكىنى دىنىي ئېتىقاد ۋە دىنىي كىملىك بىلەن بىرلەشتۈرەلىگەن قەدىمىي ۋە زامانىۋى بىر مىللەتتۇر. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيىتىگە، سەنئىتىگە قوشقان تۆھپىلىرى بىردەك يۇقىرى باھالانغان بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىن، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدىن كۆپلىگەن مەدەنىيەت، سەنئەت، دۆلەت ۋە ئىلىم -پەن نامايەندىلىرى يېتىشىپ چىققان. ھەتتا 16 -ئەسىردىكى سەئىدىيە دۆلىتى دەۋرىدە ئامانىساخاندەك مۇزىكانتلار يېتىشىپ چىقىپ، ئۇيغۇر سەنئىتى ۋە مەدەنىيىتىگە شانلىق تۆھپە قوشقانىدى. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ سىياسىي ۋە مىللىي كىملىكى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى شانلىق ۋە ئۆزگىچە مەدەنىيەت كىملىكى، سەنئەت كىملىكى ئارقىلىقمۇ مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلانغان. ئۇيغۇرلار بۇ خىل كىملىكلىرى بىلەن خىتاي مەدەنىيىتى، خىتاي سەنئىتىدىن ئاسمان-زېمىن پەرقلەرگە ئىگىدۇر. ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن بۇيان سەنئەت، مۇزىكا ۋە باشقا ھەر خىل مەنىۋى مەدەنىيەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا زور كۈچ سەرپ قىلدى. ھېچقاچان دىن بىلەن سەنئەت ۋە مەدەنىيەتنى توقۇنۇشتۇرمىدى. تارىختا ئۆتكەن بۈيۈك ئالىملار ۋە مۇتەپەككۇرلار، مەسىلەن ئەبۇ ناسىر فارابى، مەخمۇت كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋائىي، بۈيۈك خاقانلار سۇلتان سەيدىخان، سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ۋە باشقىلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە سەنئەتنى چىن دىلىدىن قەدىرلىگەن ھەم قوللىغانىدى. ھەتتا قالۇنىنىڭ فارابى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغانلىقىمۇ قەيت قىلىنىدۇ. تۈركىي ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ خىل ئىلغارلىقلىرى مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا ئىلگىرىدىنلا ھۆرمەتكە ۋە يۇقىرى باھاغا ئېرىشىپ كەلدى.

ئومۇمەن، تاشكەنتنى مەركەز قىلغان شاھىدە شاھىمەردانوۋا قاتارلىق ئۇيغۇر دىيارىدىن كۆچۈپ چىقىپ، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق ئەللەرنى ئۆزلىرىگە ۋەتەن قىلىپ تاللىغان ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى1960 - يىللاردىن 1980 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا خىتاي ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى، ئۇيغۇر مىللىي ناخشا-مۇزىكىلىرى، مىللىي ئەنئەنىۋى ناخشىلىرىنى «سېرىق ناخشا»، « سېرىق مۇزىكا» دەپ چەكلەپ، بۇ ساھەدىكى

نۇرغۇن سەنئەتكارلار، ئەلنەغمىچىلەر، خەلق ناخشىچىلىرى زور زەربىگە ئۇچراپ، خەلق ئۆزلىرىنىڭ مەزكۇر مىللىي مىراسلىرىنى قوغداپ قېلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلغاندا ۋە ئۇنىڭغا تەشنا بولغان چاغلاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي مىراسلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇش ھەم راۋاجلاندۇرۇشقا زور ھەسسە قوشقانىدى.

2009 - يىلى، ئۆزبېكىستان تاشكەنت كونسېرۋاتورىيەسى مەخسۇس شاھىدە شاھىمەردانوۋانىڭ 70 يىللىقى ۋە ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى خاتىرىلەپ، ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىپ، مەخسۇس « شاھىدا شاھىمەردانوۋا ئىجادىيەت كەچلىكى» ئۆتكۈزدى. تاشكەنت كونسېرۋاتورىيەسىنىڭ مۇزىكانتلىرى ئۇنىڭ سىمفونىيەلەرنى ئورۇندىدى، ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇر خەلق مۇزىكانتلىرى ۋە ناخشىچىلىرى ئۇنىڭ مىللىي مۇزىكا ئىجادىيەتلىرىنى ئورۇندىدى. مۇزىكا ساھەسىدىكىلەر شاھىدە شاھىمەردانوۋانىڭ ئىجادىيەتلىرىگە يۈكسەك يۇقىرى باھا بەرگەنىدى.

شاھىدە شاھىمەردانوۋا يەنە ئۆز پەرزەنتلىرىنىمۇ ياخشى تەربىيەلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قىزى دىلدار ئىسلاموۋا پۈتۈن ئۆزبېكىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا تونۇلغان تېلېۋىزىيە ۋە سەنئەت رىياسەتچىسى ھەم كىنو ئارتىسىدۇر. ئۇمۇ ئۆزىنىڭ بارلىق سۆھبەتلىرىدە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر قىزى ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنىش ئىچىدە ئەسلەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆزبېكىستاندا ھەممە كىشى شاھىدە شاھىمەردانوۋا ۋە ئۇنىڭ قىزىنى ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپ دەپ ياخشى تونۇيدىكەن.

شاھىدە شاھىمەردانوۋانىڭ ۋاپاتى ئۆزبېكىستان ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر سەنئىتى ئۈچۈن زور بىر يوقىتىشتۇر.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

[1] Валиханов Ч.Ч. О состоянии Алтышара. С. 156.

[2] S.S.Gubayeva. Uygury I Dungane Ferganskoy Doliny // Soveremennoe razwitie etni-cheskix grupp Sredney Azii I Kazaxstana. M. 1992. Ch.2 S.121.

[3] Izbrannie trudy Gojaxmeta sadvakasova. Almaty, Alem, 2000. 55-bet.

[4] Захарова И.В. Указ. соч. С. 223-224.
نەبىجان تۇرسۇن. پەرغانە ۋادىسىدىكى يوقىلىپ كەتكەن خەلق -ئۇيغۇرلار.

[5] Уйгурские мукамы в концерте для скрипки с симфоническим оркестром. 29.05.2009. https://vk.com/topic-11041171_22055909

[6] خېلەم خۇدابەردىيېۋنىڭ ئەسلىمىسىنىڭ داۋامى« زامان ئىزغىرىنلىرىدا»، ئېلان قىلىنمىغان نۇسخا. تاشكەنت.

[7] خېلەم خۇدابەردىيېۋنىڭ ئەسلىمىسىنىڭ داۋامى« زامان ئىزغىرىنلىرىدا»، ئېلان قىلىنمىغان نۇسخا. تاشكەنت.

[8] ئۇيغۇر ئاۋازى گېزىتى، -2015يىلى، -26نويابىر.

[9]ئۇيغۇر ئاۋازى گېزىتى، -2015يىلى، -26نويابىر.

[10]ئۇيغۇر ئاۋازى گېزىتى، -2015يىلى، -26نويابىر.

[11] خېلەم خۇدابەردىيېۋنىڭ ئەسلىمىسىنىڭ داۋامى« زامان ئىزغىرىنلىرىدا»، ئېلان قىلىنمىغان نۇسخا. تاشكەنت.

*ئاتا بالىلىرىغا قاتتىق بولۇپ، ئۇنى ئوقۇتسا، ئوغۇل - قىزى يېتىلىپ چوڭ بولغاندا سۆيۈنىدۇ.*

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابدىن ئېلىندى



# ئەلۋىدا گۈلھايات

دىلدۈز تېلمان (ئامېرىكا)

**تەھرىر ئىلاۋىسى:** گۈلھايات ۋاھاپ ئۈرۈمچىدە زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، دادىسى ۋاھاپ خېۋىر ئاكا شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسىنىڭ شەرەپلىك جەڭچىلىرىدىن بىرى بولغان. ئۇ ئۆمرىنى ئوقۇتقۇچىلىقتا بېغىشلىغان ھەمدە سەنئەتكار، خۇش چاقچاق كىشى ئىدى. گۈلھايات دادىسىنىڭ تەسىرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە قاتتىق قىزىقىپ، دۇتار چېلىشنى ئۆگەنگەن. ئۈرۈمچىدە مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن ۋە 1994 - يىلى يولدىشى دىلمۇرات بىلەن ياپونىيەگە چىققان.

ياپونىيەدە ئۆز كەسپىگە يېقىن پاتولوگىيە ئوقۇغان بولۇپ 1999 - يىلى ئائىلىسى بىلەن ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەلگەن. ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىنمۇ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئۆزىنى داۋاملىق ئاگىرلىتىشتىن توختاپ قالمىغان. 2009 - يىلى سېپتىرالىقنى ۋە 2017 - يىلى تېببىي كودىڭنى ئۆگەنگەن ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە بۇ ساھەدە ئىشلىگەن. گۈلھايات ۋىرگىنىيە ئۇيغۇر جامائەتنىڭ ئىچىدە ناھايىتى ئاكتىپ بىر ئەزا بولغان. يولدىشى دىلمۇرات بىلەن بىرگە، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھاجىرەتتىكى ھەرقانداق پائالىيىتىدە باشلامچىلىق رولىنى ئوينىغان. رەھمەتلىك گۈلھاياتنىڭ جەڭگىۋار روھى سۆيۈملۈك قىزى ۋە ئوغلى بىلەنلا داۋاملاشماي، يەنە كەڭ جامائەت ئىچىدە گۈللەپ ياشنىغۇسى.

ئەلۋىدا دەپ يېزىشقا بۇنچە تېز مەجبۇر بولدۇقمۇ گۈلھايات جانىم؟

سالمىغى ئۇ قەدەر ئېغىر بوُ گەپنى بوُگۈن ئائىلە تاۋابىئاتلىرىڭىز، قېرىنداشلىرىڭىز، دوستلىرىڭىز، ئىنى-سىڭىللار، خىزمەتداشلىرىڭىز، جامائەت، سىزنى سۆيگەن، سىزنى بىلگەن ۋە بىلمىگەن ھەممە، ھەممە ئۆرتەنگەن يۈرەكلىرىدە شۋىرلىدى، تارامىلىغان ياشلىرىدا شۋىرلىدى، ئىششىغان كۆزلىرىدە شۋىرلىدى، چوڭقۇر سېغىنىشلىرىدا شۋىرلىدى، قۇلاقلىرىدا ياڭراپ تۇرغان مۇڭلۇق ناخشىلىرىڭىز بىلەن، قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق كۈلۈشلىرىڭىز بىلەن، مىننەتسىز مېھنەتلىرىڭىز بىلەن شۋىرلىدى...

شۇنداق شۋىرلاشلار بىلەن كەينىمگە قاراپ، سىزنى تۇنجى تونۇغان تۆت يىل بۇرۇنغا قايتتىم ۋە ئەڭ ئالدى بىلەن بىر ئانا تىل شەيداسىنى كۆردۈم. سىز كىچىككىڭىزدىن ئانا تىلىمىز ئۇيغۇرچىدە ئوقۇمىغىنىڭىزغا باقماي، ئەجدادلاردىن ئۇدۇم بولغان بۇ تىلىمىزنىڭ مەجنۇنى ئىدىڭىز، ئۇنىڭ ساپلىقىنى جېنىڭىز بىلەن قوغدايتتىڭىز، ئۇچرىغان ھەر بىر يېڭى ئىبارىلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىشكە قىززىقاتتىڭىز، سىز سوئاللىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بىر ئىجتىھاتلىق ئوقۇغۇچى ئىدىڭىز. بۇ ئانا تىل شەيدالىقىڭىز ئارىمىزغا بىلىپ بىلمەي رىشتە باغلاشقا ئۈلگۈرگەن ئىدى.

ئۇندىن كېيىن يەنە كىتاب ئاڭلاش سورۇنلىرىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق، ئۇ يەرلەردىمۇ سىز شۇ ئاز ساندىكى، كىتابىڭىنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ، چۈشىنىپ ۋە چۈشىنىشكە تىرىشىپ، ئىنساننى ئويغا سالىدىغان پىكىرلەرنى قىلىپ تۇرىدىغان كىتاب ئاڭلىغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدىڭىز. ئۆتكۈر پىكىرلىك تەھلىللىرىڭىز ۋە ئوچۇق سۆزلىرىڭىز بىلەن كىتاب سورۇنلىرىنى جانلاندۇراتتىڭىز.

2015 - يىلى يازدا، سىزنى تور يۈزىدە تونۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بىز سىلەرنىڭ ئىككىنچى يۇرتۇڭلار بولغان ۋىرجىنىياغا باردۇق. ئۇ يەردە سىز ۋە ئەتراپىڭىزدىكى دوستلار بىلەنئىككى قېتىم بىرگە بولدۇق. قوللىرىڭىزدا بىردە دۇتار بىردە ئاككوردىيون، «ئاق بوزئات»، «يوللىغۇم بولسۇن»، «كۆچ-كۆچ ناخشىلىرى»...قاتارلىق ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىپ، يۈرەكلەرنى تىترەتكەنتىڭىز. ئۆيىڭىزدىكى مېھماندوستلۇقىڭىز، گۈزەل تەييارلانغان داستىخانلار ھايات سۆيەر بىرى بولغانلىقىڭىزنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

سىزنىڭ ھاياتتىن مەنە ئىزدەپ ياشايدىغان، چوڭقۇر پىكىرلىك بىرى ئىكەنلىكىڭىز پاراڭلاردا ۋە ھەرىكەتلىرىڭىزدە



مەرھۇمە گۈلھايات خانىم بەزى ئۇيغۇر زىيالىيالار بىلەن بىرلىكتە

ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ تۇراتتى. بىر قېتىم سىز بىلەن داڭلىق ناخشىچىمىز پاشا ئىشاننىڭ «سېغىنىپ كەلدىم» دېگەن ناخشىسىنىڭ تەسىرلىك ئارقا كۆرۈنۈشىنى سۆزلىشىپ قالدۇق. مەن ئاپامدىن ئاڭلىغانلىرىمنى سىزگە ئاڭلاتتىم. بۇ ناخشا 1956 - يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆتكۈزۈلگەن ياشلار فېستىۋالىدا، بىز تەرەپتىن بارغان ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشايدىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ «خۇش كەلدىڭىز» دەپ ئېيتقان ناخشىسىغا جاۋابەن، نەق مەيداندا، يېزىپ، مۇزىكىسىنى ئىشلەپ، پاشا ئىشاننىڭ ئورۇنلىشى بىلەن تاماملانغان بولۇپ، قىممەتلىك ناخشىچىمىزنىڭ ئاۋازى ئىككى تەرەپتىكى قېرىنداشلارنىڭ سېغىنىش ئوتىدا يانغان يۈرەكلىرىنى لەرزىگە كەلتۈرگەن ئىكەن. سىز بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ ناخشىنى ئېيتقىڭىز بارلىقىنى سۆزلىدىڭىز، قىسقا ۋاقىتتا بىز بىرلىكتە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تولۇقلاپ چىقتۇق، ۋە سىز دوستلارغا شۇنچىلىك ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلاپ بەردىڭىزكى، ماھارەت جەھەتتە، سىز بىزنىڭ قەلبىمىزدە پاشا ئىشان، سەنەۋەر تۇرسۇن بولدىڭىز ۋە ئىشىنىڭكى مەڭگۈ شۇنداق قالىسىز.

«ئاق بوزئات»نى جاراڭلاتقان ئەي مەردان،
كۆڭلۈ-كۆكسى مىسلى دېڭىز بىپايان.
ئەل كۈيىنى كۈيلىگەننى ئەل سۆيەركەن،
نۇر ئىچىدە ياتقىن ئەي گۈزەل ئىنسان.

ۋەتەندىن كىتاب ئاڭلاش ئىمكانىيىتىمىز ئۈزۈلگەندىن كېيىن، سىز ئۆزىڭىز يېقىنلىرىڭىز بىلەن كىتاب ئوقۇش گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ، مەنىۋى ھاياتىمىزغا مەنە قوشۇشقا تىرىشتىڭىز. ئۆزىڭىزنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا :«تارىخ ئۆگىنەيلى، تارىختىن تەجرىبە ساۋاق ئالايلى، نېمە ئۈچۈن مەغلۇپ بولىۋېرىمىز بىر ئويلاپ باقايلى...» . بۇلار سىزنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىڭىز ئىدى. بۇ باھانىدە، ئۆزىمىزنىڭ داڭلىق يازغۇچىلىرى يازغان مۇھىم كىتابلار بىلەن تونۇشۇپ چىقتۇق، بەزى يازغۇچىلىرىمىزنىڭ قابىلىيىتىگە قايىل بولدۇق، ئېزىلگەن يۈرەكلىرىمىزگە مەلھەم تاپتۇق، ۋە سىزنىڭ تىرىشچانلىقىڭىز بىلەن مەرھۇم ئابلىكىم باقى مۇئەللىمنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە، ئۆز ئاغزىدىن «چۈشۈرگىدىكى ماجىرا» كىتابى ھەققىدە، سويۇنگۈل ئاپپايدىن «كۆز يېشىدا نەملەنگەن زېمىن» ھەققىدە ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولدۇق. بۇ كىتابلاردا تەسۋىرلەنگەن باتۇرلۇق، قەيسەرلىكلەردىن كۈچ ئالدۇق، پىكىرلەشتۇق، كۈلۈشتۇق، يىغلاشتۇق، ئەڭ مۇھىمى ئۈمىد بىلەن ياشاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكرار ئۆزىمىزگە خاتىرىلاتتۇق.

كۆزلىرىم يەنە ئۆتكەنلەرگە تىكىلدى. يېقىنلارغا باققىنىمدا، سىزنىڭ غەيرىتىڭىز، مەسئۇلىيەت تۇيغۇڭىز ۋە ئىرادىڭىزگە قايىل بولماي تۇرالمىدىم. ۋەتەندە ئەينى ۋاقىتتا ئوقۇلغان ئېسىل كىتابلارنى بىر قۇرمۇ ئۆچۈرمەي ساقلاپتىكەنسىز ئۈندىداردا، بىز بولساق «تېلېفونلىرىمىز توشۇپ كېتىدۇ» دەپ ئالالىغاچان يوق قىلىپ بولۇپتۇق. «بۇ ئاۋازلار ئۆچمىسۇن، تېخىمۇ كۆپ ئىنسانلىرىمىز ئاڭلاپ پايدىلانسۇن»، دېدىڭىز ۋە ئامال ئىزدەشكە باشلىدىڭىز. مەن بۇ پىكرىڭىزدىن چەكسىز خوش بولغان بولسامۇ ھېچقانداق ياردەمدە بولالمىدىم. ئاخىرى سۆيۈملۈك دىلارە ھەدەم ئىككىڭلارنىڭ تىرىشچانلىقى، قىيىنچىلىققا يولۇققاندا تەن بەرمەس ئىرادەڭلار بىلەن ئوقۇلۇشى ناھايىتى ئېسىل بولغان «باھادىرنامە»نىڭ 6 قىسمىنى تولۇق ھالدا يوئۇتۇبقا قويۇشقا مۇيەسسەر بولدۇڭلار. بۇ ئەمگىكىڭلار داۋاملىشىپ، يەنە باشقا كىتاب، پوۋېست، ناخشىلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە يېتىشىگە، مەڭگۈ ساقلىنىپ قېلىشىغا ۋەسىل بولدۇڭلار. مانا بۇلار تېخى ئۆتكەن يىل باشلىنىپ، سىز ئاخىرقى كۈنلەرگىچە داۋام قىلغان ئىشلىرىڭىز، سىزگە قايىل بولماي مۇمكىنمۇ؟...

هايات پەقەت ئىككى بېلەت، بىرى كېلىش، بىرى كېتىش،
كېلىشىمىز ئېنىق ئەمما كېتىشىمىز، كىم بىلمىش؟

بىر ناخشىدا شۇنداق تەسۋىرلەنگەن ئىكەن. دېمەك كېتىش بېلىتىمىزدە قاچان، قانداق قايتىدىغانلىقىمىز يېزىلمىغان، بۇ سەۋەبتىن ۋاقىتسىز كەلگەن ئايرىلىشلار بىزنى قاتتىق ئازابقا ۋە ئارمانغا قويىدۇ. گەرچە بۇ كېسەللىك ئەھۋالىڭىزنى بىلگەن بولسامۇ، ئۇ ھەرزامان جۇشقۇن بولغان مىجەزىڭىز، جاراڭلىق كۈلكىلىرىڭىز بىلەن، سىزنىڭ يېڭىپ كېتىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنگەن ئىدىم، باشقا دوستلارمۇ شۇنداق چوقۇم. ئەمما تەقدىر بىزگە بىر ئاچچىق رىياللىقنى ياشاتتى...

بىلەمسىز گۈلھايات، سىزنىڭ كىتاب ئوقۇش گۇرۇپپىسىدىكى سەبداشلىرىڭىز سىزنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھىڭىزغا ۋارىسلىق قىلىپ، ياخشى كىتابلارنى ئوقۇشنى يەنە داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى، ناخشىلىرىڭىزنى، تەھلىللىرىڭىزنى تەكرار ئاڭلاشتى، يىغلاشتى، بىر بىرلىرىنى ئاۋازلىرى، سۆزلىرى بىلەن قۇچاقلاشتى. سىزگە قېرىنداشلىقنى چەكسىز يەتكۈزگەن سۆيۈملۈك، مېھرىبان سىڭلىڭىز گۈلباھار ئارىمىزدا، بىز سىز قۇرغان توپتا، سىز ئويلىغاندەك داۋام قىلماقچىمىز. دوستلارنى «جانىم» نى، «دوستتەك » نى قوشۇپ ئاتاشلىرىڭىز دائىم قۇلاق تۈۋىمىزدە جاراڭلايدۇ.

ئەلۋىدا گۈلھايات جانىم، ئەلۋىدا. سىز سۆيگەنلىرىڭىز ئارىسىدا مەڭگۈ ھايات.

«ئاق بوزئات» نى جاراڭلاتقان ئەي مەردان،
كۆڭلۈ-كۆكسى مىسلى دېڭىز بىپايان.
ئەل كۈيىنى كۈيلىگەننى ئەل سۆيەركەن،
نۇر ئىچىدە ياتقىن ئەي گۈزەل ئىنسان.

2019 - يىلى 2 - نويابىر، كالىفورنىئا



گۈلھايات ۋە سەنئەت خۇمار دادىسى ۋاھاپ خېۋىر



ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىلەن بىرلىكتە



گۈلھايات ۋە ئائىلىسى



مەرھۇمەنىڭ گۈللەر بىلەن بېزەلگەن قەبرىسى



مەرھۇمە قاتناشقان پائالىيەتتىن بىر كۆرۈنۈش



# يىغا

(ھېكايە)

ئاۋۇت ماسىموۋ (قازاقىستان)

ئوچۇقىنى ئېيتاي، بۇ ھېكايە يېڭى يىلدىن بىر كۈن ئۆتۈپلا يېزىلدى. ماۋزۇسى «يىغا» بولغاچقا، كۆڭلۈم يېرىم. ھەر خىل تەبىئەت مەنزىرىلىرى، قەغىشلىكلىرىنى تەسۋىرلەپ كۆرۈۋىدىم، زادىلا قاملاشمىدى. ئۆزۈمنىڭ، قېنىم بىر ئۇيغۇر – زىيا سەمەدى، ھېزمەت ئابدۇللىن ئاكىلىرىم مېنى كەچۈرسۇن، ئۇلارنى دورىيالمىدىم. ھەم، دورايدىغان دەرىجىگە يېتىش قەيەردە؟ شۇڭا، چامىمغا قارىدىم. ۋەقەلەر يېڭى يىل ھارپىسىدا بولغاچقا، كىچىككىنە بولسىمۇ ھەزىل ئارىلاش، چېھرىڭلار تەبەسسۇم ئۇيغىتىش نىيىتىنى كۆزلىدىم.

«ۋاتساپ، ۋاتساپ، قاچانغىچە يۈرەرسىزكىن ماختاپ، ئاخىرى، قالمىساق بولاتتىغۇ قاقشاپ »، دېگەننى ئەقلىيفونغا ئېرىشكەندىن بىرى پات-پات ئوقۇيدىغان بولدۇم. ھازىر مۇنداق ئاجايىپ تېلېفون بىر ياشلىق بوۋاقتىن تارتىپ يەتمىش ياشلىق بوۋاينىڭمۇ قولىدا بار. ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر، بوۋاقنى يىغىسىدىن بەزلەش ئۈچۈن ئاپىسى بېرىدىغان مەمەكنىڭ، بوۋايغا بېرىدىغان ئەمەكنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالدى. سۆزلەپ، گېپى تۈگمەيدۇلا ئەمەس، زېرىكمەيدۇ، تېرىكمەيدۇ.

يېڭى يىل ھارپىسىدا «يېڭىلىق بولسۇن» دەپ ئاشۇ ۋاتساپ دېگىنىگە مەنمۇ كىرىۋالغان. پاھ-پاھ! ئاجايىپ نەرسىكەن. بۈگۈنكى زاماندىن، ئويۇن-تاماشىدىن، «يېڭىدىن پەيدا بولغان دەۋر زىيالىيلىرىدىن» تالاي كېيىن قالغىنىمنى بىردىنلا سەزدىم. ئۆزىنى ئۆزى، ئاغىنىسى ئاغىنىسىنى، دوستى دوستىنى، تۇغقان تۇغقىنىنى، ئوغرى ئوغرىنى، ئالدامچى ئۆزىنى، شائىر سۆزىنى، ئەمدى بولسا ئىجادكار كىتابخان كۆرمىگەن ئەسىرىنى خەلقىنىڭ نامىدىن ماختاشلىرىنى تېلېفوندىن زېرىكمەستىن ئوقۇيدىكەنسەن. ئۆزۈمنى سىناپمۇ كۆردۈم. «ساۋاتىم بار. سۆز قۇراشتۇرۇش تېخنىكىسىنى بىلىمەن. شۇڭلاشقا، ئەدەبىياتتا ئۆزرەمنى سىناپ كۆرەي دەپ شېئىر يېزىشقا كىرىشتىم» دەپ ۋاتساپقا تۆت مىسرانى كۆچۈرۈۋېلىپ، سېلىۋەتتىم. ۋايىيەي، كېلىپ كەتكەن ئىنكاسلارنى دېمەمسىز. «مۇبارەك بولسۇن!»، «تەبرىكلەيمەن»، «سىز خەلقىمىزنىڭ پەخرى»، «قەلىمىڭىز تالمىسۇن»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا يەنە بىر كىلاسسىكىمىز قوشۇلۇپتۇ» دەپ ئەرشلەرگە كۆتىرىپ ماختاشتى، ھازىرمۇ داۋام قىلىۋاتىدۇ.

مەنزە، پېنسىيە مائاشىمنى ئىقتىساد قىلىپ گېزىت، ژۇرنال چىقىرىپ، كىتاب يېزىپ تارىتىپ، سىپېكتاكىل قويۇپ كۆرسىتىپ كىمدۇر بىرلىرىگە «سەن ئاپاق » دېسە شېكەر تىلىغا مەست بولۇپ بىكارغا ئىشلەپ ئەخمەق بولغان ئىكەنمەن. بۇ دۇنيادا يېنىك ئاتاقتا، مەنسەپكە ئېرىشىش ئوڭايلىقىنى بىلمەپتىمەن. «پۇلۇڭ بولسا خالتاڭدا، تايتاڭلىساڭ تايتاڭلا» دېگىنىدەك ئىشكەن. ۋاتساپ ماڭا سائەتلەپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرىۋېرىپ ئىشتانىڭلا ئەمەس، باشقا يەرنىڭ كەينىنى يىرتىشنىڭ زادىلا كېرەك ئەمەسلىكىنى ئۆگەتتى.

ئۆتكەن يىلى، يېڭى يىلغا ئىككى كۈن قالغاندا، بىزنىڭ ئالمۇتىغا ئاپاق قار ئاجايىپ قېلىن ياغدى. ھەممىڭلار كۆردۈڭلار. بۇمۇ ياراتقان ئىگەمنىڭ بىزگە بولغان سوۋغىسى بولسا كېرەك. يە، سىنىقمۇ ؟ ئۆزۈم گۇۋاھ ، كۆزۈم بىلەن كۆرگىنىمنى ئېيتاي.

باللارنىڭ ئەقلىيغون ۋە ئايفونلاردىن قوللىرى بوشىدى. بىر-ئىككى سائەت قار ئېتىشىپ، چانىدا تېيىلىپ ئويناپ، كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلدى. خېلى بولغان ئىكەن باللارنىڭ مۇنداق خۇشاللىقلىرىنى، ھەر بىرىنىڭ

كۆزلىرىدىن بەخت ئۇچقۇنلىرىنىڭ چاقنىشىنى كۆرمىگىلى.
«ھەي، ياراتقان ئىگەم، جاھاننى ئاق يوتقانغا يۆگەپ ئاق تىلەكلەر ئېلىپ كەلگىنىڭگە رازىمىز. ئاپئاق قارنىڭ قېلىنلىقى شۇنچىلىككى، يەردىكىلا ئەمەس، كۆڭۈلدىكى قارا داغلارنى كۆرۈنمەس قىلىپ كۆمۈۋەتتىڭ. ئاشۇ قارا نىيەتلەر قايتىلاپ چىقمىسۇنچۇ! ئەڭ بولمىغاندا يىلىغا بىر رەت قاربىلانغان، داغ باسقان، كىرلەشكەن دىللىرىمىزنى مۇشۇنداق ئىنسان ئايىغى تەگمىگەن ئاق قارنىڭ پاكلىقى بىلەن تازىلاپ، يۇيۇپ تۇرغىنە ، ئۇلۇغ ئىلاھىم. يەتتە قات پەزادىن چۈشۈۋاتقان ئاق قارىڭ بىلەن تەبىئەتنىلا ئەمەس، ئادىمىي زاتىنىڭ دىلىنى، يۈرۈكىنى پاسكىنىچىلىقتىن تازىلا. پەيلى، نىيىتىنى پاكلىققا بۆلگىن. ئۇيغۇرۇمنى چېچىۋاتقان، ئىككىگە بۆلۈپ پايدا كۆرۈۋاتقان قارا نىيەتلىك ئىپلاسلارنى ئاق قارىڭ بىلەن كۆمۈپ، سوغۇقۇڭ بىلەن ئۈششۈتۈپ، باش كۆتۈرمەس قىلغىنە»، دەپ ۋارقىرىغۇم كەلدى.

«ھازىرقى ئۆيلەرگە كىرەي دېسەڭ ئىشىك يوق. ئىشىكنى تاپساڭ، تۇتقۇچى يوق. بېشىڭنى تاتىلاي دېسەڭ چېچىڭ يوق، تاقىر باشنىڭ ئىچىدە مېڭە يوق. تېلېفون قىلاي دېسەڭ تۈگمىچىسى يوق»، دەپ ئەقلىيفونىمغا قاراپ ئويلىنىپ ئولتۇراتتىم. تىكىر - تىكىر قىلدى-دە، قىزىمدىن خەۋەر كەلدى. سائەتكە قارىدىم. يېڭى يىلغا يەنە بەش سائەت بار. «يېڭى يىلدا ئۆزى ئەمەس، سۆزى كەلگەنمۇ نېمە؟ يە، بالدۇرراق تەبرىكلەپ، كۆڭلىمىزنى ئېلىپ، كەينىدىن كېلەيلى دېدىمۇ» دەپ ئويلىدىم. «دادا، ئەسسالامۇئەلەيكۇم . يېڭى يىل مۇبارەك بولسۇن. ئاپام ئىككىڭلار تەڭ مۆڭدىشىپ، تەڭ قېرىڭلار»...

ھە، مانا، يېقىملىق، كۆڭۈلنى خۇش قىلىدىغان خەۋەرلەر كېلىشكە باشلىغانمۇ، نېمە؟ «رەھمەت، قىزىم، رەھمەت» دەپ ئويۇمنى جەملىشىمگە خەۋەرنىڭ چوڭى يېتىپ كەلدى. «دادا، بىز كېلەلمەيمىز. ئاپامغا دەپ قويارسىز. قېيىنئانامنىڭ ئەللىكتىن ئاشقان قىزى رەھمەتلىك بولدى. ئەتە نامىزى» دېگىنىنى ئۇقۇپ قولۇمدىن ئەقلىيفون قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى.

- ۋاي، جېنىم. كۆز قارىچۇقۇم، قاتتىق يەرگە چۈشتىغۇ. يېقىلىپ كەتكەندىمۇ؟ ئەمدىلا ئاران ئېرىشكەندە قىممەتتىن قىممەت ئەقلىيفوندىن ئايرىلىپ قالدىممۇ، نېمە؟ ئىسىت، ئۇنىڭغا كەتكەن پۇل. ئىككى ئايلىق پېنسىيەمگە ئېلىۋىدىم، - دەپ زارلىدىم. يوشۇرمايمەن، بۇ گەپلەرنى ئوچۇقلا، كېكىردىكىمنى قىرىپ تۇرۇپ، ۋارقىراپ سۆزلىدىم. ئەمما تېلېفوننى قولغا ئېلىپ ساقلىغىغا كۆزۈم يەتكەندىن كېيىن خىجىل بولۇپ قالدىم...

«ئەستاغپۇرۇللا، ئەستاغپۇرۇللا، ئەستاغپۇرۇللا ئەزىم! ئاۋۇ ياقتا ئادەم ئۆلۈۋاتسا، مېنىڭ ئەقلىيفوننى ئويلىغىنىم توغرا بولمىدى»، دەپ ئاسمانغا قوللىرىمنى كۆتۈرۈپ يالۋۇردۇم. «ھەي، ياراتقان ئىگەم، خام سۈت ئەمگەن بەندەڭنىڭ بىلىپ-بىلمەس قىلغان گۇناھلىرىنى كەچۈرگەيسەن» دېگەن دۇئالار ئاغزىمدىن تۆيۇقسىز چىقتى. ئەيىبكە بۇيرىماسسەن. خەپ، قۇدامغا ئوگالاي، يېڭى يىل يېڭى يىل بولدىدە. «بالام» دەپ يىغلاپ-قاقشاپ قالغان ئانىنىڭ ھالىنى كەينىنى يىرتىپ تۇغقان ئانىلا چۈشىنىدۇ. ئەڭ بولمىغاندا «ئانام» دەپ قىزى قالسىچۇ!؟ ئىسىت، ئىسىت، قۇدامنىڭ يۈرەك باغرى ئۆرتىنىپ، جاھان تار كۆرۈنىۋاتىدىغاندۇ. قانداق قىلىدۇ. چىدايدۇدە. ئاللاھ تائالا بىز بەندىلەرنى چىدامىلىق قىلىپ ياراتقانغۇ. بەلكىم بۇ بىر سىناقتۇ؟ خۇشاللىقنىمۇ، غەم-قايغۇنىمۇ كۆرۈشكە، تارتىشقا يارىتىلغانمىز. ئىلاھىم ياتقان يەرلىرىنى ياراتقان ئىگەم جەننەتلەردىن قىلغاي» دېگەن سۆزلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

قۇدامنىڭ ئۆيىگە يېڭى يىلغا تۆت سائەت قالغاندا يېتىپ باردىم. سوغۇق بولغاچقا، ھويلىدا ئادەم قالماپتۇ. ئۆيلىرىنى خويمۇ كەڭ، كۆپ بۆلمىلىك قىلىپ سېلىۋالغان ئىكەن. ھەممەيلەن ئىچكىرىدە ئولتۇرۇپتۇ. ئەركەك قۇدا مېنى باغرىغا باسقىنىچە قېتىپ قالدى. ئاغزىدىن سۆز چىقمايدۇ. دەردى ئىچىدە. بۇقۇلدىغان ئاۋازدىن باشقىسى ئاڭلانمايدۇ. «ئەر كىشىنىڭ ئاسانلىقچە كۆزىدىن ياش چىقمايدۇ. دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۆلۈپ كەتسىمۇ ئېيتمايدۇ» دېگەن گەپلەرنىمۇ تالاي ئاڭلىۋىدىم. «ھەي، قۇدا، دەردىڭنى ۋارقىراپ بولسىمۇ چىقارساڭچۇ. كۆيۈۋاتقان يۈرىكىڭگە سوغۇق سۇلارنى چاچساڭچۇ»، دېمەكچىمۇ بولدۇم.

- قارىمامسەن قۇدا. كۆز قارىچۇقۇم، ئاسماندىكى ئاي يۇلتۇزۇمدىن ئايرىلىپ قالدىمغۇ. ئەمدىلىكتە «قۇياشنىڭ ئىسسىق تەپتىدە كۆيمىگەن ئاتام، قىشنىڭ قاتتىق سوغۇقلىرىدا ئۈششىمىگەن ئانام» دەپ، بىز ئۆلگەندە كىم يىغلاپ ئۇزىتىدۇ. مېھرىبانىمدىن ئايرىلىپ يۈرەكلىرىم زېدە بولدىغۇ» دەپ پاڭگىدە يېرىلدىدە، مېنىڭمۇ كۆزلىرىمدىن مۆلدۈر ياشلارنىڭ ھاسىل بولۇشىغا ئېلىپ كەلدى.

چۆرىدەپ ئولتۇرغان قېرىنداشلارنىڭ ئارىسىدىن ھاجىر قۇدامنىڭ قوشاق زارى مېنى تېخىمۇ ئېزىۋەتتى.

قۇياش كەبى نۇرلۇق قىزىم، ئالتۇن قىزىم،
نۇرلىرىڭ ئۆچۈپ قالدى يالقۇن قىزىم.
قارىقاتتەك جۈپ بۇلاق ئىككى كۆزۈڭ.
يۇمۇلدىغۇ مەڭگۈگە باغرىم قىزىم.
ئاتاڭنى زار قاقشىتىپ،
ئاناڭنى زار قاقشىتىپ،
قېرىنداشنى زارلىتىپ،
نەگە كەتتىڭ چان قىزىم،
ئەللەي ئېيتسام ئۇخلاتتىڭ،
ناخشا ئېيتسام تىڭشاتتىڭ.
ئەللەي، قىزىم، ئەللەي،
ئەمدى :
مەڭگۈگە ئۇخلا، ئەللەي»...

قېرىلىق يەتكەندە كۆزدىن ياش چىقسا ئورنىدىلا قېتىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. قېتىپلا قالسا مەيلىتىغۇ، كىرپىكلىرىمگە شىلىم كەبى چاپلىشىپ، كۆزۈمنى ئاچقۇزمايلا

قويدى. يېڭى يىلغا ئىككى سائەت قالغاندا قۇدامنىڭ ئۆيىدىن قايتتىم. ئەتىسى، نامازغىچە ئولتۇرۇپ قالسام بولىدىغان ئىشتى، ئەمما سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس. ھېكايىنى ئوقۇۋاتقان سىزگىلا ئېيتاي. ئاڭلاپ قىلىڭ. بۈگۈنكى كۈننىڭ تېبابىتى ناھايىتى كۈچلىنىپ كەتتىغۇ. مەيدەمنى قاق ئىككىگە يېرىپ، پۈتۈمنىڭ بۇلجۇڭ گۆشىدىكى تومۇرنى يۈرىكىمگە ئۇلاپ قويغىنىغا ئىككى يىل بولغان. سەل ئەنسىرەشلەر بولسا، قان قىسىمىمدا مەسىلە چىقىدۇ.

سوغاقتىن ئۆيگە كىرىشىم بىلەن ئېزىلىپ قاپتىمەن. ئۈگدەپ ئولتۇرۇشۇمغا ئەقلىيفونىمغا يېڭى ئۇچۇر كەلدى. ئالماي، ئاچماي، ئوقۇماي دېسەم «تىكىر -تىكىر» قىلىشى ئېچىمنى سىقىۋەتتى. «يەنە قايسىدۇر بۇ؟ ئاغىنىلەر ئالدىن-ئالا تەبرىكلەۋاتىدۇ، تايلىق» دەپ خۇمارلاشقان كۆزلىرىمنى ئېكرانغا چاپلىدىم. «ئاداش، چاپسان كەل! بىز ھەممىمىز مۇشۇ يەردە. بۈگۈنكى مەشرەپ بولمايدىغان بولدى» دەپ يېزىپتۇ ئابلىمىت ئاغىنەم. ئېسىمگە يېڭى يىللىق مەشرەپ كەلدى. ئۇ ئىلياس ئاغىنىمىزنىڭ ئۆيىدە بولاتتى. «ئەگەر مەشرەپ بولمىسا، نېمە دەپ بارىمەن؟ مۇشۇ ئاغىنىلەرمۇ قىزىق، ھە؟ بېشىنى ھەرە چېقىۋالغاندەك گەپلەرنى يازىدۇ. ئەگەر دۇتارىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغۇسى كەلمىسە تۈزۈلا ئېيتمامدۇ. «ئاداش، دۇتارىڭنىڭ كېرىكى يوق، دېسە چۈشىنىمەنغۇ. ئۆزۈم دېسە ئايلىنىپ قاچىدىغان ئاغىنىلەردە، بۇ» دەپ ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ، چاقچاق قىلىپ: «تۇخۇمدىن يۇڭ قىرقىيدىغان پىخسىقلار قەۋەت-قەۋەت بىنالاردا دېسەم، بىر قەۋەتلىك ئۆيلەردىمۇ بار ئوخشىمامدۇ؟ مەشرەپ بولمىسا نېمە دەپ بارىمەن؟ ئۆزۈڭلار ئويناپ، پۇغانىڭلارنى قاندۇرىۋېلىڭلار» دەپ جاۋاب يازدىم. ئابلىمىت كۆپ كېچىكتۈرمىدى. «ئاداش. سېنىڭ يۈرىكىڭ ناچار دېگەننى قىلىپ ئوچۇق ئېيتمىۋىدىم. ئاڭلاپ قال. بۈگۈن نەۋرىلىرىنى ئىستىراھەت بېغىغا ئاپىرىپ ئوينىتىپ كەلگەن ئىلياس «كىچىككىنە دەم ئالاي» دەپ يېتىپلا، كۆزىنى ئاچالماي قاپتۇ. ئاغىنىمىزدىن تۇيۇقسىز ئايرىلىپ قالدۇق...»

ئاغىنىنىڭ يە چاقچىقى، يە ھەق سۆزى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدىم. ئىككى كۈن ئىلگىرىلا ئۆزىنىڭ ئۆيىگە يېڭى يىللىق مەشرەپكە چاقىرغان ئىلياسنى «ئۆلۈپ قالدى» دېسە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمىدى. تۈنۈگۈن ئىككىمىز بازاردىن نەرسە كېرەكلەرنىڭ ھەممىسىنى – قېزا-قارتىدىن تارتىپ توخۇ سۈتىگىچە ئېلىپ ئۆيىگە يەتكۈزگەن ئەمەسمىدۇق. «ھەي، مۇنۇ ئابلىمىتنىڭ بىزنى ئوينىتىپ، ئاغىنىلەرگە مۇناسىۋەتلىك «قاتتىق، ئەسكى» چاقچاقلىرى بولىدىغان. شۇنىڭ بىرسىمىكىن؟ ئالماسبەگ نېمىشقا خەۋەر بەرمىدى؟ شۇنىڭدىن سوراپ كۆرەي».

ئالماسبەگ تېلېفوننى كۆتۈرمىدى. «ھە، بۇ ئىككىسى كېلىشىۋالغان ئوخشىمامدۇ؟ توختا، ئايالى ئالىيەمگىلا تېلېفون قىلمايمەنمۇ؟» دەپ كېلىپ، يالتىيىپ قالدىم. «ئۆلۈم دېگەن قاش ۋە كىرپىك ئارىسىدا» دەيدىغان. راست، يالغان بولسىمۇ باراي، بەربىر مەشرەپ بارغۇ» دەپ خىيال دەرياسىدىن سۈڭگۈپ چىقىپ، ئايالىمنى قولتۇقلاپ يەنە يولغا ئاتلاندىم. خۇداغا مىڭ قات شۈكۈر، ھازىر تاكسى دېگىنىڭ ھەر بەش مىنۇتتا بىرى كېلىپ توختاپ تۇرىدۇ.

ئاغىنەمنىڭ ئۆيىگە يېقىنلىشىشىم بىلەن سائەت تىلىنىڭ تۈن يېرىمىنى كۆرسەتكىنىگە قارىماي، ئوغۇل بالىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلىدىم. مانا مۇشۇ چاغدىلا ئىلياس ئاغىنەمدىن ئايرىلىپ قالغىنىمغا كۆزۈم يەتتى. ئايالى ئالىيەم رۇس تىللىق مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئىدى. مىللىي روھىنىڭ كۈچلۈكلۈكى تۈپەيلىدىن مەكتەپتە ئۇيغۇر سىنىپىنى ئېچىشقا كۈچ چىقارغان ئىدى. ئەمدى يۇرت -جامائەتنىڭ ياردىمىدە باللارنى توپلاش ئىشلىرىنى ئاخىرىغىچە يەتكۈزۈشكە كۈچ چىقارغان ئەزىمەتلەردىن ئابدۇخالىق ھەمرادىن كېيىنكىسى مۇشۇ ئاغىنەم ئىلياس ئىدى. «ھەي، ياراتقان ئىگەم! بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ مىللىتىمنىڭ بىر شىرغۇران ئوغلىنى ئۆز دىيارىڭغا ئېلىپ كەتكىنىڭ نېمىسى؟ يە، مىللەتپەرۋەر ئىنسانلار ئۇ ياقتىمۇ كېرەك بولۇپ قالدىمۇ؟ بىزنى كەڭچىلىكتە ياشاۋاتىدۇ، دەردى يوق دېدىڭمۇ، يە؟ ئەنە، قارىغىنا، زامانىسىدا مىڭلاپ بالا ئوقۇغان ئۇيغۇر مەكتەپلىرىمىز قىسقىراپ كېتىۋاتىدۇ. مىللىتىمىز سەركىلىرىنى مەنسەپ ئۈچۈن ئىككىگە بۆلۈنۈپ، قۇتلۇق دىيارىمىزدا «ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق» دەپ قىرىلىشقاندەك، «شەھەرلىك»، «جۇمھۇرىيەتلىك» دەپ قالايمىقانچىلىقتا قالدى. چېگرانىڭ ئۇ قېتىدىكى پايانسىز ئۇيغۇر دىيارىدا ۋەتەن داۋاسىنى قىلىۋاتقان ئۇيغۇرۇمنىڭ قىرىلىۋاتقىنىچۇ؟ قېرىنداشلىرىمنىڭ بۆرەك، بېغىرلىرىنىڭ سېتىلىۋاتقىنىچۇ؟ ياش ئەۋلادنى باشقا مىللەتكە ئايلاندۇرۇش نىيىتىدە جازالاش لاگېرلىرىنى قۇرغاننى ئاز دەپ، تىنچلىق دىيارىمدىكى قەدىناس دوستلىرىمدىن ئايرىغىنىڭ نېمىسى؟ باشقا ئادەم تېپىلمىدىمۇ» دەپ ۋارقىرىغۇم كەلدى. تېنىم شۈركىنىپ، كۆزۈمگە ياش ئولاشتى. تامقىم قىرىلىپ، ئۈنۈم چىقماي قالدى. مېنى، دادىسىنىڭ يېقىن ئاغىنىسىنى كۆرۈشى بىلەن ئوغلى نازىم تېخىمۇ زارلاپ يىغىنى سالدى. «ۋاي ئاتام، ۋاي ئاتام، كۆيۈمچىنىم، ۋاي ئاتام. تاغدەك تىرەك، ۋاي ئاتام. جاپاكەش ئانامنى، مۆلدۈرلىگەن قارا كۆز باللىرىڭنى، دىلكەش ئاغىنىلىرىڭنى يىغلىتىپ قويۇپ نەلەرگىمۇ ماڭغانسەن؟ مانا، تەمبىرىڭگە تەگكەش بولىدىغان ئاغىنەڭمۇ كەلدى. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولماي نەلەرگىمۇ كەتكەنسەن، ئاتا. بىزنى، مۇڭغا تولغان تەمبىرىڭنى ئەمدىلىكتە كىممۇ سايرىتار ئاتا. ۋاي ئاتام، ۋاي ئاتام» دەپ زارلاۋاتىدۇ.

ئۆيگە، ئايالى ئالىيەمنىڭ يېنىغا قانداق كىرىشىمنى بىلمەي تۇرىمەن. پۇتلىرىم لاكاسلاپ، تىترەپ، ماڭالمايلا قالدىم. يە، تىلىم سۆزگە كەلسىمۇ كاشكى. بىر چاغدا ئۈستۈمدىن قايناق سۇ قۇيۇلغاندەك بولدىدە، كۆزۈم قاراڭغۇلۇشۇپ، ئۆزۈمنى يوقاتتىم. كۆزۈمنى ئاچسام، ئەتراپىمدا ئاق خالاتلىق كىشىلەر توپلىشىپ كېتىپتۇ. ئىلياسنىڭ ئايالى ئالىيەم بىلەن مېنىڭ ئايالىم بېشىمدا ئولتۇرۇپ بەسلەشكەندەك ۋارقىرىشىپ يىغلاۋاتىدۇ. يېرىم ئەسىر بىللە تۇرۇۋاتقاچقا ئايالىمنىڭ ئۈنىنى بىردىن تونۇدۇم. ئالىيەمنىڭ ئۈنى بولسا خىرىلداپ، بوغۇق ئاۋازدا چىقىۋاتاتتى.

ئاغزىڭ ئاشقا يەتكەندە،
بېشىڭ تاشقا تەگدىغۇ، جورام .
ئىلىياس جېنىم خوش بولغىن،
مەندىن رازى سەن بولغىن.
بۇ قايغۇلار ئاز ئەمەس،

دوستۇم ئەنۋەر سەن تۇرغىن»، دېگەن نالە قۇلىقىمغا كىردى. كۆزۈمنى ئېچىشىم بىلەن ئايالىم قول ياغلىقىنى يۈزىدىن ئېلىپ، يىغىدىن چىپىلا توختاپ قالدى. ھەي، قېرى مۇھەببەتمۇ ئۆز بەلگىسىنى كۆرسىتىدىكەن. مېنىمۇ «ئۆلۈپ قالدى» دەپ ئويلىغان ئايالىمنىڭ چېھرىسىدىن ئىللىق تەبەسسۇمنى تۇتۇۋالدىم. ئالىيەم بولسا، كۆزىنى ئاچالماي، يەنىلا ھازا قىلىشنى داۋام قىلماقتا.

مەشرەپنىڭ گۈللىرى ئىككىڭ ئىدىڭغۇ ،
ئىلىياسىم تۇيۇقسىز، گۈلدەك سولدىڭغۇ.
قىز-ئوغلۇڭ، نەۋرەڭنىڭ راھىتىنى كۆرمەي،
قىشنىڭ سوغىدا ئۈششۈپ كەتتىڭمۇ؟»...

– ياق، ياق، مەن ئۈششىمىدىم، مەن هايات، – دەپ ئورنۇمدىن تۇرۇشقا تەمشەلدىم. مېنىڭ ئۆز كۈچۈم بىلەن تۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقىنىمنى كۆرگەن ئالىيەم مېنى تېخىمۇ قاتتىق قۇچاقلىدى.

جېنىم دوستۇم، ئەنۋەرجان .
ئامان بولغىن ئەنۋەرجان .
ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلۈش بولسا،
ئىلىياسىم بىلەن مەن كېتەي،

– ۋاي، جان ، – دەپ بېشىمدىن قۇچاقلىدى.
«تېز ياردەمنىڭ» خادىملىرىغا «بارمايمەن» دەپ قولدىن قەغەز بېرىپ، بىرئاز دەم ئېلىش، دورىلىرىنى ئىچىۋېلىش ئۈچۈن ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. كەلسەم، يېڭى يىل ئاللىقاچان بىزنىڭ ئۆيگىمۇ كېلىپ كېتىپتۇ. ۋاقىت سەھەرگە يېقىنلىشىپ قالغانلىقتىن ئۆيدىكىلەر – بالا-چاقا نەۋرىلەر يېڭى يىلنى تەبرىكلەپ بولۇپ تاتلىق ئۇيقۇغا چۆمۈپ كېتىپتۇ. يېتىپ، ئەمدىلا كۆزۈم ئىلىنغان ئىكەن، تاشقىرىدىن دەرۋازىنى چەككەن ئاۋاز ئاڭلاندى. «تاڭ ئاتماي تەبرىكلەپ يۈرگەن كىملەردۇ؟ بېشى ئاغرىپ، ساقايتىشقا كەلگەن بىرلىرىمۇ؟ توختا، ئىشىكنى ئېلىپ يېتىۋاپتىمىز، يە، نەۋرىلەر ئۆيگە كىرمەي قالغانمۇ؟». ئەندىشىلەر ئىلكىدە دەرۋازىنى ئاچتىم. «ئايدىن دېگەن كىشىنىڭ ئۆيى مۇشۇمۇ؟ دەپ سورىغان ئۈچ كىشىگە «ھەئە» جاۋابىنى بەرگەچ، ئۆزۈمنى «ئايدىنىنىڭ دادىسى» دەپ تونۇشتۇردۇم. بىرى ياشانغان، ئىككى ئەر كىشىنى ئۆيگە باشلىدىم. مومىيىممۇ ئۆيگە كىرگەنلەرنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، ئېگىلىپ سالاملاشتى. «مەن چاي قوياي» دەپ كەينىگە مېڭىۋىدى، مويسىپىت كىشى توختىتىۋالدى.

– سىلەر بىزنى تونۇمايسىلەر، بىزمۇ سىلەرنى تونۇمايمىز. ئوغلۇڭلار ئايدىنىنىڭ قىزى سىلەرگە نەۋرە بولىدىكەن. شۇ ياقىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئالدىڭلارغا كېلىپ ئولتۇرىمىز. باللار باللىق قىلىپ قويۇپتۇ. كېچە مېنىڭ نەۋرەم سىلەرنىڭ نەۋرىنى ئېلىپ كەپتۇ. مۇنۇ قول خېتى، – دېمەسمۇ.

مومىيىم «دۈكۈرلا» قىلىپ يېنىمغا يىقىلدى. ئوغلۇم، كېلىنىم مومايىنىڭ يۈزىگە سوغۇق سۇ چېچىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپ قويماسمۇ. يىغىنى سالدى!؟ ئىككى ئۆلۈمدە بولۇپ، يىغىغا چاق تويۇپ كەلگىنىمنى خىيال قىلسام، «مومايىنى ھوشىغا كەلتۈرمىسەممۇ بوپتىكەن» دېگەن تەتۈر ئويغىمۇ كەلدىم. «ۋاي، بالام، ۋاي، ئالتۇنۇم. تېخى كىچىك دەيتىمغۇ سېنى. ئۆزۈڭ بالىسەن دەيتىمغۇ سېنى، قانداقلارچە كېتىپ قالدىڭ، قوزام، ئالتۇنۇم. ئالدىڭدا ئاكاڭ بار ئىدىغۇ بالام» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىراشقا باشلىۋىدى، يۆلەشتۈرۈپ يۈرۈپ ئىش بۆلمەمگە ئەكىرىش بىلەن يىغىدىن قۇتۇلدۇم.

يېڭى يىلدا كەلگەن يېڭى قۇدىلار بىلەن تونۇشلۇقنى ئەۋلادىدىن–يەتتە ئاتىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ باشلىغىنىمنى سىلەرگىلا ئېيتاي. كۈلمەڭلار. باشقىلار ئاڭلىسا ئۇيات. بىر كەلگىنىدىلا «ماقۇل دەپتۇ» دەپ قالدۇ. بۇنىڭغا بىر داڭلىق كىشىنىڭ سۆزى سەۋەبكار : «قازاق بىلەن قىرغىز ئۆزىنىڭ يەتتە ئاتىسىنى ئىزدەيدۇ. قانىنىڭ تازا بولۇشىنى نازارەت قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلاردا جەڭگىۋارلىق روھ كۈچلۈك. ئامما ئۇيغۇرلار ئىزدىمەيدۇ. ئۇيغۇرلار يېقىن تۇغقانچىلىق ئارقىلىق بىر-بىرىنى قەدىرلەيدۇ. قېرىنداشلىق مېھىر-مۇھەببەت، ھۆرمەت ئۈستۈن. كاللىسىنى چاپساڭمۇ ئۆزلىرىگە، بىر-بىرىگە قارشى چىقمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلاردا، جەڭگىۋارلىق روھ يوق» دېگىنى كەلدى.

مانا، مۇشۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن بېرى مەن بالىلىرىمدا جەڭگىۋارلىق روھنى ساقلاپ قېلىش يولىدا كۈرىشىپ، ئۆز يېقىنلىرىمىز بىلەن ئائىلە قۇرۇشنى چەكلىگەنمەن. مېڭىسىگە قۇيغانمەن. قىسقىسى، «ۋەتەن ئازادلىقى» دېگەن ئاجايىپ سۆزنىڭ ئورنىغا ئەنە شۇنداق مىللىي، جەڭگىۋارلىق روھى بار ئەۋلاد تەربىيەلەشنىڭ يولىنى تۇتقانمەن. كىم بىلىدۇ، ۋاقىت ئۆتۈپ، مېنىڭ بالىلىرىمدا مىللىي روھ ئويغىنىپ، «مۇنۇ مېنىڭ تۇغقىنىم، مۇنۇ خوتۇنۇمنىڭ» دېمەستىن، ۋەتەن، مىللەت، ئۇيغۇرنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن جان دىلى بىلەن كۈرەشىدىغان، ھەتتا قۇربان بولۇشقا تەييار ئەۋلاد دۇنياغا كېلىپ قالار!

خۇداغا مىڭ قات شۈكرى، يېڭى كەلگەن قۇدىلارنىڭ بىزنىڭ يەتتە ئاتىمىز بىلەن ھېچ باغلىنىشى يوقكەن. ئىككى ياشنىڭ باسقان قەدىمى قۇتلۇق بولسۇن، يېڭى يىلدا ئويلىغان ئارمانلىرى روياپقا چىقسۇن»، دېگەن تىلەكلىرىم بىلەن يېڭى قۇدىلارنى يولغا سېلىپ قويدۇم. ئىش بۆلمەمگە كىرسەم، موماي «خۇددى مەن نەۋرىسىنى قاچۇرىۋەتكەندەك» قاپىقىنى ئاچماي، دومساراپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا قاراپ كېلىنىڭمۇ قاپاقلىرى تۈتۈلۈپ، ھازىر يامغۇر ياغىدىغان ھالەتتە. «دادا، ئۆيى قەيەردىكەن؟ مەن ھازىر بېرىپ، ئېلىپ كېلىمەن. قىزىمنى بەرمەيمەن» دەپ كېلىنىم ئورنىدىن تۇردى.

چۈشىنىۋاتىمەن. توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈپ،

ئەمچەك سۈتى بېرىپ باققان قىزىدىن قانداق ئانا كېچىشى مۇمكىن؟ قارىسام، «پىتنىڭ چاققىنىغا چىدىماي، كۆينەكنى ئوتقا تاشلىماقچى» بولۇۋاتىدۇ. «ئۇۋۋاش، مۇنۇ ئىككىسى نېمانداق قىلىدۇ؟ قىزىڭلارغا ۋاقتىدا قاراپ، جېكىلەپ تۇرغان بولساڭلار قاچماس ئىدى. ئەمدى كېلىپ بىرى دومسىيىپ، ئىككىنچىسى «شۋارڭتسىنېگىردەك» ھۆرپىيىشىناي. قىز بالا ئانىغا يېقىن بولىدىغۇ. بىرىڭ «كىچىك» دېدىڭ، يەنە بىرىڭنىڭ چايدىن ۋاقتى بولماي، يەتكەن كۆنۈلگلار مۇنۇ. بولدى قىلىش» دەپ ۋارقىراي دېدىمدە، تېزلا يالتايدىم. ھېلىقى: «ئوغلۇم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم تىڭشا» دېگىنىدەك قىلدىم. «ئايلىنىپ كېتەي مومىيىم. پەيلىنىمۇ پەملەشكە بولىدۇ. پەيلىڭ بۇزۇق بولسا، ئاقىۋىتى يامان. شۇڭا، پەيلىمىزنى تۈز تۇتايلى. «سەۋرىڭ تېگى سېرىق ئالتۇن» دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ سىلەر. كۆز ياش بىلەن يىغا چاقىرىپ، پەيلىنى بۇزۇپ، يامانلىقنى ئېلىپ كېلىشكە تازىمۇ خۇمار ئىكەنسىلەرغۇ . بېرىپ، ۋارقىرىشىپ، جارقىرىشىپ ئېلىپمۇ كەلدىڭلار دەيلى. نېمە پايدا كۆردۈڭلار؟ «يېڭى ھاياتقا قەدەم تاشلايلى» دېگەن ئىككى ياشنىڭ پۈتىغا پالتا چاپقانلىقىغا ئوخشاشلا ئىش. ئۇنىڭدىن كۆرە، قىزىڭلارغا ياخشىلىق تىلەڭلار. «ئوبدان بوپتۇ، قىز بالىغۇ، تالانىڭ ئادىمى، بارغان يېرىگە سىڭىپ كەتسۇن، دېمەمسىلەر. كەلگەن مېھمانمۇ خۇشال قايتىدۇ. مانا، تۈنۈگۈنلا كۆردۈڭ، ئاڭلىدىڭ. يېڭى يىلدا بىر قۇداڭ قىزىڭنىڭ دەردىدە كۆز ياش قىلىۋاتىدۇ. يولدىشىنىڭ دەردىدە يەنە بىر دوستۇڭنىڭ يۈرەك باغرى ئۆرتىنىۋاتىدۇ. قان يىغلىشىۋاتىدۇ. نەۋرە قىزىڭ ئامان ئېسەن، تىرىكقۇ؟ بىر قۇتلۇق ئۆينىڭ بوسۇغىسىنى ئاتلاپتۇ. يامان يەرگە بارمىغاندۇ، ئۇنى ۋاقت كۆرسىتىدۇ» دەپ ئورنۇمدىن تۇرۇشقا تەمشەلدىم.

– ئۇ دېگىنىڭىز توغرا، ئاتىسى. بىراق قولدا ئۆسكەن، چوڭ بولغان نەۋرىنىڭ ئوتى باللىدىنمۇ يامانكەن. بېشىمدىن بىر قاپاق قايناق سۇ قۇيۇلغاندەك تۇيۇلدى ماڭا، –دەپ قول ياغلىقىنى قاتلاشقا باشلىدى مومىيىم. كېلىنىم ئاستا، سىيرىلىپ بۆلمىدىن چىقتى.

«كېلىن، كېلىن» دەپ ھازىر سىلەر بىلەن مۇڭداشقاندىلا دەۋاتىمەن. بۇ يىللار جەريانىدا ئۇ مېنىڭمۇ ئۆز قىزىم بولۇپ كەتتى. ئىلاھىم، «نەۋرەممۇ بارغان يېرىگە قۇمغا سۇ سىڭگەندەك سىڭىپ، قۇدىلارغا ئۆز قىزى كەبى بولۇپ كېتىشىنى ئارمان قىلىمەن»، دەپ تۇرۇشۇمغا ئەقلىيفونۇمغا يېڭى ئۇچۇر كەلگەن ئوخشايدۇ، تىرىقلاشقا باشلىدى. قوللىرىم تىترىگەن، قورقۇنچلۇق ئىلكىدە يەنىلا ئاچتىم. يۈرەك باغرى قانغا بويىلىپ، زارلاپ قالغان ئالىيەمدىن كەپتۇ. «دوستۇم، ئەنۋەرجا، قانداق بولۇپ قالدىڭىز؟ بىزنى تازىمۇ قورقۇتتۇڭىزغۇ ؟ ساقىيىپ قېلىڭ، – دەپ كېلىپ، تۆۋەندىكى قوشاقنى قوشۇپتۇ.

كۆز يېشىم تۆكمەن ئىلياسنى ئويلاپ،
ئۇ ماڭغان يوللارنى، ھويلىنى بويلاپ.
كىم مېنى بەزلەيدۇ، يىغامنى بېسىپ،
ئۆرتەنگەن يۈرەككە سوغ سۇنى چېچىپ...

مومىيىمغا ئۇچۇرنى كۆرسەتتىم. ئۇ ئوقۇپ، مۇڭغا تولغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى.

– ھە، موماي! ھەر بىرىمىز غەلۋىردە تاسقىلىپ كېتىۋاتىمىز. بۈگۈن ئۇ، ئەتە كىم پەقەت ياراتقان ئىگەمگىلا ئايان، – دېدىم. يىغىغا مۇناسىۋەتلىك بىر چاغلاردا يېزىپ قويغان:

ئاتاڭدىن ئايرىلساڭ، بىر كۆنلۈك يىغا،
ئاناڭدىن ئايرىلساڭ، بىر كۆنلۈك يىغا.
قېرىنداش، قۇياشمۇ بىر كۆنلۈك يىغا،
ۋەتەندىن ئايرىلىش– مەڭگۈلۈك يىغا،

دېگەن مىسرالارنى ئەسكە ئېلىپ ئۈنلۈك ئوقۇدۇم. مومىيىم مېنى قوللىدى، تايلىق. كىيىم ئاسقۇچتىن تۆپەمنى ئېلىپ بەرگەچ، كالىچىمنى بوسۇغىغا قويدى. بۇ ئالىيەمنىڭ ئۆيىگە بېرىشىمىز كېرەكلىكىنىڭ ئىزناسى ئىدى...

2020 -يىلى 1 -يانۋار، ئالمۇتا

ئاچ كۆزلەر پۈتۈن دۇنيا مېلىغا ئىگە بولسىمۇ تويمايدۇ.

ئاچ كۆزلۈك شۇنداق بىر كېسەللىكى ، ئۇنىڭغا ھېچ داۋا يوق، ئۇنى بۇ دۇنيانىڭ قامانلىرىمۇ داۋالىيالمايدۇ.

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابدىن ئېلىندى

# شېئىرلار

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى



## ۋەتەن قەسىدىسى (1)

قۇش
قەپەسىدىكى چاغدا
خىيالى ۋە تېخىرقاشلىرىنى سولاپ بولماس
ئەركىندۇر ئەركىن.
ئەركىنلىككە چىققاندا
سولايدۇ ئۆزلىرى خالاپ
خىيالى ۋە تېخىرقاشلىرىنى
ۋەتەن دېگەن قەپەسكە لېكىن.
2014 -يىلى 27 -دېكابىر

## ۋەتەن قەسىدىسى(2)

بۇ يەرگە مېنى باغلاپ تۇرغان نەرسە يوق
ھەرقانداق كىتابلار تەق
ھېچ توسقۇنسىز كىرگىلى بولىدىغان
كۇتۇپخانىدىن باشقا
ئاق دېڭىزنىڭ بىر گۈزەل لىرىكىنى ئەسكە سالىدىغان
گۈزەل ساھىلى
خىرەلىشەر مەن كۆرگەن نۇرغۇن
گۈزەل كىنولار كەبى
خەيفا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ
مەن قانمايدىغان كۇتۇپخانىسىدىن باشقا

پەيغەمبەر ۋە ئەۋلىيالارنىڭ ئىزى
يەنە بىر كۈتۈپخانا
يەنە بىر لۇغەت
كارمىل تېغى ۋە قۇددۇس كونا شەھىرىدىكى
گۈزەل رومانتىكا
لېكىن كېتەلەيمەن ئۇلارنى تاشلاپ
كېتەلەيمەن ئۇلارنى
خاتىرەمگە كۆچۈرۈپ
ۋەتەنگە باشلاپ
مېنى توسۇپ تۇرالماس ھېچقانداق نەرسە

ۋەتىنىمدە بۇنداق ئوچۇق كۈتۈپخانا يوق
لېكىن ھەربىر كۆز
بۇلاقتۇر
ھېكايىلەر تۇرغان قايناپ
ھەربىر تاش
بىردىن كۇتۇپخانىدۇر
ۋە ياكى بىر باش
كېسىلىۋېرىپ تاشقا ئايلانغان
بولسام ئايرىلماق
ئاھ ئاشۇلار
ئۆتمەك مۇمكىن ئەمەس بىر داۋان بولۇپ
ئالدىمنى تۇرىدۇ توساپ
قەدەملىرىم
كىملەرنىڭدۇر كۈلۈمسىرىشىگە
ياكى
دۆڭ كۆۋرۈكتىكى نامسىز بىر تۈپ دەرەخكە
قالار باغلىنىپ
باغلانغاندەك
پىرومىنتى بىر قىيا تاشقا

ئايرىلىشىم مۇمكىن
بۇ قۇتسال زېمىندىن

كونا جايلارغا قاراپ-قاراپ
ئاستا ۋە ئاستا
لېكىن سەندىن قانداق ئايرىلىمەن
ئۆمۈرلۈك مەھبۇسىڭمەن
خەرىتىنىڭ بىر بۇرجىكىدە
چاڭ باسقان رەسىمدەك مۈگدەپ ياتقان*
بارلىق ھېكايىلىرىمنىڭ ئىگىسى
ئاخىرلاشقان ۋە ئاخىرلاشمىغان
ئەي مېنىڭ دەردلىك ۋەتىنىم.

2016 -يىلى 14 -يانۋار، خەيفا

## شېئىرنىڭ ئىقرارى

سۆزلىشىمنى بولساڭ چەكلىمەك،
بەس بولدى قىل،بولما ئاۋارە.
ئامال قىلىپ ئەتسەڭ ئېغىزنى،
كۆزۈم بىلەن تاپىمەن چارە.

ئەتسەڭ ئەگەر كۆزۈمنىمۇ ھەم،
قەلبىم ئىسيان قىلىدۇ شۇئان.
ئايلىنىدۇ بەدىنىم تىلغا
سۆرەن سالار تومۇردىكى قان.

ئوڭ دېيىشكە قويمىساڭ گەر،
ئوڭ تەرەپكە باقمەن مېڭىپ.
ئوڭ تەرەپكە ماڭماق توسۇلسا
يىقىلىمەن ئوڭغۇمغا بېقىپ.

مەن ھاۋاغا كېتىمەن ئوخشاپ،
ھەممە يەردىن مۇمكىندۇر تېپىش.
بىھۇدەدۇر مېنى چەكلىمەك،
بويسۇندۇرماق ،ھەتتا يوق قىلىش.

شېئىر ئەمەس قەپەسىڭدىكى،
بەلكىم بىر شىر بولۇشى مۇمكىن .
شېئىر ئەمەس ئۆلتۈرگىنىڭ ھەم،
بەلكىم بىر سىر بولۇشى مۇمكىن ،

شېئىر ئەمەس قالسا سولىنىپ،
شېئىر ئەمەس ئۆلتۈرۈلسە ھەم.
شېئىر ئەمەس ئەمالار ئۈچۈن
بىر ئۆتكۈر كۆز بولالمىسا ھەم.

2013 - يىلى 6 -ئاپرېل

## كۇتۇپخانا

كۆزۈڭنى ئوقۇپ تۈگىتەلمىدىم
تېخى ئاخىرلاشمىغاندەك بىرەر يېرىم بەت
كۈلكەڭ بىر كىتاب باشقا يېزىقتا
ئوقۇشقا ئېلىپبە لېكىن بىھاجەت
ماڭغان يوللىرىڭنى ئاختۇردۇم تەكرار
ھەر ئاختۇرغاندا يېڭى بىر مەنە
دېگەن سۆزلىرىڭنى ئەسلىدىم تەكرار
يېڭى بىر دۇنيا ھەر سۆز كەينىدە
ئىككى جايدا بىز دېسەم ئىككىمىز
مەۋجۇدلۇقىڭ تۇرۇپتۇ قورشاپ قاتمۇ قات
كۆزۈڭ ھەممە جايدا،قېچىش ئۇلاردىن
مۇمكىن ئەمەس مۆرەمگە چىقسىمۇ قانات
چېچىڭنى ئوقۇپ تۈگىتەلمىدىم
ھەربىر چاچ بىر تىلسىم،بىردىن ئىمتىھان
خەتلەر ئارىلىقىدا مەن بىر چۈمۈلە
ھىجرانىڭ بولغاندا جېنىمغا زىندان

2016 -يىلى 17 -يانۋار، خەيفا

## سەن يوق كوچىلاردا ھېچكىممەن ھېچكىم

سەن  يوق كوچىلاردا ئاۋۇماس يولۇم
بىلىنمەس ئەتراپىڭ چىرايلىقلىقى.
سەن يوق كوچىلاردىن ئۆتتۈم كۆپ قېتىم
مېڭىشىڭ كېرىكى قالمىغان كەبى.

سەن يوق كوچىلاردا مەۋجۇدات غېرىب
تووۋلايدۇ ئىسمىڭنى يامغۇر بىتىنىم.
بارلىقىم كەينىڭدىن ئەگىشىپ كېتىپ
قالغاندەك بۇ يەردە قېپىم-قاسرىقىم.

سەن يوق كوچىلاردا  سەرگەردان يۈرسەم،
شامال سوراپ قالدى سەن كىمسەسەن كىم؟
جاۋاب بەردىم سوئالغىمۇ ئەرزىمەسمەن،
سەن يوق كوچىلاردا ھېچكىممەن ھېچكىم .

2016 -يىلى 4 -يانۋار، خەيفا

## ...ىزىم

مۇھەببەتنى سېتىش كونا تېما
ۋەتەننى سېتىش كونا تېما
بۆرەك سېتىش كونا تېما
ساختا دورا سېتىش كونا تېما
زەھەرلىك سۈت سېتىش كونا تېما
قىسقىسى بۇ يەردە
سېتىش پۈتۈنلەي كونا تېما
شۇڭلاشقا سوراپ قالدى ھەييام:
ھەيرانمەن مەيپۇرۇش
مەي ساتقان پۇلغا
ئالىدىغانسەن قانداق نەرسە
مەيدىن ياخشىراق

2016 - يىلى 6 -ئاپرېل، كارمېل تېغى

* بۇ مىسرا «ئاھ مېنىڭ يىراقتا قالغان مەھەللەم»ناملىق شېئىرىمدىن ئېلىندى (ئاپتور)



# شېئىرلار

ئابدۇقادىر جالالىددىن

## زېرىكىش

شېئىر ئوقۇما، ناخشا ئاڭلىما،
يېتىپ ئاشىدۇ جىمجىتلىقىڭمۇ.
چەكمە تاماكا قالساڭ خۇمارداپ،
بولماس ساڭا دال بىرەر قېتىممۇ.

ئەسلەپمۇ يۈرمە پەيلاسوپلارنى،
ياشاپ باق چەكسىز تەنھالىقىڭدا.
يارىسىز كۆڭلەردە تىڭشا ئۆزۈڭنى،
نىمە بار قېنى سوغۇق قېنىڭدا.

ئېزىپ باق بۇگۈن يوچۇن يوللاردا،
ھېچكىم يادىغا كەلمىگىن بىر رەت.
باشلاپمۇ باقسۇن تۇيۇق يوللارغا،
يۈلتۇزدىن تانغان ئالجىغان زۇلمەت.

بولۇپ راستتىنلا ئەرزىمەس ئىنسان،
جانغا پاتقۇدەك ئۇنتۇلۇپ باققىن.
مۇجۇپ يۈرەكنى ئۆز قولۇڭ بىلەن،
ئاچچىق ئاھ ئۇرۇپ تولغىنىپ باققىن.

سۈرەتلەر زىنھار بەرمەس تەسەللىي،
تاشلا ئۇلارنى ئېقىن سۇلارغا.
ياشاپ كۆر مۇزدەك سوغۇق ھىجراندا،
بولما ئىنتىزار نىسى دىلدارغا.

## تەكلىماكان

نىمە دەيدىكىن زىمىن ئۆزگە،
لېكىن، ئۇ چۆشلىرىنى،
ئايلاندۇرۇپ بىر تۆپ دەرەخكە،
سوزۇلىدۇ قاراپ ئەرشكە.

بەلكىم، ئۇ بىر تال نانجىگدەل
ياكى قاغا ھايالداپ ئۆتكەن؛
سۆزلەر پەرۋازىدىكى قۇم زەررىسى،
ئايەتلەردە ۋايىغا يەتكەن.

كۆپ نەرسە بار ھاۋالاردا،
كۆرۈنەر ئۇ بېلىجانلاردا.
لىپىتىپ -لىپىتىپ كۆچەر بۇ ھايات،
سۇزۇلىدۇ گاھىدا، ئەمما،
باشاقلارنى چايقىغان، مۇقاملاردا.

2001 -يىلى، ئۈرۈمچى

## قىشتىكى خامان

كۆرۈپ ياتار تومۇز چۈشنى،
ئاق قار بىلەن كۆمۈلگەن خامان.
قونۇپ ئاڭا توپ -توپ قاغىلار،
قار ئاستىدىن ئىزدىشىدۇ دان.

ياتار سۈكۈت قۇچاقلىرىدا،
«لاي -لاي »لىرىم سىڭىشىپ پىنھان..
تولۇق تەنھا يېتىپ بىر چەتتە،
يەرگە قىسسە سۆزلەيدۇ راۋان.

تۇمانلارغا چۆمۈلدى ئاستا،
ئالدىمدىكى گىرىمسەن دۇنيا.
بولۇپ قالدى قاغىلار گويا،
ئاق قەغەزگە چاچرىغان سىياھ.

شۇ سەھىپە ئېتەكلىرىگە،
مىراسلىرىم قوندى ھەم بېرىپ.
پىكىرلىرىم جىلۋىسى ئارا،
قارا توچكا يوقالدى ئېرىپ.

كۆكرىكىنى يېقىپ خامانغا،
بولۇپ كەتتى ئويلىرىم سىرداش.
خوش دەپ يازنىڭ ئەيياملىرىغا،
دەم ئالغاندەك ياتىدۇ بىر تاش.

1988 - يىلى، ئۈرۈمچى

## ئاھ، يۈرەك

ئاي ئىكەنسەن كۆك بۇلاقتا يۇيۇنغان،
گۈل ئىكەنسەن خۇش پۇراقتا تويۇنغان.
ئويناپ تۇرار كۆزۈڭ كەپتەر كۆزىدەك -
مۇھەببەتنىڭ ئىمزالىرى ئويۇلغان.

قىزىل ئاتەش باغ ئارىلاپ كەزگەندە،
يېشىل ياپراق قۇچتى شېرىن ئۈنۈڭنى.
كۆكۈل پىنھان بىر تىترەشنى سەزگەندە،
ئۇنتۇدۇڭمۇ قورغاق ئۆتمۈش كۈنۈڭنى.

ھىجران پەيتى ھۆۋلىغاندا بورانلار
توزان ئىچرە پۇلاڭلىدى ئاق بىلەك.
بىر ناخشىنى ئېيتىپ باردىم يول بويى:
«ئاھ،يۈرىكىم، ئاھ، يۈرىكىم،ئاھ يۈرەك ...»

1992 - يىلى، تۇرپان

## مۇساپىر ناخشىسى

تاشلاپ كەتمە، قالدۇرما تەنها،
مۇساپىرمەن يۇرتۇڭغا ئەي يار.
يوقلاپ كەلسەڭ قىشىمغا رەنا،
نېمىشقىدۇر كۆز يېشىم تەييار.

قىينار مېنى بۇندا بىر سەۋدا،
تۈندە تەنها ئايلىنىپ باقتىم.
ئاڭلىغاندەك سەندىن بىر سادا،
كەينىمگىمۇ قايرىلىپ باقتىم.

ئاي يېگانە، مەنمۇ يېگانە،
ئېلىپ كەتتى دەردىمنى شامال.
تۇرارگاھىم بولدى غەمخانا،
كەلگىن رەنا، كەل كۆڭلۈمنى ئال.

1994 - يىلى، بۆگۈر

## قۇش ناخشىسى

چاڭقىغان بىر قۇش
قوندى
ساھىلىغا بۇلاقنىڭ.
تۇمشۇقىنى چىلاپ بۇلاققا،
ئۇچۇپ كەتتى
تاشلاپ قويۇپ ھارغىنلىقىنى.

بىر توپ شامال
ئويۇۋېلىپ قۇشنىڭ ئىزىنى
تۇتقۇزدى بۆشۈكتىكى بوۋاقنىڭ قولىغا.

ناخشىسىنى ئۆگىتەر بىر قۇش
چۈشلىرىدە بوۋاقنىڭ.

1987 - يىلى، ئۈرۈمچى

## ئۈندىدار دەۋرى

دەرد - ھەسرەتلىرىنى،
كۆڭۈل ئاغرىقلىرىنى،
تۆككىلى كىرەتتى ئۇ ئۈندىدارغا،
سۆزلەيدىغان،
لېكىن
چۈشەنمەيدىغان نەرسىلەر
ھەركىم موھتاج مەلۇم بىر خېرىدارغا...

كىيىملىرىمىزنى كۆرگەن
روھىمىزنى ۋە ئىچىمىزنى كۆرمىگەن
بۈگۈنكى ئىنسانلىق
قۇرۇپ چىقتۇق مەۋھۇم دوستلار
چەمبىرىكىنى،
بىراق
ھەر كىم بىر - بىرىگە گۇمانلىق.
ھەر كىم تەقەززادۇر سەمىمىي ئىنسانغا
سۆزلىشىم كىملەر بىلەندۇر،
داۋراڭ قىلىپ ساياھەتلىرىمىزنى،
قورۇملارغا تەڭداش راھەتلىرىمىزنى،
قىلچىمۇ ئىسسىق باسمايدۇ،
ئەمما
مەھكۇم بولۇپ كېتىمىز قارا ھىجرانغا.

ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولغان ئەندىشىلىك
شەھەردىن،
قاچتۇق دالالارغا،
بىرگە ئېلىپ كاززاپلىقىمىزنى،
تۆگىلەرگە چۆكتۈردۇق،
مولايىم كۆزلىرىنى ئۆلتۈردۇق،
لوكىلارنى پۇل قىلدۇق،
تەسەللىي ئىزدىدۇق ئۇتلاپ قىمىزنى...

قوللاردا تېلېفون
كۆزلىرىمىزدە ھەسەت بار،
چىرايىمىزدا ھەسرەت بار،
ئىزدەۋاتقان پۇرسەت بار
بىلمەيمىز،
ئالدىمىزدا يېيىلغان بوشلۇقنىڭ،
چېكى نەدە؟
قايسى قىتئەدە؟!
تۇغۇلاركىن قانداق بىر قۇياش،
ئېكراندىكى ئېلېكترون سەھەردە،
قەيەرلەرگە بارىمىز؟!
سايىلەرگە شېرىك گۇڭگا سەپەردە...

ئۈندىدار، ئەي، بۈيۈك كەشپىيات،
يۈرەكلىرىمىزنى
دەپنە قىلىپ قويۇپ چوڭقۇر ئازگاللىغا،
توپلاندۇق نۇرانە، سىرلىق ۋوگزاللىغا،
مەنزىللەر ئېنىقسىز،
باسىمىز ئالغا.
يۈرەكلىرىمىزنى كوپىيە قىلىپ،
تۇتقۇزۇپ قولغا،
«سىزنى سۆيىمەن» - دەپ چۈشىمىز
يولغا،
ئۈز تارتىم قىلىپ دىدارىمىزنى،
ئىككىلەنمەي ئەۋەتتۇق
دوستلارغا،
كېلەچەكى ئېنىقسىز سۆيۈملۈك يارغا.

دىدار ئىزدەپ يۈرۈپ،
نىگار ئىزدەپ يۈرۈپ،
كىمدۇر تەنھالىقتا ئېسىلدى دارغا.

جاھاننى ئۈندىداردىن كۆرگەندەك
بولدۇق،
ھەممىنى تەلتۆكۈس بىلگەندەك
بولدۇق،
ھاياتنى ئەسەبىي سۆيگەندەك بولدۇق،
جانانىنىڭ ۋەسلىگە يەتكەندەك بولدۇق،
لېكىن،
شۇ پېتى تەنھالىقىمىز،
يانفوننى كۆتۈرۈپ غارغا كېتىمىز.
دۇنيادىن يىراقلاپ نەگە يېتىمىز ؟
يەنىلا يېگانە ئارال پېتى بىز.

ئۈندىدار، ئەي، بۈيۈك كەشپىيات
پاراڭلار ئەسەبىي، لېكىن كۆڭۈل يات.
سەن قانداق مۆجىزە، سەن قانداق
ئىجاد؟!

## رۇمىغا* سىرداش

بىلگىن سۆيگۈمنى ،كۇنيانىڭ -
ئاتەش ئاپتىپىدا كۆيۈشلىرىمدىن.
سەن دەسسىگەن تۇپراقنىڭ سىرى،
ئۆتتى تاپاندىن ،ئۆتتى جېنىمدىن.

تۇغۇلغانىدىم نەزمەڭگە قۇرداش،
پادىچى چالغان نەينىڭ ئۈنىدىن.
سەن دىجلىدە** كۆرگەن بېلىقنى،
ئۇچراتقىنىم تارىم سۈيىدىن.

دادام ئىككىمىز ئىسمىڭنى يۈدۈپ،
يۈردۇق بىر ئەسىر تەكلىماكاندا.
بولدى ئۇ يەنە نەسلىمگە مىراس،
چېچەكلەيدۇ نۇر مەندىكى قاندا.

تۆكتۈم سۆكۈتتە قەبرەڭ ئالدىدا،
كاج پەلەكنىڭ سوئاللىرىنى.
تۆكتۈم پەلەكنىڭ تولماس جامىغا،
لامالان روھنىڭ پىغانلىرىنى.

تۇتاشتىم كۇنيا دالىلىرىغا،
ئايلاندىم شامال توشۇغان ئىزغا.
چېكىلدىم تۈننىڭ ماڭلايلىرىغا،
دىمىق ئاخشامدا بولدۇم تومۇزغا.

2007 - يىلى ماي، كۇنيا -ئەنقەرە

* جالالىدىن رۇمى (1207-1273)، ئۇ پارس، تۈرك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى تەسىرچان نامايەندە.
** ئىراقتىكى بىر دەريانىڭ ئىسمى.

# ئىككى شېئىر

تاھىر ھامۇت ئىزگىل (ئامېرىكا)

## بوياق ۋە نۇر



شۇنداق بىر دېلىغۇللۇقنى كۆردۇم
ئۇچقۇر بىر كۆلەڭگە بولدۇم
تۆمۈر يېپتا توقۇلغان كوچىلاردىكى
ھەمدە ئۇنتۇلغان فامىلىلەرنى توپلاپ
بىر ئالتۇن قەپەس ياسىدىم

گۈگۈم چۈشكەندىن بۇيان
ساراسىم ئىچىدە ياشىدىم
ياشىدىمكى
ھاياتىم يورۇق بولمىسا
جىمجىت بولسۇن دېدىم
سۆيۈملۈك بولمىسا
تەنھا بولسۇن دېدىم

بۇ شۇنداق ئىدى
مىڭئۆيلەردە تۈنەڭەن دېلىغۇل پادىچى
گۈگۈم پەيتىدە
ئۆتىنىك يورۇقىدا
ئۇنتۇلغان ۋە نەپرەتلىك بىر سەلتەنەتنى بايقىغاندا
مەن تاش بوياقلاردىن يىلنامىلارنى توقۇدۇم
ياق، مەن يەنە سۆزۈمدىن ئازدىم
تاش بوياقلاردىن يىلنامىلارنى ئەمەس
ئاخىرقى نۇرلاردىن قەپەسلەرنى توقۇدۇم.

2020 - يىلى 2 - فېۋرال، ۋاشىنگتون

## نامايىش

ئالدىن پىلانلانغان مۇددىئا بىلەن ئۆيدىن چىقتىم.
قۇلاقلىرىم پۈتكۈل لىنىيەنى بېكىتىپ بولغان ئىدى.
ئاغزىمدا سانسىز بايراق ۋە پىلاكاتلار
رەڭدار ئىدى ۋە شامالدا ئىغىپ كەتمەيتتى .
كۆزلىرىمدە كۈچلۈك تۇۋلىنىۋاتقان شوئارلار
پەرۋاسىز ئادەملەرنى بىر بىرلەپ ھېساباتتىن ئۆچۈرەتتى.
ئىشتان يانچۇقۇمغا سىلىنغان ئىككى قولۇم
شەھەرنىڭ ئەڭ چوڭ كوچىسىنى بىر ئالغان.
چاچلىرىم مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ ئىلگىرىلەيتتى .
بۇرۇن تۆشۈكلىرىم پات ـ پات غەزەپ بىلەن نەرە تارتاتتى.
مېڭەمدىكى ھۇجەيرىلەر ئەتراپنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتەتتى.
ئۇچامدىكى چۈش رەڭلىك مايكا ھەيۋەت بىلەن گۈركىرەپ،
پۇتلۇن شەھەرگە تەكشى يېيىلاتتى.
قەدەملىرىم كەسكىن بىر خىتابنامىنى تۈزىۋاتاتتىكى
بۇ ئەڭ ئاخىرقى خىتابنامە ئىدى.
بېشىمنى كۆتۈرسەملا
بارچە زۇلۇم بەربات بولاتتى.
مەيدەمنى كېرىسەملا
ئاشۇ گۈزەل دۇنيا بەرپا بولاتتى.
مەن مانا مۇشۇنداق
بېشىم سىلىنغان
قەددىم پۈكۈلگەن ھالدا
شەھەرنى يەنە بىر قېتىم تەنھا ئايلىنىپ چىقتىم.

2017 - يىلى 15 - مارت، ئۈرۈمچى

# ئىككى شېئىر

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت (شۋېتسىيە)

## قارا كۆز

كۆزۈمدىن تېمىۋاتقان قاراڭغۇلۇق،
قاپقارا قوي كۆزۈمنىڭ قارىسىدۇر.
ئاقاردى تاڭغا ئوخشاش كۆز گۆھىرىم،
ئۇ سۇنغان ئارمىنىمنىڭ يارىسىدۇر.

لەپىلدەپ ياغار زۇلمەت ئاسمىنىمدا،
پېتىغداپ يېتىم قالغان سىغىنىشنى.
قارايدى قۇياشنىڭمۇ سامان يۈزى،
تولدۇرۇپ ئىچىمگە لىق زارىقىشنى.

ئەي تەڭرىم ساڭا سۇندۇم ئەڭ ئاخىرقى
بىر ئوچۇم دۇئا بىلەن تىلىكىمنى.
تىلىم قىسقا، قولۇم قىسقا، دەردىم ئۇزۇن
يازالمىدىم شېئىرىمدا ھەممىسىنى.

ئەر بولمىدىم تېخىچە ئۆزۈم سۆيگەن،
بىر مىسرا شېئىردۇرمەن دەردكە تولغان
ھەسرەتلىرىم كونىراپ ئۆلۈپ كەتسەم،
قىز پېتى يىغلامسىرار ۋەتەنسىز ئارمان.

2018-يىلى 2-ئاينىڭ 14-كۈنى، ئىستوكھولم

## يېشىمنى تۆكمىدىم ھېچ زامان

يېشىمنى تۆكمىدىم ھېچ زامان،
قالمىسۇن دەپ ئۇنى قەبرىسىز
يات تۇپراقتا تېنىم پۈتمىگەن.

ئاقماقتا ئۇ سىرغىپ ئىچىمگە،
خۇددى تارىم دەرياسىدەك
ئىچىمدىن باشلىنىپ، تېنىمگە.
مەلھەم ئەمەس ئۇنىڭدىن بۆلەك
ھېچنېمە ماڭا بۇ يەردە،
تۇغراقنىڭ سارغايغان ياپراقلىرىدەك
ئۆڭىپ كەتكەن روھىمنى
بەزلەيدۇ ئۇ يۇمشاق قوللىرى بىلەن
ئەزىم دەريا بولۇپ قەلبىمدە.
يولۇقسام ئۇنىڭغا تەنھالىقىمدا،
ئۇنىڭ ھەربىر تامچىسىلىرىدىن
ئاڭلايمەن كۇچا خەلق ناخشىلىرىنى.
تېتىيمەن باللىقىمدا يېگىلگەن
كۇچا چوڭ نانلىرىنىڭ تەمىنى.
ئەي ئىچىمدە كۆيۈۋاتقان ياش،
كىم بىلىدۇ سېنىڭ دەردىڭنى
شىمالدىكى نوبېل يۇرتىدا ؟
پەقەت تېنىم بىرىدۇ بەرداش
كۆپىيىۋاتقان سەندىكى ئوتقا.
بالتىق دېڭىزىنىڭ سوغۇق شاملى،
ئۇزاتسىمۇ سۆيگى قولىنى.
پەقەت سېنىڭ هارارىتىڭلا،
يورىتىدۇ قاراڭغۇلۇقىمنى.
ئېلىپ كەتسەم سېنى بىر كۈنى،
سۇسىرىغان تەكلىماكانغا.
تۆكۈلسەن زۇمرەت چاچقۇ بوپ،
ئانام ياتقان تۇپراقلىرىمغا.

2018-يىلى 2-ئاينىڭ 12-كۈنى

ئادەمگە ئادەمگەرچىلىك قىلىش ئادىمىيلىكنىڭ بەلگىسىدۇر.

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى

# شېئىرلار

مۇتەللىپ سەيدۇللا (نورۋېگىيە)

## رومان ئوقۇلۇۋاتقاندا

مەن ئۇنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن
ھەممىمىز تەڭلا ئوقۇيمىز
كىمدۇر بىرى جۈملىلەرنىڭ ئاستىغا سىزىشقا باشلايدۇ
ئارقىدىنلا غۇلغۇلا باشلىنىدۇ
- بۇ ئەبلەخ بۇنچە ئۇزۇن دېتاللارنى قانداقمۇ كۆرۈپ بولغاندۇ...؟
چوڭ مېڭەمنىڭ ئاناتومىيەلىك قۇرۇلمىسى ھەققىدە بەس -
مۇنازىرىگە چۈشىدۇ .
دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئەنە شۇنداق داۋاملىشىدۇ ،
رومان كەبى يېزىلىپ تۇرىدۇ ،
مەن دېڭىز بىلەن مۇڭدىشىۋاتقاندا
قارشى تەرەپتىن دېڭىزنىڭ كۆيۈك پارچىسى چىقىپ كېلىدۇ
يۈرىكى ئاللانلىرىمدا
گوياكى جاھاننامە ئەينىكى
ئۇنىڭ ھېكايىسى تاماملانغاندا
مەن ئۇنى يېڭىباشتىن قۇراشتۇرىمەن

2019 - يىلى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

## سىرلاش

كۆرۈمسىز رەڭلەرنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن
يېرىق جايلارنى تۈزەشكە
بۇزۇلغان يەرلەرنى رېمونت قىلىشقا ،
چىرايلىق پەردازلاش ئۈچۈن
سەت ياكى چىرىگەن ، قىيسايغان تاملارنى
سىرلاشنىڭ ۋەجى تۇغۇلىدۇ ،
نۇرغۇن ئەجىر قىلىشتىن كېيىن
ئاندىن بىزگە گۈزەل كۆرۈنىدۇ .
سىرلىغۇچىنىڭ ئۈستى بېشى تامام بۇرۇلىدۇ ......

بىر ئادەمنى
كۆچلۈك
ئەخلاقلىق
ۋىجدانلىق
غۇرۇرلۇق
مۇھەببەتلىك.....
ۋە ياكى مۇكەممەل قىلىپ سىرلاشقا توغرا كەلسە
بىزگە قانچە ۋاقىت كېتەر؟
ئۇنىڭ قىممىتى قانچىلىك يۇقىرىدا تۇرار؟
بۇنىڭغا جاۋابنى كىم بېرىدۇ؟

2019 - يىلى 6 - ئۆكتەبىر

## بىر ئەرنىڭ ئۆكۈكۈرى

جىنايەت ئەمەس
سۆيگۈ ھەققىدە ئېقىۋاتقان ياكى يوشۇرۇنىۋاتقان ۋەقەلەر
بىر ئىپتىدائىي دەۋرنىڭ سىمۋولى ئۇ
ئېرىششەڭ ئازابتۇر دەپ ۋايىسىدى
شۇ كەچمىشتىن يالىڭاچ قېچىپ چىققان ئادەملەر .
ئۆلۈپ كەتمەيسەن
ھەم ئازابلىنىمەن كەتمە
بىرلا ئادەمگە ئايلىنىپ بولغاندا بارلىق كېچىلەر
ۋە قارشى تەرەپتە كۆرۈنۈۋاتقان تاغ - دەريالار
يىراقلىشىسەن ،
يىراقلاشماقچى بولسەن
ئۇنتۇماقچى سەن .
ئۇنتۇيالمايسەن
ئەڭ گۈزەل ناخشا بولۇپ مەڭگۈلۈك ئوقۇلىدۇ
ھېچنېمە بولماس
ھېچنېمە بولمىسىكەن دەيسەن
ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ بەزلەيسەن
ھەممە ئادەمنىڭ بىر مۇرەككەپ تۇيغۇسى بولىدۇ دەيسەن .
بەزىدە
لىرىك مىسرا ھەم ناخشىلار ئەرزىمەس بىر تېتىقسىزلىق
تەكەللۇپ ۋە ئېنىقسىز ياۋايىلىق
خۇددى تەندە شاراب كۆيگەندەك .
« سېنى سۆيىمەن ھەم سېغىنىمەن » دېگەن ئاۋاز كېلىدۇ
ساڭا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغان ئەرنىڭ ئۆكۈكۈرىدىن .
سايراشنى ئۇنتۇغان شاتۇتتەك
بىر سۆزنى تەكرارلايدۇ
چىقىۋېلىپ ھېچنېمنى كۆتۈرەلمەيدىغان كۆڭۈللۈك كېمىسىگە،
ئاندىن ئوخشايدۇ بىر ئەرنىڭ ئۆزىدىن ئاۋاز كەتكەن ئۆلۈمگە

2020 - يىلى 20 - مارت

## سايە

يېرىم ھاياتنىڭ خاتىرىسى
رەسسامنىڭ قولىدا سىزىلىپ ، تامغا ئېسىلسا
ئۆزگە ئوخشىماي قالىدۇ ،
ھەممە گۈلنىڭ سايىسىگە ئوخشاش
بىر ئادەمنىڭ ئۆزگىلا ئوخشايدىغان سايىسى.

2020 - يىلى 2 - يانۋار



# كورونا ۋىرۇسى ۋە ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆپكە ياللۇغى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە

دىر. مەمەت ئەمىن (ئامېرىكا)

دوختۇر مەمەت ئىمىن ئەپەندى، 1983 - يىلىدىن 1985 - يىلىغىچە لەنجۇدا ئىككى يىل تىببىي تەييارلىقنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1985 - يىلىدىن 1991 - يىلىغىچە گۇاڭجۇ جۇڭشەن تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا 6 يىل غەرب تىبابىتى ئوقۇغان. 1999 - يىلى ئامېرىكىنىڭ نيۇيورك شەھىرىدىكى كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى تىببىي مەكتەپكە بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەن بولۇپ، 2004 - يىلى شۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا دوكتور ئاشتىلىقنى تاماملىغاندىن بىرى تا بۈگۈنگىچە، ئۇ مەكتەپ قارمىقىدىكى تىببىي تەتقىقات مەركىزىنىڭ نەپەس يولى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە تىببىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

دوختۇر مەمەت ئىمىن ئاساسلىقى، سۈنئىي نەپەسلەندۈرۈش، ئاشقازان كىسلاتاسى ۋە نەپەس يولى توسۇلۇپ قىلىپ ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك قاتارلىق ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆپكە زەخمىسى ۋە ئۇنىڭ مېڭە ۋە يۈرەك قان-تومۇر كېسەللىكلىرىنى پەيدا قىلىشتا كۆرسەتكەن تەسىرلىرى جەھەتتە تەتقىقات قىلىپ كەلمەكتە.

2019 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا خىتاينىڭ ۋۇخەن شەھىرىدە، بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل غەيرى تىپتىكى ئۆپكە ياللۇغى تارقالغان بولۇپ، 2020 - يىلى 1 - ئايدا ئۇ غەيرى تىپتىكى ئۆپكە ياللۇغىنىڭ كورونا ۋىرۇسى ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولغان يېڭى بىر خىل ۋىرۇسنىڭ كەلتۈرۈپ چىققانلىقى ئېنىقلانغاندىن كېيىن، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ئۇ ۋىرۇسقا ئالدى كەينى بولۇپ «2019 - nCoV» ۋە «SARS-CoV-2» دەپ نام بەرگەن. ئۇ ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۇ غەيرى ئۆپكە ياللۇغىنى دەسلەپتە «ۋۇخەن ئۆپكە ياللۇغى» دەپ ئاتىغان بولسا، ئاخىردا رەسمىي شەكىلدە «COVID 19» يەنى «كورونا ۋىرۇسى كېسىلى 19» دەپ ئاتىغان. بىراق نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۇ ۋىرۇسنى يەنىلا «ۋۇخەن ۋىرۇسى» ياكى «خىتاي ۋىرۇسى» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

2020 - يىلى 1 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، بۇ ۋىرۇس ئالدىن بىلەن خىتاينىڭ باشقا ئۆلكە شەھەرلىرىگە، ئاندىن خىتاي سىرتىغا تارقاشقا باشلىغان بولۇپ، قىسقىغىنا ئىككى - ئۈچ ئاي ئىچىدە، پۈتۈن دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى دۆلەت ۋە رايونغا كەڭ تارقاپ، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئالاھىدە ئەندىشە ۋە ۋەھىمە پەيدا قىلماقتا. مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پەرەز قىلىشىچە، ئەگەر بۇ ۋىرۇس ئۈنۈملۈك كونترول قىلىنمىسا، ئاخىردا پۈتۈن دۇنيا نوپۇسىنىڭ 70% تى تەسىرگە ئۇچراپ، 150 مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن ئىكەن.

ئۇنداقتا بۇ ۋىرۇس راستتىنلا شۇنداق قورقۇنچلۇقمۇ؟ بىز ئۇنىڭدىن قانداق ساقلىنالايمىز؟ بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بۇ ۋىرۇس بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

## كورونا ۋىرۇسى زادى قانداق بىر ۋىرۇس؟

كورونا ۋىرۇسى دېگەن 1960 – يىللىرى تۇنجى بولۇپ تونۇلۇپ بايقالغان تاجسىمان شەكىلدىكى ۋىرۇسقا بېرىلگەن ئىسىم بولۇپ، ئۇ ئىسىم شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بايقالغان شۇ تۈردىكى كۆپلىگەن ۋىرۇسلارنىڭ ئورتاق ئىسمى بولۇپ كەلگەن. كورونا ۋىرۇسى تۈرىگە تەۋە ۋىرۇسلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى پەقەتلا ھايۋانلاردا مەۋجۇت.

بۇرۇن كورونا ۋىرۇسى تۈپىغا تەۋە ۋىرۇسلىرىدىن پەقەت 6 سى ئىنسانلاردا كېسەل پەيدا قىلغان بولۇپ، ختاينىڭ ۋۇخەن شەھىرىدىن تارقىغان بۇ يېڭى كورونا ۋىرۇسى، ئىنسانلاردا كېسەل پەيدا قىلىدىغان 7 – كورونا ۋىرۇسى ھېسابلىنىدۇ.

يېڭىدىن بايقالغان بۇ كورونا ۋىرۇسى ختاينىڭ ۋۇخەن شەھىرىدىن بايقالغان بولغاچقا، دەسلەپتە ئۇنى «ۋۇخەن ۋىرۇسى» ياكى «يېڭى كورونا ۋىرۇسى» دەپ ئاتىغان بولسا، كېيىن ئۇنىڭ ئىسمىنى «SARS كورونا ۋىرۇسى 2» دەپ ئۆزگەرتكەن. لېكىن ھازىر كۆپىنچە كىشىلەر ئۇنى «ختاي ۋىرۇسى» دەپ ئاتىماقتا.

ھازىرغا قەدەر بايقالغان ئىنسانلاردا كېسەل پەيدا قىلىدىغان كورونا ۋىرۇسلىرى :

1 . 229E كورونا ۋىرۇسى

2 . NL63 كورونا ۋىرۇسى

3 . OC43 كورونا ۋىرۇسى

4 . HKU1 كورونا ۋىرۇسى

5 . MERS-CoV (ئوتتۇرا شەرق نەپەس يولى كېسىلى كورونا ۋىرۇسى)

6 . SARS - CoV (س.ئا.ر.س كورنا ۋىرۇسى)

7 . SARS-CoV (س.ئا.ر.س كورونا ۋىرۇسى 2، يەنى كورونا ۋىرۇسى)




يېڭى بايقالغان بۇ «كورونا ۋىرۇسى» يەنى «ختاي ۋىرۇسى» تاق زەنجىرلىك RNA ۋىرۇسى بولۇپ، دىيامېتىرى 100nm كېلىدۇ. ئۇ 30 مىڭغا يېقىن ئاساس جۈپى (base pair) دىن تەشكىل تاپقان. ئۇ ۋىرۇسنىڭ گېن ئالاھىدىلىكى گەرچە ختايدىكى بىر خىل شەپەرەڭدە بولىدىغان «RaTG13» كورونا ۋىرۇسى بىلەن 96% ئوخشاش بولسىمۇ، بىراق ئىنسانلار ئۇ ۋىرۇسنىڭ كېلىش مەنبەسىگە نىسبەتەن ئوخشىمىغان قاراشتا بولماقتا. بولۇپمۇ كۆپ ساندا كىشىلەر ئۇ ۋىرۇسنىڭ ۋۇخەندىكى P4 تەجرىبىخانىسىدا سۈنئىي ئۇسۇلدا بىرىكتۈرۈلگەن ۋە ياكى ئۆزگەرتىلگەن ۋىرۇس ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا.

دۇنيادا نۇرغۇن چوڭ دۆلەتلەردە مەخسۇس ۋىرۇس ۋە باكتېرىيەلەرنى تەتقىق قىلىدىغان تەجرىبىخانا ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرى بولۇپ، ئۇلار ھايۋان ۋە ھەر خىل جانلىقلار بەدىنىدىن ھەر خىل ۋىرۇس ۋە باكتېرىيەلەرنى ئايرىپ چىقىپ، ئۇلارنى تەجرىبىخانىدا بېقىپ، يېتىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ كۆپىيىش ئالاھىدىلىكىنى، خاراكتېرىنى، گېن ئالاھىدىلىكىنى، قۇرۇلمىسىنى ۋە كېسەل پەيدا قىلىش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ۋاكسىنا ئىشلەپ چىقىرىدۇ. ھەتتا بەزىلىرى بىيولوگىيەلىك ئۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشىمۇ مۇمكىن. ۋۇخەندىكى P4 تەجرىبىخانىسى ختايدىكى بىردىن بىر P4 دەرىجىلىك تەجرىبىخانا بولۇپ، ئۇ ئەنە شۇنداق ۋىرۇس ۋە باكتېرىيە تەتقىق قىلىدىغان تەجرىبىخانىلارنىڭ بىرى.

## كورونا ۋىرۇسى ئىنسانلارغا قانداق يۇقىدۇ ؟

بۇ ۋىرۇس ئاساسلىقى نەپەس يوللىرى ئارقىلىق يۇقىدىغان بولۇپ، تۆۋەندىكى يوللار ئارقىلىق يۇقىدۇ:

1 . بەدىنىدە ئۇ ۋىرۇس بار كىشىلەرنىڭ يۆتىلىشى ۋە چۈشكۈرۈشى ئارقىلىق چاچراپ چىققان دانچىلار.

2. ۋىرۇس بىلەن بۇلغانغان ھەرقانداق جىسىملارنى تۇتقان قولىمىز.

3. يۇقۇملانغۇچىلار بىلەن باردى كەلدى قىلىش ۋە يېقىن ئۇچرىشىش ئارقىلىق يۇقىدۇ.

## ئۇ ۋىرۇس ئادەم بەدىنى سىرتىدا، جىسىملار يۈزىدە قانچە ئۇزۇن ياشىيالايدۇ ؟

ۋىرۇسنىڭ بەدەن سىرتىدا قانچە ئۇزۇن ياشىيالىشى، تېمپېراتۇرا، نەملىك، ۋىرۇس قونغان جىسىملارنىڭ ماتېرىيالى قاتارلىق ھەر خىل ئامىللارغا باغلىق.

ئىنسانلاردا بولىدىغان كورونا ۋىرۇسى بەدەن سىرتىدا ئادەتتە 2 سائەتتىن 9 كۈن ئارىلىقىدا ياشايدۇ؛ لېكىن بۇ كورونا ۋىرۇسىغا نىسبەتەن بەك كۆپ بەلگە يوق.

## كورونا ۋىرۇسى قانداق ئادەملەرگە يۇقىدۇ ؟

ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇ ۋىرۇس ھەرقانداق ئادەمگە يۇقىدۇ.

ئەر- ئايال، قېرى- ياش، ئاق تەنلىك، قارا تەنلىك، ئاسىيالىق ياكى ياۋروپالىق، باي ياكى كەمبەغەل بولسۇن بارلىق كىشىلەرگە يۇقۇش ئېھتىماللىقى بار.

## كورونا ۋىرۇسىدىن قانداق ساقلانغىلى بولىدۇ ؟

ۋىرۇس تارقىتىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق مەنبەدىن يىراق تۇرۇش كېرەك.

داۋاملىق قولنى يۇيۇپ تۇرۇش، مەينەت قول بىلەن يۈز كۆزنى تۇتماسلىق كېرەك.

ئادەم كوپ يەرگە بارماسلىق، باشقىلار بىلەن مۇساپە ساقلاش كېرەك.

شەخسىي بويۇملارنى ئايرىم تۇتۇش كېرەك.

شەخسىي بويۇملارنى ۋاقتىدا تازىلاپ تۇرۇش كېرەك.

ئۆيگە قۇياش چۈشۈرۈپ، ھاۋا ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش كېرەك.

بەدەننى ئىسسىق تۇتۇش، شامالداپ قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك؛

يېتەرلىك ئۇخلاش، ھېرىپ چارچاشتىن ساقلىنىش كېرەك.

ساغلام ئوزۇقلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ئۇسسۇزلۇقنى يېتەرلىك ئىچىش كېرەك.

يۆتەلگەندە، ئېغىز بۇرۇننى قەغەز بىلەن توسۇشلىش كېرەك.

يۇقۇملانغانلار ياكى كېسەل بولغانلار ئۆزىنى باشقىلاردىن ئايرىم تۇتۇش، ماسكا تاقاش كېرەك.

### ماسكا بىزنى كورونا ۋىرۇسىدىن قوغدىيالايدۇ؟

كورونا ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار چوقۇم ماسكا تاقىشى كېرەك؛ شۇنداق بولغاندا خەتاي ۋىرۇسىنىڭ تارقىلىشىنى تىزگىنلىگىلى بولىدۇ. بىراق ماسكىنىڭ ساق ئادەملەرنى ۋىرۇستىن قوغداش مەسىلىسىگە كەلگەندە، ئۇنىڭغا ھەر خىل ئوخشىمىغان قاراشلار بار. ھازىرقى مەسىلە، بۇ ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان خېلى كوپ ساندا ئادەمدە ئالاھىدە كېسەل ئالامەتلىرى بولمىغاچقا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۇقۇملانغان بىلمىگەچكە، ئۇلار باشقىلارغا ۋىرۇس تارقىتىدىغان ئاساسلىق مەنبە بولۇپ قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا كىمنىڭ يۇقۇملانغان، كىمنىڭ يۇقۇملانمىغانلىقىنى بىلىش قىيىن بولغان ئەھۋال ئاستىدا، ئەڭ ياخشىسى ھەممە ئادەم ماسكا تاقاش كېرەك. ماسكىنىڭ ئەھمىيىتى ئۇنىڭ سۈپىتى ۋە ئۇنى توغرا قوللىنىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا ئەگەر كورونا ۋىرۇسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ماسكا تاقاش زۆرۈر بولغاندا، لاياقەتلىك ماسكىنى توغرا قوللانغاندىن باشقا، چوقۇم ماسكىنى ۋاقتى ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش كېرەك؛ چۈنكى ماسكا ئەڭ ياخشى ۋىرۇس سۈزگۈچ بولۇپ، ماسكىنى ئۇزۇن مۇددەت قايتا قايتا ئىشلەتكەندە، كورونا ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملۇنۇش پۇرسىتى يۇقىرى بولىدۇ. ماسكىنى ئالماشتۇرغاندا، ماسكا ئۈستىدە توپلاشقان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملىنىپ قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ماسكىنى ئەخلەتكە ماسكىنى پىلاستىك خالتىغا سېلىپ، ئەخلەتكە تاشلىغاندىن كېيىن قولنى سوپۇنلاپ پاكىز يۇيۇش كېرەك.

### ئادەم كورونا ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملۇنۇپ قانچە كۈندە كېسەل ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ؟

ئادەم ئۇ ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملۇنۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5 كۈن، يەنى 2 – 14 كۈنگىچە، ئايرىم ئەھۋالدا ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 27 كۈندە كېسەل ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ.

### كورونا ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى كېسەل بولامدۇ؟

ناتايىن، بۇ ئاساسلىقى ھەر بىر ئادەم يۇقۇملانغان ۋىرۇسنىڭ ئاز كۆپلۈكى بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ كېسەللىگە قارشى تۇرۇش كۈچى يەنى ئىممۇنىتېت كۈچىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىغا باغلىق.

ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇ ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان كىشىلەرنىڭ 80%~ دە ئالاھىدە كېسەل ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيدىغانلىقى ياكى پەقەت بەزى يەڭگىل كېسەل ئالامەتلىرى بولىدىغانلىقى مەلۇم.

### ئادەم كورونا ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغاندىن كېيىن قانداق كېسەل ئالامەتلىرى كۆرىلىدۇ؟

قىزىش (98%)

ھارغىنلىق ھېس قىلىش (70%)

قۇرۇق يۆتەل (59%)

ئىشتىھايى ناچارلىشىش (40%)

مۇسكۇللار ئاغرىش (35%)

نەپەس قىسىلىش (31%)

ھەلپۇك (27%)

بوغۇزى، گېلى ئاغرىش (17%)

ئىچى سۈرۈش (10%)

كۆڭلى ئېلىشىش (10%)

بەشى قېيىش (9%)

باش ئاغرىش (6.5%)

قۇسۇش، ياندۇرۇش (3.6%)

قورسىقى ئاغرىش (2.2%)

### كورونا ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار قانداق قىلىشى كېرەك؟

كورونا ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان كىشىلەرنىڭ 80%~ تىنىڭ كېسەل ئالامەتلىرى يەڭگىل بولۇپ، ئەگەر كېسەل ئالامەتلىرى ئېغىرلاشمىسا، ئالاھىدە داۋالاش ئېلىپ بارمىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن ساقىيىپ كېتىدۇ. كورونا

ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ئىچىدە پەقەت ~20% ئادەمنىڭ كېسەل ئالامەتلىرى تەدرىجىي ئېغىرلىشىپ، دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە ۋە داۋالىنىشقا ئېھتىياجلىق.

### كورونا ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان كىشىلەر ئىچىدە قانداق كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ئېغىر بولىدۇ؟

كورونا ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىپ، كېسەل بولغانلار ئىچىدە ~14% ئادەمنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ئالاھىدە ئېغىرلىشىپ، ~5% ئادەمنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئېھتىياجى بولىدىغانلىقى مەلۇم. بولۇپمۇ ياشانغانلار، بەدىنىنىڭ كېسەللىككە قارشى تۇرۇش كۈچى ئاجىزلار، بۇرۇن ئاستا خاراكتېرلىك كېسەل بارلار، بولۇپمۇ نەپەس يولى ۋە ئۆپكىسىدە مەسىلە بارلار، بۇ ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ئالاھىدە ئېغىر بولىدىغانلىقى مەلۇم.

### بۇ كېسەل تۇنجى كېسەل ئالامەتلىرى پەيدا بولغان كۈندىن كېيىن قانچە ئۇزۇن داۋام قىلىدۇ؟

تۇنجى كېسەل ئالامىتى كۆرۈلگەن كۈندىن باشلاپ 15 كۈندىن 25 كۈن ئارىسىدا، بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچى ئۇيان بۇيان بولىدۇ. يەنى بىر قىسمى ئۆلۈپ كەتسە، كۆپ قىسمى ساقىيىدۇ.

ھازىرغا قەدەر خىتاي سىرتىدا بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار ئىچىدە 15% ~ 20% كىشى ئۇيان بۇيان بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 70% ئادەم ساقايغان، 30% ئادەم ئۆلگەن.

### بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان قانداق ئىنسانلار تېز ئەسلىگە كېلەلەيدۇ؟

ياش ساغلام ئىنسانلار؛ داۋاملىق بەدەن چېنىقتۇرۇپ تۇرىدىغان ئىنسانلار؛ بەدىنىنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچى ياخشى ئىنسانلار؛ ئۇيقۇسى ياخشى، ساغلام ئوزۇقلانغان ئىنسانلار.

### بۇ كېسەلنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى قانچىلىك؟

ھازىرچە بۇ ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ سانىنى ئېنىقلاپ چىقىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇتەخەسسىسلەر بۇ كېسەلنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا 5% ئەتراپىدا بولىدىغانلىقى تەخمىن قىلىنماقتا. ھازىر بۇ كېسەلنىڭ ئىتالىيەدىكى ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى.

### بەزىلەر بۇ كېسەل پەسىللىك يۇقۇملۇق زۇكامدىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ دېيىشىدۇ؛ بۇ توغرىمۇ؟

پەسىللىك يۇقۇملۇق زۇكام ۋىرۇسى ھەر يىل كۈز ۋە قىش پەسلىدە، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا 3 مىليوندىن 5 مىليون ئادەمدە كېسەل پەيدا قىلىپ، 250 مىڭدىن 500 مىڭ ئارىسىدا ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ. ئەلۋەتتە ھازىرغا قەدەر خىتاي ۋىرۇسى سەۋەبىدىن كېسەل بولغانلار ۋە ئۆلۈپ كەتكەنلەر سانى يۇقىرىقى ساندىن كۆپ تۆۋەن، بىراق بۇ ئىككى كېسەل خاراكتېر جەھەتتىن تۈپتىن پەرقلىق.

### بۇ كېسەلنىڭ پۈتۈن دۇنيانى ئەندىشىگە سېلىۋاتقان ئاساسلىق سەۋەبى نېمە؟

بۇ ۋىرۇس يېڭى بىر ۋىرۇس بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭغا قارشى يېتەرلىك ئىممۇنىتېت كۈچى يوق، ھەم بۇ ۋىرۇسقا نىسبەتەن ئېنىقسىزلىقلار بەك كۆپ. ئەگەر بۇ ۋىرۇس ھازىرقىدەك تېز سۈرئەتتە تارقىسا، ئاخىرىدا بەزى مۇتەخەسسىسلەر مۆلچەرلىگەندەك پۈتۈن دۇنيا نوپۇسىنىڭ 70% گە، يەنى 5 مىلياردتىن ئارتۇق ئادەمگە تەسىر كۆرسىتىپ، 150 مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

### «بۇ كېسەلگە دورا تېپىلدى» دەيدۇ؛ ئەگەر بۇ كېسەلگە ئۈنۈملۈك دورا تېپىلسا، بۇ كېسەلنىڭ تارقىلىشىنى كونترول قىلغىلى بولامدۇ؟

ياق، دورا پەقەت كېسەل بولغانلارنى داۋالاپ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىدۇ، بىراق كېسەل پەيدا قىلغۇچى ئۇ ۋىرۇسنىڭ تارقىلىشىنى كونترول قىلالمايدۇ.

### ھاۋانىڭ ئىسسىشىغا ئەگىشىپ، بۇ كېسەلنىڭ تارقىلىشى كونترول بولامدۇ؟

بەزى كىشىلەر يۇقۇملۇق زۇكام ۋە بۇرۇنقى بەزى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە ئاساسەن شۇنداق قارىشىدۇ. شەخسەن مەنمۇ شۇنداق ئۈمىد قىلىمەن؛ بىراق بۇ كېسەلنىڭ سىنگاپور، مالايشىيا قاتارلىق قىش ياز پەرقلەنمەيدىغان ئىسسىق دۆلەتلەردىكى تارقىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇنداق ئېھتىماللىق بەك چوڭ ئەمەستەك.

### ئۇنداقتا بۇ ۋابانى تىزگىنلەشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى نېمە؟

ئومۇمىي خەلقتە ئۇ ۋىرۇسقا قارشى ئىممۇنىتېت كۈچى ھاسىل قىلىش. ئۇنىڭلىق ئۈچۈن، بىرى ئۈنۈملۈك ۋاكسىنا ئىشلەپ چىقىرىش كېرەك. يەنە بىرى ھەممە ئادەم ئاستا ئاستا ئۇ ۋىرۇس بىلەن ئۇچرىشىپ چىقىش زۆرۈر.

ئەلۋەتتە، ئۇ ۋىرۇسنى تامامەن يوق قىلىش، ئۇ ۋابانى تىزگىنلەشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى بولسىمۇ، بىراق بىر تەرەپتىن ئۇ ئۇنداق ئاسان ئەمەس.،چۈنكى، ئەگەر ئۇ ۋىرۇس كۈنلەرنىڭ بىرى قايتىپ كەلسە، ئىنسانلارغا يەنە ئاپەت بولىدۇ.

### ئۈنۈملۈك ۋاكسىنىنىڭ رەسمىي تەييار بولۇشى ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟

ئەڭ قىسقا بولغاندا يېرىم يىل، نورمالدا بىر يىلدىن بىر يېرىم يىلدەك ۋاقىت كېتىدۇ. ھەتتا خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ئۈنۈملۈك ۋاكسىنا دۇنياغا كەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن.

# ئاپەتلەر ۋە ئۇنىڭ روھىي ساغلاملىققا بولغان تەسىرى

بۇلبۇلناز جالالدىن* (ياپونىيە)

ئاپەتنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيانلىرى دېسە باشتا ئەقلىگە كېلىدىغىنى يىقىلغان بىنالار، ئۆلگەن-يارىلانغانلار ۋە ئىقتىسادىي زىيانلار بولىدۇ. ئاپەتتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش جەريانىدىمۇ ئالدى بىلەن بۇ فىزىكىلىق زىيانلار ۋە ماددىي زىيانلارنى تولدۇرۇش پىلان قىلىنىدۇ. ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئاپەتلەرنىڭ روھىي ساغلاملىققا بولغان تەسىرى دىققەت قوزغاشقا باشلىدى ۋە نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختالدى.

ئاپەتتىن كېيىن كۆپ كۆرۈلىدىغان پسىخىكىلىق ئالامەتلەر ئاساسلىقى قورقۇش، قايغۇرۇش، ئاچچىقلىنىش، ئېسىنى يوقىتىش، بېسىم ھېس قىلىش، دىققەتنى مەركەزلەشتۈرەلمەسلىك، خاتىرىسىنى يوقىتىش ياكى تەكرار خاتىرىلەش، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلاردۇر. ئاپەتكە ئۇچرىغانلاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان يەنە بىر مەسىلە بولسا «ئامان قالغۇچى ئۆكۈنۈشى» (survivor guilt) بولۇپ، بۇ ئادەتتە ئائىلىسىدىن ياكى دوستلىرىدىن بىرەيلەن ۋاپات بولغانلار ئارىسىدا كۆرۈلىدۇ.

بۇ ئالامەتلەر ئادەتتە ئاپەتتىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا كۆرۈلىدۇ ۋە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئاستا ئاستا يوقايدۇ. بەزى بىر قىسىم ئادەملەردە بولسا بىر قانچە ئايدىن كېيىن كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ، يەنە بىر قىسىم ئادەملەردە بولسا ئۇزۇن مەزگىل داۋاملىشىدۇ. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنىڭ ئارىسىدا 20%-40% كىشىدە پسىخولوگىيەلىك ئالامەتلەر بىر قانچە كۈن داۋام قىلىدۇ، 20%-15% كىشىدە بولسا بۇ ئالامەتلەر تەرەققىي قىلىپ تېخىمۇ جىددىي پسىخىكىلىق كېسەللەرگە ئۆزگىرىدۇ. بۇ پسىخىكىلىق كېسەللەر ئادەتتە كەيپىيات بۇزۇقلۇقى، تەشۋىش ۋە ئالاقىدار مەسىلىلەر، زەربىدىن كېيىنكى ئالاقزادىلىك، ئۇيقۇسىزلىق، خۇمار بولۇش، زوماتىزاتسىيە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلگەن ئىنسانلار داۋالىنىشقا مۇھتاج بولىدۇ.

جەدۋەل 1: ئاپەتتىن كېيىن كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەر**

| كەيپىيات | قىلمىش | بىلىش | جىسمانىي |
|---|---|---|---|
| چۈشكۈنلۈك<br>پەرىشانلىق<br>تەرسالىق<br>غەزەپ<br>نەپرەت<br>ئەندىشە<br>قورقۇش<br>ئۈمىدسىزلىك<br>ئۆكۈنۈش<br>ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك<br>كەيپىياتتا تۇراقسىزلىق | ئۇيقۇسىزلىق<br>يىغلاڭغۇلۇق<br>قېچىش<br>ھەددىدىن زىيادە<br>ھەرىكەتچانلىق<br>ئائىلە زوراۋانلىقى<br>زىيادە سەزگۈرلۈك<br>تويتىن ئايرىلىپ چىقىش<br>ھاراققا خۇمار بولۇش | قايمۇقۇش<br>گاڭگىراش<br>قارا بېسىش<br>ئاپەتكە بېرىلىپ كېتىش<br>دىققەت يىغالماسلىق<br>ئەستە تۇتۇشى تۆۋەنلەش<br>قارارسىزلىق<br>ئېتىقادىدىن گۇمانلىنىش | چارچاش<br>ئىشتىھاسىزلىق<br>بۇرۇنقى كېسەللىرىنىڭ<br>ئېغىرلىشىشى<br>نەپەس سىقىلىش<br>يۈرەك سىقىلىش |

1995 - يىلىدىكى ياپونىيەنىڭ كوبې شەھىرىدە يۈز بەرگەن يەر تەۋرەشتىن كېيىن تەتقىقاتچىلار ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنىڭ روھىي ھالەت ئۆزگىرىشلىرىنى ئانالىز قىلغان. يەر تەۋرەش يۈز بېرىپ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئۇلاردا خامۇشلۇق كۆرۈلگەن. ئۇلار باشتا بولغان ئىشلارنى ئاڭقىرالمىغان. چۈنكى توك، تېلېفون ۋە قاتناش ھەممىسى توختىغىنى ئۈچۈن ئەتراپىدا نېمە بولغانلىقى، ئاپەتنىڭ دەرىجىسى قاتارلىقلارنى ۋاقتىدا بىلىش مۇمكىن بولمىغان.

بۇ مەزگىل ئادەتتە «6 سائەتلىك ۋاكۇئۇم» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى كىشىلەر يۈز بەرگەن پاجىئەلەرگە ئىنكاسسىز قالغان، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۆلۈمىگىمۇ ئىنكاسسىز قالغانلار بولغان. بۇ ئەھۋالنى «قوغدىنىش مېخانىزمى» بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. ئىنسانلار بىر زەربىگە ئۇچرىغىنىدا ياكى قىيىن ئەھۋالدا قالغىنىدا، بېسىمنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ئۆزىنى بۇ زەربىدىن قوغدىۋېلىشقا تىرىشىدۇ. بۇ مېخانىزم ئوخشىمىغان شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ، بەزىلەر ئىنكار

* ياپونىيە كوبې ئۇنىۋېرسىتېتى دوكتور ئاسپىرانتى.
** Training Manual for Mental Health and Human Service Workers in Major Disaster دىن ئېلىندى.

قىلىدۇ، يەنە بەزىلەر يۇمۇرىستىكلاشتۇرىدۇ، بەزىلەر قاچىدۇ.

2 - 3 كۈندىن كېيىن ئاپەتكە ئۇچرىغانلار ئادەتتىن تاشقىرى ئاكتىپ ۋە تېتىك كەيپىياتتا بولىغان. بۇ خىل كەيپىيات ئۆزىنىڭ ئامان قالغانلىقىدىن سۆيۈنگەنلىك سەۋەبىدىن بولۇشى مۇمكىن. بۇ مەزگىلدە يەنە بىر ئەڭ جىق كۆرۈلگەن مەسىلە خاتىرىسىنى يوقىتىش ۋە گاڭگىراش بولۇپ بۇ كۆپىنچە ياشانغانلاردا كۆرۈلگەن. 10 كۈن ئىچىدە پاناھلىنىش ئورۇنلىرىدا تۇرۇۋاتقان كىشىلەردە ھەر خىل قولايسىزلىقلار سەۋەبىدىن بېسىم ھېس قىلىش ۋە ئۇيقۇسىزلىق كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ئىككى ھەپتە ئىچىدە كىشىلەردە ئاپەت خاتىرىسى تەكرارلىنىش ۋە چۈشكۈنلۈك كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلار ۋاقىتلىق تۇرالغۇلارغا كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن، چۈشكۈنلۈك ئېغىرلىششقا باشلىغان. ۋاقىتلىق تۇرالغۇنىڭ كىچىكلىكى، تونۇش-بىلىشلەردىن يىراق قېلىش قاتارلىقلار بۇنىڭ سەۋەبىدۇر. يەر تەۋرەشتىن بىر يىل كېيىن، قايتا قۇرۇش خىزمەتلىرىنىڭ كېچىكىشى سەۋەبىدىن ئۇلاردا غەزەپ ۋە ئۈمىدسىزلىك كۆرۈلۈشكە باشلىغان.

بۇنىڭغا ئوخشاش كۆپلىگەن تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە Zunin ۋە Meyers تۆۋەندىكى ئەگرى سىزىقلىق ئىسخېمىنى يەكۈنلەپ چىققان (1 -رەسىم).




1 - رەسىم: Zunin ۋە Meyers تۆۋەندىكى ئەگرى سىزىقلىق ئىسخېمىسى*.

ئاپەتنىڭ ئالدى-كەينىدىكى پۈتۈن جەريانى 6 باسقۇچقا ئايرىغىلى بولىدۇ. 1 - باسقۇچ ئاپەتتىن بۇرۇنقى باسقۇچ ۋە بۇ يەردىكى روھىي ھالەت ئاپەتتىن بۇرۇنقى ئاگاھلاندۇرۇش، تەجرىبە ۋە تەييارلىقتا باغلىق. بەزى ئاپەتلەرنى، مەسىلەن، تاشقىن، قويۇن قاتارلىقلارنى ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ تەييارلىق قىلىشى ۋە پاناھلىق ئۈچۈن يىراق يەرلەرگە كېتىشىگە ئىمكان بولىدۇ. ئەمما تاسادىپىي يۈز بەرگەن ئاپەتلەردە تەييارلىنىش پۇرسىتى بولمىغاچقا ئۇنىڭ زەربىسى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. 2 -باسقۇچ زەربە باسقۇچى بولۇپ، ئاپەتنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ كىشىلەردە قايمۇقۇش، گۇمان، قورقۇش ۋە ئائىلە- يارەنلىرىدىن ئەنسىرەش قاتارلىق روھىي ھالەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ ھاياتتا قالغانلىقىدىن خۇرسەن بولىشىدۇ. 3 -باسقۇچ قەھرىمانلىق باسقۇچى دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ باسقۇچتا ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلار قايغۇرۇش بىلەن بىرگە يەنە ئىنتايىن ئاكتىپ ھالدا بىر-بىرىگە ياردەمدە بولىدۇ، بەزىلىرى ھەتتا ئۆز مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە باشقىلارنى قۇتقۇزىدۇ. 4 -باسقۇچ شېرىن ئاي باسقۇچى بولۇپ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئاخبارات ساھەسىنىڭ دىققىتى ئاپەت رايونى ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلارغا مەركەزلىشىدۇ، ئىنسانپەرۋەرلىك ئورگانلىرى ۋە ساخاۋەتچىلەر ياردەمگە كېلىدۇ. ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلار ھۆكۈمەت ۋە باشقا ئورگانلاردىن كېلىدىغان ياردەم ۋە ئاپەت رايونىنىڭ قايتا قۇرۇلۇشى ھەققىدە چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتىدۇ. 5 -باسقۇچ سەگەش باسقۇچى بولۇپ، روھىي جەھەتتىن ئىنتايىن چۈشكۈن بىر مەزگىلدۇر. بۇ مەزگىلدە ئىقتىساد ۋە ئىنسان كۈچىنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلى نۇرغۇن پىلانلارنىڭ كېچىكىشى، دەسلەپكى قەدەمدە قىلىنغان ۋەدىلەرنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقى ياكى كۆڭۈلدىكىدەك بولماسلىقى سەۋەبىدىن ئاچچىقلىنىش ۋە ئۈمىدسىزلىنىش كەيپىياتلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، ئىقتىسادى يوقىتىش، ئىجتىمائىي ئىگىلىك ئورنىنىڭ يوق بولۇشى ئۇلاردا بېسىم پەيدا قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاخبارات ئورگانلىرى ۋە ساخاۋەت ئورگانلىرىنىڭ دىققىتىمۇ باشقا يەرلەرگە بۇرۇلغان بولۇپ، ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلار ئۆزلىرىنى تاشلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىشىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچ قايتا قۇرۇش باسقۇچى بولۇپ بۇ بىر يېڭى باشلانغۇچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ باسقۇچتىكى روھىي ھالەت ئالدىنقى باسقۇچلاردىكى كەچۈرمىشلىرىگە ۋە قايتا قۇرۇش خىزمىتىنىڭ قايسى باسقۇچقا كەلگەنلىكىگە، ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە مۇناسىۋەتلىك. ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلار رېئاللىقنى چۈشىنىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىشقا باشلايدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇلار كونترول كۈچىنى قايتا قولغا ئالغاندەك، تۇرمۇشى ئەسلىگە قايتىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. ئەمما ئەھۋال ناچار بولغاندا، ئالدىنقى باسقۇچلاردىكى پاسسىپ كەيپىيات داۋاملىشىدۇ ۋە تېخىمۇ جىددىي پسىخولوگىيەلىك مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

## ئاپەت جەريانىدا پسىخىكىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار

يۇقىرىدا چۈشەندۈرۈلگەن باسقۇچلار پۈتۈن ئاپەتلەردە تامامەن ئوخشاش بولۇپ كېتىشى ناتايىن. پۈتۈن جەريانغا كەتكەن ۋاقىت ۋە كەچۈرمىشلەر ئوخشىمىغان ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بەزى ئامىللار ئاكتىپ رول ئويناپ، ئەسلىگە قايتىشنى تېزلەشتۈرسە، بەزى ئامىللار پاسسىپ رول ئوينايدۇ. بۇ ئامىللارنى تۆۋەندىكىدەك تۆرلەرگە ئايرىغىلى بولىدۇ.

1. ئاپەتنىڭ خاراكتېرى: ئاپەتكە سەۋەب بولغان ئامىلغا قاراپ، تەبىئىي ئاپەت ۋە تېخنىكىلىق ئاپەت

* Training Manual for Mental Health and Human Service Workers in Major Disasters (2000) دىن ئېلىندى.

دەپ ئىككىگە ئايرىغىلى بولىدۇ. ئىككى خىل ئاپەتنىڭ كەلتۈرگەن پىسخىكىلىق زىيانلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. تەبىئىي ئاپەتنىڭ فىزىكىلىق زىيانلىرىنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدۇ، ئەمما تېخنىكىلىق ئاپەتنىڭ زىيىنىنىڭ قانچىلىك بولغانلىقىنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، ۋە بۇ ئېنىقسىزلىق سەۋەبىدىن ئاپەتكە ئۇچرىغانلار ئارىسىدا ھودۇقۇش ئېغىر بولىدۇ. 2011 -يىلى مارتتا ياپونىيەدە يۈز بەرگەن يەر تەۋرەش ۋە دېڭىز شاۋقۇنىغا ئەگىشىپ، فۇكۇشىمادا يادرو پونكىتىدا پارتلاش يۈز بېرىدۇ. يادرو بۇلغىنىشىنىڭ خەتىرى سەۋەبىدىن، شۇ يەردىكى ئاھالىلەر ھەممىسى باشقا رايونلارغا كۆچۈرۈلىدۇ . ئەمما بۇلغىنىشىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە يېيىلغىنىنى كۆرگىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كۆچۈرۈلگەن ئاھالە يەنىلا ئۆزىنى بىخەتەر ھېس قىلمايدۇ ۋە تېخىمۇ يىراق يەرلەرگە كۆچۈشنى تاللايدۇ. ئەمما كۆچۈپ بارغان يەرلىرىدە «يادرو بۇلغىنىشىنى توشىغۇچى» بولۇپ كۆرۈلۈپ، يەرلىك ئاھالە تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىدۇ. بۇ ياپونىيە جەمئىيىتىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن مەسىلە ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ روھىي ساغلاملىقىغا چوڭ تەسىر قىلىپ كەلمەكتە.

بۇنىڭدىن سىرت، تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى ئىنسانلار كونترول قىلالمايدۇ، ئەمما تېخنىكىلىق ئاپەتلەر ئىنسانلارنىڭ سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن بولىدۇ. شۇڭا تېخنىكىلىق ئاپەتكە ئۇچرىغانلاردا ئۆزىنى «زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى»دەك ھېس قىلىش تۇيغۇسى ۋە بۇ زىيانغا سەۋەبچى بولغانلارغا قارشى غەزەپ كۈچلۈك بولىدۇ.

تەبىئىي ئاپەتنىڭ ئۆزىنىمۇ ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان- بولمايدىغان دەپ ئايرىغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، مېتېئورولوگىيەلىك ئاپەتلەرنى ئالدىن مۆلچەرلىگىلى ۋە كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرغىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا كىشىلەرنىڭ خەتەردىن قېچىشى ۋە ياكى خەتەرنى ئازايتىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشىغا ۋاقىت بولىدۇ. ئەمما يەنە بەزى ئاپەتلەر، مەسىلەن يەر تەۋرەش تاسادىپىي يۈز بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرگە بەرگەن زەربىسىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.

2. شەخسىي ئامىللار: بۇ ئادەتتە ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىنىڭ مىجەز خاراكتېرى، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى، بۇرۇنقى تەجرىبىسى، ئاپەت ۋە ساغلاملىق ھەققىدىكى بىلىملىرى قاتارلىق ئامىللارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ياپونىيەدەك ئاپەت كۆپ يۈز بېرىدىغان دۆلەتتە باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن باشلاپلا كىشىلەرنى ئاپەتتىن بۇرۇن، ئاپەت يۈز بەرگەندە ۋە ئاپەتتىن كېيىن قانداق قىلىش ھەققىدە قەرەللىك مەشىق قىلدۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇ خىل مەشىقتىن ئۆتكەن كىشىلەر ئاپەت يۈز بەرگەندە ھودۇقماي، توغرا قارار بېرەلەيدۇ.

كىشىلەرنىڭ فىزىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقىغا سەۋەب بولىدۇ. ياشانغانلار، كىچىك بالىلار، ئاياللار ۋە مېيىپلار ئاپەتتە ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. كۆپلىگەن مىساللاردا بۇلار ئۆلگەن ياكى يارىلانغانلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگەللەيدۇ. ئامان قالغانلار ئارىسىدىمۇ پىسخىكىلىق بىنورماللىقنىڭ نىسبىتى باشقىلارغا قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ.

3.يۈز بەرگەن زىياننىڭ دەرىجىسى: ئاپەتنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسىگە قاراپ زىيانمۇ ئوخشىمايدۇ. كۆپلىگەن تەتقىقاتلار نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، ئاپەتتە ئائىلە ئەزالىرى ۋاپات بولغانلار، يارىلانغانلار، كۆپ ئۆلۈمگە شاھىت بولغانلار، خارابە ئاستىدا قالغانلار، مال-مۈلكىنى يوقاتقانلار، ئائىت بولغان يېرىنىڭ فىزىكىلىق ۋە ئىجتىمائىي فۇنكسىيەسى ۋەيران بولغانلاردا پىسخىكىلىق بىنورماللىق ئالامەتلەرنىڭ كۆرۈلۈش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ. كوبېدىكى يەر تەۋرەشتىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئاپەتتە ئۆيى ۋەيران بولغانلار ۋە ئائىلە ئەزاسى ۋاپات بولغانلار 16 يىل كېيىنمۇ بۇ زەربىگە ماسلىشىش سەۋىيەسى باشقىلارغا (ئۆيى ۋەيران بولمىغان ۋە ياكى ئائىلە ئەزاسى ۋاپات بولمىغانلار) قارىغاندا تۆۋەن بولغان.

4.ئىككىلەمچى بېسىم: ئاپەتنىڭ ئۆزى بىر بېسىم مەنبەسى بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن مەسىلىلەرمۇ كىشىلەرنىڭ پسىخىكىسىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئاپەت رايونىدىن كۆچۈش ياكى ھەيدىلىش ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئەسلىدىكى جامائەتنىڭ تارقىلىپ كېتىپ، مۇناسىۋەت باغلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ئاپەتتىن كېيىن ئەڭ كۆپ يۈز بېرىدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ياپونىيەنىڭ كوبې شەھرىدە يۈز بەرگەن يەر تەۋرەشتە 67،421 ئۆي تامامەن يىقىلغان. يەر تەۋرەشتىن كېلىپ چىققان ئوت ئاپىتىدە 6965 ئۆي كۆيۈپ كەتكەن. ئۆيىدىن ئايرىلغانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن 82،000 ئۆي ياسالغان. ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلارنى بۇ ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشتا لاتارىيە ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولۇپ، كىشىلەر ئۆز ئىختىيارسىز ھالدا يېڭى مەھەللىدە ناتونۇش ئىنسانلار بىلەن يېڭىدىن تۇرمۇشلىرىنى قۇرغان. يېڭى مۇھىت يېڭى ئىنسانلارغا كۆنۈش ئاددىي جەريان ئەمەس، بولۇپمۇ ياشانغانلار ئۈچۈن تۇرمۇشنى قايتىدىن قۇرۇپ، يېڭى قوشنىلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنۇتۇش تەسكە توختىغان. نەتىجىدە بەزى كىشىلەر جامائەتتىن ئايرىلىپ قالغان. ئاپەتتىن كېيىن نۇرغۇن "يالغۇز ئۆلۈم" پاجىئەسى (lonely death) يۈز بەرگەن.

ئاپەتتە مال-مۈلكىنى يوقىتىپ زىيان تارتقانلاردىن سىرت، خىزمەت ئورنى ۋەيران بولغانلىقى ئۈچۈن ئىشتىن ئايرىلغانلارمۇ بولىدۇ. ئاپەت رايونىدا تەكرار قۇرۇلۇش پۈتۈپ، ھايات نورمال ھالىتىگە كەلگىچە ئۇزۇن يىللار ئۆتىدۇ، نوپۇس ئازىيىش ۋە ئىقتىسادنىڭ چېكىنىشى سەۋەبىدىن تىرىكچىلىك ئاپەتتىن بۇرۇنقى ھالىتىدەك بولالمايدۇ، نۇرغۇن ئادەملەر ئۈچۈن خىزمەت تېپىش تەسكە توختايدۇ. بەزى ئەھۋاللاردا ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى تۈپەيلى ئىنسانلار تۈپتىن يېڭى تىرىكچىلىك ئۇسۇلى تېپىشقا توغرا كېلىدۇ. 2008 -يىلى جۇڭگونىڭ سىچۈەن ئۆلكىسىدە يۈز بەرگەن يەر تەۋرەشتىن كېيىن، قىسقىغىنا ئۈچ يىل ئىچىدە قايتا قۇرۇش نىشانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بولسىمۇ ئەمما يەنە بەزى نۇقتىلاردا ئاپەت رايونىدىكى ئىنسانلارنىڭ تىرىكچىلىك

مەسلىسىگە سەل قارالغان. «شەھەر-يېزا قۇرۇلۇشى» پىلانى بويىچە ئاپەت رايونىدىكى سودا-سانائەت مەركىزى كېڭەيتىلگەن. بۇرۇن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلار يېڭىدىن تىجارەتكە ياكى زاۋۇتلاردا ئىشچىلىققا باشلىغان. ئەمما بۇ يېڭى خىزمەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئۇلارنىڭ يېڭى تۇرمۇشقا كۆنۈشىنى تېخىمۇ تەسلەشتۈرگەن.

5. ئىجتىمائىي مەسىلىلەر: يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەسىلىلەردىن سىرت سىياسىي مەسىلىلەر، مىللىي توقۇنۇش، كەمسىتىش ۋە تەڭسىزلىك قاتارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئاپەتتىن كېيىن تېخىمۇ روشەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. 2005 -يىلى ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن كاترىنا قۇيۇنى (Hurricane Katrina) ئامېرىكا تارىخىدا ئەڭ چوڭ زىيان كەلتۈرگەن ئاپەتتۇر ۋە بۇ ئاپەتتە ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغىنى قارا تەنلىكلەردۇر. ئاق تەنلىك ۋە قارا تەنلىكلەر ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي پەرق سەۋەبىدىن، قارا تەنلىكلەر كونا ۋە ئاجىز قۇرۇلغان رايونلاردا ياشايدۇ. جەمئىيەتتىكى پەرقلىق مۇئامىلە سەۋەبلىك ئۇلار ياشايدىغان رايونلارنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە تۇغاننىڭ قەرەللىك تەكشۈرۈلۈپ رېمونت قىلىنىشىغا سەل قارالغان. ئاپەت يۈز بەرگەندە تۇغان ئۆرۈلۈپ بۇ رايونلارنى سۇ بېسىپ كەتكەن، كۆپلىگەن ئۆيلەر ۋەيران بولغان. ئاپەت رايونىنى قايتا قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان سىياسەتلەرمۇ قارا تەنلىك ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلار ئۈچۈن كۆپ پايدىلىق بولمىغان، ئۇلارنىڭ مەھەللىسىنى قايتا قۇرۇپ ئۆيلىرىگە قايتىشى ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت كەتكەن.

ئەلۋەتتە، ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلار ئارىسىدا قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرىپ، تۇرمۇشتىكى ئۆزگىرىشكە ئاكتىپ ماسلاشقانلارمۇ بولىدۇ، بۇ تۈردىكى ئادەملەر كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ . قىيىنچىلىقلاردا ئۆزىگە ياردەم قىلغانلارنىڭ بولۇشى ياكى ياردەمدە بولىدىغان كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىش ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ كىرىزىستىن تاقابىل تۇرۇشىدا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. ئىجتىمائىي يۆلەك ھېسسىي جەھەتتىن يۆلەك بولۇش، ماددىي جەھەتتىن يۆلەك بولۇش، ئۇچۇر جەھەتتىن يۆلەك بولۇش ۋە ھەمراھ بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، كىشىلەرنىڭ قايتا قۇرۇش خىزمىتىگە قاتنىشىشى، سۆز ھەققىگە ئىگە بولۇشى، شەخسلەر ئارىسىدىكى ئىشەنچ ۋە قويۇق مۇناسىۋەت ئۇلارنىڭ ماسلىشىشچانلىقىنى ئاشۇرغان ئاكتىپ ئامىللاردۇر.

جەدۋەل2 : پىسخىكىغا تەسىر قىلىدىغان ئامىللار

| پاسسىپ ئامىللار | ئاكتىپ ئامىللار |
|---|---|
| ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۆلۈمى<br>ئۆي-مۈلۈكلىرىنى يوقىتىش<br>كۆپ ئۆلۈمگە شاھىت بولۇش<br>ئىقتىسادىي مەنبەدىن ئايرىلىش<br>جامائەتنىڭ تارقىلىشى<br>ئائىلىسى ۋە دوستلىرىدىن يىراقتا قېلىش<br>كۆچۈش ياكى ھەيدىلىش<br>ساغلاملىق مەسىلىسىنىڭ ئېغىرلىشىشى<br>ئۇچۇر كەمچىللىكى<br>كەمسىتىش<br>تەڭسىزلىك | ئالدىن تەييارلىق<br>ئاپەت تەلىمى<br>ئىشەنچلىك ئۇچۇر<br>ياخشى ئىقتىسادى ئەھۋال<br>روھىي-ئىجتىمائىي يۆلەك<br>ئىشتىن سىرتقى ھەۋەس<br>ئاكتىپ قاتنىشىش<br>ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بىلەن ساغلام مۇناسىۋەت |

## روھىي- ئىجتىمائىي يۆلەك (Psychosocial Support)

ئاپەتتىن كېيىن پىسخىكىلىق تەڭپۇڭسىزلىقلارنى كۆرۈلۈشى نورمال. ئەمما بۇ ئالامەتلەرنىڭ ئۆزگىرىپ جىددىي پىسخىكىلىق كېسەللىكگە ئۆزگىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى ۋاقتىدا مۆلچەرلەپ مۇۋاپىق ياردەم سۇنۇش كېرەك. بۇ روھىي-ئىجتىمائىي يۆلەك (psycho-social support) دەپ ئاتىلىدۇ. گەرچە ئوخشىمىغان ساھەدە بۇنىڭغا بېرىلگەن تەبىر ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئومۇمىيۈزلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئاپەتكە ئۇچرىغان شەخس، ئائىلە ۋە جامائەتنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ئازايتىش، ئۇلارنىڭ ئاپەت سەۋەبىدىن دەخلىگە ئۇچرىغان ھاياتقا ماسلىشىشىغا ۋە تۇرمۇشىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەمچى بولۇشىنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلار ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچرايدىغان بولغاچقا، ئالدى بىلەن ئۇلارنى كۆزىتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى چۈشىنىش كېرەك. ئادەتتە كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئەڭ ئاساسىي نەرسىلەرگە مەسىلەن، يېمەك ، تۇرالغۇ، داۋالاش ۋە ئۇچۇرغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلار ئۈچۈن مەۋجۇت بولغان مۇلازىمەتلەرنى تونۇشتۇرۇش، ئاپەت ھەققىدە ئۇچۇر بېرىش، ئۇلارغا بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بېرىش، روھىي ساغلاملىقىنى دەڭسەش كېرەك.

ئىككىنچى قاتلام بولسا ئائىلە ۋە جامائەتنىڭ ياردىمى. باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئاپەتتىن كېيىنكى ئۇرۇن يۆتكىلىش، ئائىلە ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىقلار پىسخىكىغا پاسسىپ تەسىر بولىدۇ. تەتقىقاتلار نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا ئائىلىسى ۋە دوستلىرىدىن ياردەمگە ئېرىشكەنلەر، ئۆيىگە زىيارەتچى كېلىپ تۇرىدىغانلار، مەھەللە ياكى جامائەت ئىچىدىكى پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشقانلارنىڭ ئەسلىگە قايتىشى تېخىمۇ ياخشى بولغان. شۇڭا ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ

ئالاقە ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئۆز-ئارا يار-يۆلەك بولۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىش، خاتىرىلەش مۇراسىمى، لېكسىيە ۋە باشقا پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

ئۈچىنچى قاتلام نۇقتىلىق ياردەمدۇر. بۇنىڭدا ئاز ساندىكى كىشىلەر يالغۇز ياكى گۇرۇپپا شەكلىدە نىشان قىلىنىدۇ. ياردەم بەرگۈچىلەر تەربىيەلەنگەن خىزمەتچىلەر بولۇپ، پسىخولوگىيەلىك جىددىي ياردەم، ساغلاملىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ياكى ئاھالە خىزمەتچىلىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ.




2 - رەسىم: كۆپ قاتلاملىق بۆلەك (IASC2007) دىن ئېلىندى.

تۆتىنچى قاتلام ئالاھىدە ياردەمنى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئادەملەردە كۆرۈلگەن مەسىلىلەر تېخىمۇ جىددىي بولغانلىقى ئۈچۈن، كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ ئالاھىدە داۋالىنىشىغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. بۇ ياردەم پسىخىكىلىق بىنورماللىق كۆرۈلگەن كىشىلەرنى تىببىي داۋالاش، پسىخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە بۇ خىل ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولىدىغانلار ئاز سانني ئىگەللەيدۇ . ئاپەتكە ئۇچرىغان ھەممە ئادەمدە پسىخىكىلىق كېسەل كۆرۈلىدۇ دەپ قاراپ، ھەممەيلەنگە داۋالاش ئېلىپ بېرىش ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلاردا ئەكس تەسىر بېرىپ قويۇشى، ئۇلاردا ئارتۇق بېسىم شەكىللىنىپ قېلىشى، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ۋە باشقىلاردىن قېچىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ھازىر روھىي-ئىجتىمائىي يۆلەكنى قانداق ئېلىپ بېرىش، مۇناسىۋەتلىك خىزمەتچىلەرنى قانداق تەربىيەلەش توغرىسىدا قوللانمىلار مەۋجۇت. بۇ قوللانمىلار ئاساسلىق نۇقتىلار ئۈستىدە ئۆلگە كۆرسەتكىنى بىلەن، بەزى ئىنچىكە نۇقتىلارغا كەلگەندە ئاپەت رايونى ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە شارائىتى كۆزدە تۇتۇلۇشى كېرەك. ئاپەتتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش جەريانى ۋە ئىنسانلارنىڭ پسىخىكىسى شۇ رايوننىڭ مەدەنىيىتى، سىياسىي تۈسى، ئىقتىسادى كۈچى، ئىجتىمائىي خاراكتېرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۈنۈملۈك روھىي-ئىجتىمائىي يۆلەك بۇ ئامىللارنى ئويلاشقان ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ تۆردىكى تەتقىقاتلار كۆپلەپ ئېلىپ بېرىلىشى، مۇناسىۋەتلىك قائىدە- تۈزۈملەر يولغا قويۇلۇشى كېرەك. ئاپەتتىن تامامەن خالىي بولغىلى بولمايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ زىيىنىنى كىچىكلەتكىلى بولىدۇ. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئالدىن تەييارلىقلار پۇختا بولۇشى ، ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتى پۇختىلىنىشى كېرەك. ئىنسانلارنىڭ ئاپەت ھەققىدىكى ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قەرەللىك لېكسىيە ۋە مانېۋىرلار ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرۇلۇشى كېرەك. كىشىلەرگە جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىق ھەققىدە مۇھىم بىلىملەرنى يەتكۈزۈش ۋە بۇ ساھەدە ئىشلەيدىغان خادىملارنى كۆپلەپ تەربىيەلەشمۇ كەلگۈسىدىكى مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرى.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

Deborah J. DeWolfe (2000) Training Manual for Mental Health and Human Service Workers in Major Disaster, DHHS.

Inter-Agency Standing Committee (IASC) (2007). IASC Guidelines on Mental Health and Psychosocial Support in Emergency Settings. Geneva: IASC.

Naotaka, Shnfuku (1996), Psychological Consequences of the Great Hanshin Awaji Earthquake, ストレス科学 10(04) 313-318.

New Zealand Ministry of Health. Framework for Psychosocial Reaction to Emergencies. Wellington: Ministry of Health, 2016.

Oishi, S., Kimura, R., Hayashi, H., Tatsuki, S., Tamura, K., Ishii, K., & Tucker, J. (2015). Psychological adaptation to the Great Hanshin-Awazi Earthquake of 1995: 16 Years later victims still report lower levels of subjective well-being. Journal of Research in Personality, 55, 84–90.

Seidenberg, J. (2006). Cultural competence in disaster recovery: Lessons learned from the Hurricane Katrina experience for better serving marginalized communities. from www.law. berkeley.edu/library/disasters/Seidenberg.pdf

Tsujiuchi T, Yamaguchi M, Masuda K, Tsuchida M, Inomata T, Kumano H, et al. High prevalence of post- traumatic stress symptoms in relation to social factors in affected population one year after the Fukushima nuclear disaster. PLoS One. 2016;11:e0151807.

Tanisho Yukiko, Smith Anne, Sodeoka Terumi, Murakami Hiromi , Post Disaster Mental Health in Japan: lessons and challenges, (2015) Health and Global Policy.



# يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ھەققىدە

ئاتىكە ئەمەت (گوللاندىيە)

دوكتور ئاتىكە ئەمەت 1988 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيەلىك -1ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. لەنجۇدىكى غەربىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا 2 يىل خىتاي تىلى ئۆگەنگەندىن كېيىن، شاڭخەي مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىدا 5 يىل كلىنىك داۋالاش كەسپىدە ئوقۇغان. 1995 - يىل 8 - ئايدا ئۈرۈمچى 2 - خالىق دوختۇرخانىسىدا خىزمەتكە باشلاپ، 12 يىل ئىچكى ئاجراتما بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 2017 - يىلى ئوغلى بىلەن گوللاندىيەگە كۆچۈپ كەلگەن. 2009 - 2012-يىلغىچە گوللاندىيەدە يەرلىك تېبابەت كەسپىدە ئوقۇپ دوختۇرلۇق رۇخسىتىنى ئالغان بولۇپ، ھازىر ئۆزىنىڭ مەخسۇس كېسەل كۆرىدىغان ئايرىم ئىشخانىسىدا خىزمەت قىلىدۇ. دوختۇر ئاتىكە مەدەنىيەت مىراسىمىز بولغان ئۇيغۇر تېبابىتى ھەققىدە ئۇزۇن يىل ئىزدىنىپ، ئاساسلىق قانۇنىيەتلىرىنى غەرب تېبابىتى، خىتاي تېبابىتى ۋە تىبەت تېبابىتىگە بىرلەشتۈرگەن ئاساستا كېسەل كۆرىدۇ. بىمارلارنىڭ ئەھۋالىنى ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىپ دىياگنوز قويۇپ، يېمەك بىلەن داۋالاش، چاي رېتسېپى ۋە باشقا ئۆسۈملۈك رېتسېپى قاتارلىق ئاددىي ھەم ئۈنۈملۈك داۋالاش ئۇسۇللىرى بىلەن كېسەللەرگە ياردەم قىلىدۇ.

يۇقۇملۇق كېسەللىك، ئىنسانلارنىڭ شەھەرلىشىپ يىغىلىشىپ ياشىشى بىلەن تەبىئەتتە بار بولغان باكتېرىيە ۋە ۋىرۇسلارنىڭ ئىنسانلارغا تەدرىجىي يۆتكىلىشى بولۇپ تۈرلىرى زامانغا قاراپ كۆپىيىپ ماڭماقتا. يۇقۇملۇق كېسەل، يۇقۇش ۋە يۇقۇملۇنۇش دەپ ئىككى باسقۇچتىن تەركىب تاپىدۇ.

يۇقۇملۇق كېسەل، ئۆتكۈر يۇقۇملۇق ۋە ئادەتتىكى يۇقۇملۇق دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئاساسەن سۇ ۋە ھاۋا، ئورتاق ياشاش مۇھىتىدىن تېز تارالغاچقا جىددىي ئايرىپ داۋالاش لازىم. بەزى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ قىش ۋە يازدا يۈز بېرىشى ئوخشاش بولمايدۇ.

يۇقۇملۇق كېسەل ئىنسانلارنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. تارىختا قاراپ باقساقمۇ، نۇرغۇن ئىمپېراتورلار، خان-پادىشاھلار ئوردا- سارايلارمۇ ۋابا كېسەلىنىڭ تارقىلىش مەنبەسى بولغان، ۋە خاراب بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە چېچەك، قىزىل، قارا كېزىك، يۇلۇن ياللۇغى، ماخاۋ، يۇقۇملۇق ئۈچەي ياللۇغى، خولېرا، مالارا، سۆزنەك، چاشقان يارىسى، كېيىنچە سېرىق جىگەر كېسىلى، سىبلىس، سىل كېسىلى ۋە يۇقۇملۇق زۇكام، قۇش زۇكىمى، ئەيدىس، سارس، ھازىرقى تاجسىمان ئۆپكە ۋىرۇسى دېگەنلەر...

تارىختىكى چوڭ ۋابا چاشقان يارىسىنى چىڭگىزخان ئەسكەرلىرىنىڭ ياۋروپاغا ئېلىپ كېلىشى بىلەن نۇرغۇن ئادەملەر ئۆلگەن. ياۋروپالىقلار ئامېرىكا قىتئەسىنى تاپقاندىن كېيىن، يۇقۇملۇق زۇكامنىمۇ تەڭ ئاپارغان ۋە يەرلىك ئىندىيانلاردا بۇ خىل شەھەر كېسەللىكىگە قارشى ئىممۇنىتېتى بولماسلىقى تۈپەيلىدىن پۈتۈن ئىندىيانلار ئۆلۈپ تۈگەشكىلى تاس قالغان.

بىزدە ئۆزىمىزنى ئارخىپلاشتۇرۇشتىن مەھرۇم قالغان مىللەت بولغاچ، يۇقۇملۇق كېسەل ئىستاتىستىكا تولۇق ئەمەس. شۋېتسىيەلىك دىپلومات ۋە ئېكسپېدىتسىيەچى گۇننار يارىڭنىڭ «قەشقەرگە قايتا سەپەر» دېگەن كىتابىدا (ئوقۇپ ئېسىمدە قالغان مەزمۇن) خاتىرىلىنىشىچە؛ شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەر ۋە يەكەندە، ئاز بولمىغان ماخاۋ ۋە سىبلىس، چېچەك كېسەللىرىنى ئۆزلىرىنىڭ دىن تارقىتىش ئۈچۈن ئاچقان دوختۇرخانىسىدا ھەقسىز داۋالىغانلىقى خاتىرىلىنىدۇ، ھەتتا ئىسىملىرىمۇ بېرىلگەن. خوش، دېمەك يۇقۇملۇق كېسەل ئىنسانلارنىڭ ئورتاق

دۇشمىنى ۋە ئۇنىڭغا ئورتاق تاقابىل تۇرمىساق ۋە ئۇنى يېڭىش ئۈچۈن باراۋەر كۈرەش قىلمىساق بولمايدۇ.

ئۇيغۇر تېبابەتتە يۇقۇملۇق كېسەلگە قانداق قارايدۇ ۋە قانداق داۋالايدۇ؟قانداق قىلىپ كېسەلدىن مۇداپىئە ئالىدۇ؟

تېبابەتتە، كۆپىنچە كېسەل ئاغزىدىن كىرىدۇ، تازىلىقتىن ۋە ياكى ناچار، خاتا نەرسىلەرنى يەپ سالغانلىقتىن دەپ قارايدۇ. پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە توختىلىپ، «شۈبھىلىك نەرسىنى يېمەڭلار» دەپ ئېيتقان.

بىر كېسەلنى داۋالاشتىن بۇرۇن، كېسەلنى بىلمەك، تونۇماق، ئاندىن كېسەلگە مۇناسىپ رىسالىنى بېرىپ كېسەلنى پىشۇرماق ۋە ئاندىن ھەيدىگۈچى رېتسېپ بىلەن پىشقان كېسەللىكنى چىقارماق لازىم. بۇ بىر پۈتۈن بىمار ئۈچۈن قوللىنىدىغان پىرىنسىپ.

مۇداپىئە دېگەندە، قولنى پاكىز يۇيۇش ئىنتايىن مۇھىم باسقۇچ، بۇ زاتەن بىزنىڭ دىنىمىزدا ئېنىق كۆرسىتىلگەن، تاماقتىن بۇرۇن، كېيىن، ھاجەت ئالدى، كەينىدە پاكىز يۇيۇش، سول قولىدا ئىستىنجا، ئوڭ قولۇدا يېمەك دېگەندەك. ئولتۇراق ئوي كۆڭگەي بولۇشى ، ساپ ھاۋا، پاكىز غىزالىنىش. نېمىنى يېيىش، نېمىنى يېمەسلىك ، ھويلا- ئارامنى سىرىپ سۈپۈرۈش دېگەندەك ئۇششاق ئامىللارغىچە كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

نۆۋەتتىكى سىرلىق ۋىرۇس تاجىسىمان ئۆپكە ۋىرۇسى قانداق نەرسە؟ ئۇ كىملەرگە يۇقىدۇ ؟ ۋە قانداق ئالدىنى ئالىمىز؟ ئۇيغۇر تېبابەت نۇقتىسىن قانداق چۈشىنىمىز ؟

بۇ ۋىرۇس توغرىسىدا بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز تېخى يېتەرلىك ئەمەس. مېنىڭ قارىشىمچە ( ئۇيغۇر تېبابىتى نۇقتىسىدىن چىقىش قىلدىم): بۇ كېسەلنىڭ تارقىلىش، يۇقۇملىنىش تېپلىرىگە قاراپ باقسام، ئاساسلىق ئۆپكىگە ھۇجۇم قىلىدىكەن، يەنى ئۆپكىنىڭ يۇمشاق سۇلۇق توقۇلمىسىنى قۇرۇتۇپ، قاتۇرۇپ بۇزىۋېتىدىكەن. ئۇ سەۋەبتىن نەپەس قىيىنلىشىپ ئاندىن ھاياتقا تەھدىت ئەكېلىدىكەن. ھازىرچە يۇقۇش مەنبەسى شەپەرەڭ پالۋان ۋىرۇسنى. ئادەملەرگە ئۆتكۈزگۈچى رول ئوينىغان. خىتاي خەلقىنىڭ بۇ پالۋاننى يېيىشتىكى مەقسىتى، بەدىنىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش مەقسەت قىلغان بولۇپ، كۆپىنچە قۇۋۋەت قىلغۇچى نەرسىنى قىشتا ئىستېمال قىلىدۇ. قۇۋۋەت قىلغۇچى بولۇپمۇ قارا رەڭلىك نەرسىلەر تېبابەتتە قۇرۇق ئىسسىق دەپ قارىلىدۇ.

يەنە بىر ئانالىزىم: بۇ كېسەل كۆپىنچە ياشانغانلارغا يۇقۇدىكەن. ياشانغانلارنىڭ مىجەز تەبىئىتى قۇرۇق بولۇپ، ئاسانلا غەيرىي سەۋدا خىلىت پەيدا بولىدۇ. ئۆپكە مىزاجى مۆتىدىل سۇنىڭ تەبىئىتىگە يېقىن. ئۆپكىنىڭ بىرىنچى دۈشمىنى غەيرى سەۋدا ھالىتى. يەنى مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۆپكىگە يېتەرلىك نەملىك بارالمايدۇ، غەيرىي سەۋدا ھالىتى، ئۆپكىنى قۇرۇتۇۋېتىدۇ. ئۇ سەۋەبتىن ياشانغانلار ئاسان ئۆپكە مىكروپى بىلەن يۇقۇملۇنۇپ ئۆپكە ياللۇغلىنىدۇ.

بۇ ئىككى مۇلاھىزە نۇقتا نەق ھازىرقى تاجىسىمان ۋىرۇس ئۆپكە يۇقۇملىنىشنىڭ ئەھۋالىغا ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ.

ئەلۋەتتە بىر ئىلىمنىڭ بىر نەچچە مۇلاھىزە قىلىش ئۇسلۇبى بولىدۇ. چۈنكى تېبابەت ئىلمى، بىر پەلسەپە ئىلمى، بىر ماتېماتىكا ئىلمى، بىر خىمىيە ئىلمى، بىر فىزىكا ئىلمى. ئۇنىڭ يېشىش ۋە چۈشەندۈرۈش ئۇسۇللىرى ھەرخىل بولىدۇ. بۇ پەقەتلا مېنىڭ يېشىش ئۇسلۇبۇم، تېبابەت ساھەسىدىكى باشقا كەسىپداشلارنىڭ پىكرىگىمۇ ھۆرمەت قىلىمەن.

نۆۋەتتىكى بىز قىلالايدىغان تەدبىرلەر:

قولنى پاكىز يۇيۇپ تۇرۇش، پاكىزلىغۇچى، مىكروسىزلىغۇچى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇش، ئادەم توپلاشقان يەرلەرگە بەك بارماسلىق. ئۆيگە ئىسرىق سېلىش( ئەمەن، ھىڭ، شىۋاق، ئادراسمان، ئالما شۆپۈكى...) يالپۇز، پىننە، چۈچۈك بۇيا ياغىچى شوراش، چامغۇر، تۇرۇپ شورپىسىنى كۆپ ئىچىش، لىمون، ئاپېلسىن، ئانار قاتارلىق تەركىۋىدە ۋىتامىن C مىقدارى يۇقىرى نەرسىلەر بىلەن ئىممۇنىتېتىنى كۈچلەندۈرۈش. بىيە ۋە ئەينولا مۇراببباسى يەپ بېرىش ئۆپكىنىڭ نەيچە يوللىرىنى راھەتلەندۈرۈش. ئاقسىل ماددىسى كوپ يېمەك بىلەن بەدەننى كۈچلەندۈرۈش. كېسەلگە مۇداپىئە توساقنى كۈچلۈك سېلىش لازىم.

ياشانغانلار ھەر ۋاقىت ھەرخىل شەكىلدىكى ئۆپكە ياللۇغىغا دىققەت قىلىشى، بولۇپمۇ قىش ۋە كۈز ئەتىياز پەسىلدىكى ئۆزگىرىشچان ھاۋا كىلىماتى ۋە بەدەن خىلىتلىرى ئۆزگىرىشچان ۋاقىتتا، يېمەك - ئىچمەككە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى، مىزاجنى تەڭشىگۈچى ۋە مۇناسىپ ئەزالارغا ماس كېلىدىغان يېمەكلەر بىلەن غىزالىنىشى كېرەك. ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى بۇ قائىدە ھەر ۋاقىت كۈچكە ئىگە.( يەنى يۇقۇم مەزگىلىدىن باشقا ۋاقىتلاردىمۇ ياشانغان ۋە بىمارلارنى كۈتۈنۈش ئەھۋالى ئالاھىدە بولىدۇ).

ئاچ كۆز ئادەم ئۆزگە ھاكىم بولالمايدۇ.

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابدىن ئېلىندى

# ئىككى شېئىر

ئەركان (تۈركىيە)

## ھەسەن ـ ھۈسەن ئاستىدا ئېچىلغان گۈللەر

بارماقلىرىڭ بابۇنە گۈلى
كېتىۋاتقان كۆزىڭ كەينىدىن
ئىسمىمىز يوق ھېچبىر دەرەختە
چىغىر يوللار بىزنى ئەسلىمەس
كارۋىتىمىزدا ئۆمۈچۈك تورى
قەسىدىمىزدە كوچىلار رەزىل
ئۈيۈقىمىزدا ياردار قۇشلار
ئۈۋىسىدىن يىراقلاردا سۇنغان قانىتى
لەۋلىرىڭدە قانىغان ئىسمىم
بىر يېتىم مۈشۈكنىڭ ھەسرىتى كەبى
كۆزۈڭدىلا ئېچىلار پەقەت
ئۈمىدىمنىڭ كۆك پىياز گۈلى...

قىزىقىش، گۇناھ، ساراڭ خىياللار
ھايات، ئۆلۈم... ھەممە باشقىلار
ئۇنتۇپ كەتسەم دېيمەن ھەممىنى
قالسۇن پەقەت سېنىڭ سۈرىتىڭ
قالسۇن پىياز گۈلى ھەممە بابۇنە
قالسۇن يەنە ھەسەن- ھۈسەنلەر
بىزسىزلىككە ئوقۇپ مەرسىيە...

2019 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 -كۈنى

## سۆيۈشتىن ئىلگىرى ھەم سۆيۈشتىن كېيىن

سەن سەۋەب بولاتتىڭ ئاسمانغا
باغرىمدا ئېچىلاتتى ھەسەن- ھۈسەن
مەن ئاققۇزغان ياشلىرىڭنىڭ ۋابالى
تىنىقتا پۇشايمان، ئۆمۈرگە ھەسرەت...

سەن ئۇلۇغ دەرخلەر ئارىسىدا
غەمكىن پىشايۋانلار ئاستىدا
ئاشىق قارلىغاچلارنى چاقىراتتىڭ باھارغا
غېرىب دېرىزىلەرنى تولغۇزاتتىڭ پەسىللەرگە
مەن ئەينەكتە تەنھا قالغىنىمدا
سەن نۇرلار بىلەن كېلەتتىڭ
مەن جان تالىشىۋاتقاندا
سەن ھاياتنى ھەدىيە قىلاتتىڭ
تىلىم چارىسىز قالغاندا
سەن مېنى ئوقۇيتتىڭ
بارماقلىرىم ساڭا تەگكەندە
سەن روھىمدا پەرۋاز قىلاتتىڭ...

بۈگۈن
يىراقسەن قوللىرىمدىن
ئەينى بىر قۇشتەك
ئۆلۈمنى ئېلىپ قاچقان لېۋىمدىن
سەن ياراتقان ئۇ مۇقەددەس چۈشلەر
ھۇجرىلار پەريادىغا غەرق بۇ ئاخشام...

ئۇ كۈنى
روشەن ئىدى كۆزلىرىڭدە
دېرىزىلەردىكى ئازاب تەمى ھەم قايغۇ رەڭگى
يىغلاۋاتاتتى پۈچۈق تەشتەكتە
تورزۇۋاتقان بابۇنە ھەم كۆكپىياز گۈلى

كۆلەڭگىلەر ئۇخلىغاندا
چارىسىز كۈتەتتى مەسۇم ئىشىكلەر
ئۆمۈرلۈك مۇساپە كۆزلەر ئارىسى
يوللارغا قارايتتى مەھزۇن مۈشۈكلەر
قارغىشتۇر سەنسىز قالغان ھاياتىم
قولۇمدا گۈگۈم... ئەندىشە ھەر يەر...

سەندىن كېيىن
بۇ ئۆي ئالدىدىن سايىلەر ئۇزاپ كەتتى
روھىم، كەلگۈسى ۋە بارچە گۈزەللىك
ئاستاغىنا ئەگەشتى ساڭا...
ئەسلىمىلەر ھەققىدە ئېغىز ئاچمىدىڭ
يوشۇرغانسەن ئۇنى نىمانچە پۇختا
ئۇنۇتىدىكى مۇلايىملىقا، تېنىڭدىكى نازۇكلىقىڭغا؟

سۆيۈشتىن ئىلگىرى ھەم سۆيۈشتىن كېيىن
ئازابىمنى ئېلىپ كەتكىلى
سەندىن ئۆزگە ھېچكىم يوق ئىدى
ئىشىكنى ئاچتىم
تۈگىمەس يول ئىدى ئېشىپ قالغىنى
ئېھتىمال ھېچقاچان قايتمايدىغانسەن
كۈتۈشكە باشلىدىم يەنىلا سېنى...

2019-يىلى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى

# بىر ياش شائىرغا

مەھمۇد دەرۋىش (پەلەستىن)

خۇلاسىلىرىمىزگە ئىشەنمە، ئۇنۇت ئۇلارنى
ئۆزۈڭنىڭ سۆزىدىن باشلا! سەن گويا
تۇنجى بولۇپ شېئىر يازغاندەك
ياكى شائىرلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدەك!

بىزنى ئوقۇ، خاھىشلىرىمىزنىڭ داۋامى بولۇش ئۈچۈن ئەمەس
بەلكى بەختسىزلىك كىتابىدىكى خاتالىقلىرىمىزنى تۈزەش ئۈچۈن.

مەن كىم؟ دەپ سورىما ھېچكىمدىن
سەن ئاناڭنى بىلىسەن..
ئەمما ئاتاڭ... سەن ئۆزۈڭ!

ھەقىقەت ئاقتۇر، ياز ئۇنىڭغا
قاغىنىڭ سىياھى بىلەن.
ھەقىقەت قارىدۇر، ياز ئۇنىڭغا
ئالقۇن نۇرى بىلەن!

ئېلىشاي دېسەڭ بۈركۈت بىلەن
قانات قاققىن ئۇنىڭ بىلەن
ئاشىق بولساڭ بىر قىزغا، سەن ئۆزۈڭ بول
ئۇ قىز ئەمەس
ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشى بولما.

ھايات- ئەڭ ئاز ھاياتتۇر
ئويلىمايمىز ئەمما بىز ئىشنى
تۇيغۇنىڭ ساغلاملىقىنى ساقلاپ.

خىيال قىلساڭ قىزىلگۈلنى ئۇزۇنىدىن-ئۇزۇن
تەۋرىتەلمەس بوران سېنى!

سەن ماڭا ئوخشايسەن، لېكىن ھاڭلىرىم ئاشكارا
سىرلىرى چەكسىز يولۇڭ بار سېنىڭ
بىر چۈشۈپ، بىر ئۆرلەيدىغان !

ئاتىشىمىز مۇمكىن، ياشلىقنىڭ خورىشى، ماھارىتىنىڭ پىششى
ياكى ھېكمەت، دەپ
چوقۇم ئۇ ھېكمەتتۇر، شەك يوق بۇنىدا
لېكىن ئۇ سوغۇق مۇڭسىز ھېكمەت.

قولىدىكى مىڭ قۇشقاچ
بىر قۇشقاچقا تەڭ بولالماس
دەرەختىكى يېپىنچاقلىغان!

ئېغىر كۈنىدىكى بىر شېئىر
قەبرىدىكى گۈزەل چېچەكتۇر.

ئۆلگىگە ئېرىشىش تەستۇر
سەن سەن ئۆزۈڭ بول ھەم باشقىسى
ئەكس-سادا چېگرالىرى كەينىدە.

قىزغىنلىقنىڭ تۈگىشىگە ئۇزاق ۋاقىت بار
قىزغىن بول شۇڭا، يۈرىكىڭگە، ئەگەش ئۇنىڭغا
توغرا يولغا يېتىشتىن بۇرۇن.

سۆيگىنىڭگە: سەن مەندۇرسەن دېمە
مەن سەندۇرسەن دېمە
ئەكسىنى دېگىن: بىز ئىككى مېھمان
سەرگەردان بۇلۇت ئۈستىدىكى/

ئايرىل، ئايرىل بار كۈچۈڭ بىلەن قائىدىلەردىن.
بىر تال سۆزگە ئىككى يۇلتۇز قويما
مەنانىڭ يېنىغا شاكالنى قوي
ئۆرلەۋاتقان مەستلىك ھەقدادىغا يېتىش ئۈچۈن.

تەلىماتلىرىمىزنىڭ دۇرۇسلۇقىغا ئىشەنمە
كارۋان ئىزىنىڭ باشقىسىغا ئىشەنمە!

خۇلاسە-شائىرنىڭ يۈرىكىدىكى ئوقتا ئوخشاش
قاتىل ھېكمەتتۇر.

ئاچچىقلانساڭ كۈچلۈك بول بۇقىدەك
ئاشىق بولساڭ بادام چېچىكىدەك ئاجىز بول.
ھېچنېمە بول ھېچنېمە
تاقاق بىر ھۇجرىدا ئۆزۈڭ بىلەن مۇڭداشقىنىڭدا.

يول ئۇزۇنىدۇر ئىمرئۇل قەيسىنىڭ كېچىسىدەك
تۇزلەڭلىك ۋە ئېگىزلىكلەر، دەريا ۋە ئويمانلىقلار
چۈشۈڭگە چۈشلۇق ماڭىسەن
ساڭا ئەگىشەر تۈنلەيلىسى
ياكى دار!

مەجبۇرىيەتلەردىن ئەنسىرەيمەن سەن ئۈچۈن
باللىرىنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىكى ئۇسسۇلچىلاردىن
ئەنسىرەيمەن

مەخپىي كامىرالاردىن ئەنسىرەيمەن
ناخشىچى ئاياللارنىڭ كارىۋاتلىرىدىن .

گۇمانىم توغرا چىقار
باشقىلاردىن ياكى مەندىن يىراقلاشساڭ:
ماڭا ئوخشىمايدىغان نەرسە ئەڭ گۈزەلدۇر.

ھازىردىن باشلاپ ساڭا بىردىنبىر ھىمماتچى:
بوش قويۇۋېتىلگەن كېلەچەكتۇر.

ئويلىما، قايغۇلاردا ئېرىگىنىمدە
شاملارنىڭ ياشلىرىدەك، سېنى كۆرىدىغان كىشىنى
ۋە مۆلچەرىڭنىڭ نۇرى ئۈستىدە مېڭىۋاتقان كىشىنى
ئۆزۈڭنى ئويلا: بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇمۇ؟

شېئىر كەم... كېپىنەكلەر تولۇقلايدۇ ئۇنى.

نەسىھەت يوق سۆيگۈدە، تەجرىبىدۇر ئۇ ئەمما
نەسىھەت يوق شېئىردا، ئىقتىداردۇر ئۇ ئەمما.

ئاخىرىدا: سالام بولسۇن ساڭا!

ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرۇللاھ تەرجىمىسى (تۈركىيە)

# ئىككى شېئىر

ئادىل ئوغلى سەھرايى

## مېھىر بىلەن گۈزەل بۇ ئالەم!

بىراۋلارنىڭ كۆزلىرىدە نەم؛
بىراۋلارنىڭ باشلىرىدا غەم؛
بىراۋلارنى غۇربەتتە كۆرسەم،
يىغلار كۆزۈم، ئۆرلەيدۇ ئۆپكەم؛
مېنىڭدىمۇ ئەمەس گەرچە كەم!

بىر لۇتفىدىن يورۇق دىلخانەم،
بىر تەبەسسۇم گويا بىر ئالەم.
مېھىرلىك سۆز بەئەينى ئايەم،
بىر نەشتەردىن ئۆرلەيدۇ ئۆپكەم؛
يىغلار كۆزۈم، قاينايدۇ سىنەم...

ساددا دىدى بىراۋلار، مەيلى،
ئەخمەقلىقىم شۇنىڭ تۆپەيلى.
سانجىلسىمۇ بىراۋلار پەيلى،
ئارمىنىم شۇ: كۈلسەم، كۈلدۈرسەم؛
مېھىر بىلەن گۈزەل بۇ ئالەم!

## سورىماڭلار غېرىپ ھالىمنى

تاغدىن چۈشكەن شىرىن زۇلالار،
قاندۇرۇڭلار مەجنۇنتاللىمنى.
باغدىن ئەسكەن مەيىن شامالار،
سورىماڭلار مىسكىن ھالىمنى.

ئوخشىمايدۇ بۇلۇتقا رەڭگىم،
تۆكۈلگىنى يۇلتۇزدۇر بەلكىم.
ئاي، قۇياشقا تاشلاپ سوئال ، ھەم،
سورىماڭلار مىسكىن ھالىمنى.

بىركىملىرى يوقمۇ؟ دېمەڭلار،
يا قارنى ئاچ- توقمۇ؟ دېمەڭلار.
خۇش كېلىپ، خۇش كېتىپ، بىلمەڭلار،
سورىماڭلار مىسكىن ھالىمنى.

داستانىنى ئېچىپ ئارمانىنىڭ،
بابلىرىنى تېپىپ ھىجرانىنىڭ.
ئىزدەپ ئىزىن مەن ناتىۋانىنىڭ،
سورىماڭلار مىسكىن ھالىمنى.

سورىغانغا دەڭلار ئەسسالام،
بىۋاپاغا تامام ۋەسسالام.
ھاجەت ئەمەس، بەس ئارتۇق كالام،
سورىماڭلار مىسكىن ھالىمنى.

# ئىككى شېئىر

دۆلەتجان كېرىموۋ (ئۆزبېكىستان)




## ئابدۇللا قادىرىغا مەكتۇپ

ئېيتىڭ، چىققان ئىدىڭىز كىملەرنىڭ يولىغا،
ئېيتىڭ، ئاچقانتىڭىز كىملەرگە باغرىڭىزنى؟
ساتقان ئىدى دۈشمەنلەرگە دوستىڭىز سىزنى،
زادى! بەرسۇن بىزگە ئېيتىپ قىلمىشلىرىڭىزنى!

ئەتراپتا كۆپتۇر ئۆلپەت، لېكىن يوقتۇر دوست،
كۆپتۇر ھەممە يەردە، ئالەمدە مەدداھلار.
ئەھۋالىڭنى سورايدىغان قاراكۆز يوقتۇر،
يىگىتلەر تەنھادۇر، توپلىشىپتۇ مەدداھلار.

گاھىدا يۈرىكىم تولغاندا غەشكە،
جۈرئەت قىلالمىسام، ھاتتا كى كۈلۈشكە!
دەۋەت قىلىسىز مېنى ياشاشقا،
ئۆگىتىسىز ماڭا قانداق ئۆلۈشنى...

ئۆرتىسە گاھى قەلبىمىزنى سوراق،
ئازاب قەلبىمىزدە - يۈرىكىمىزدەدۇر.
مىرزىلار كەتكەندى سىز بىلەن، بىراق
ھېلى ھەم كاتىپلار ئارىمىزدادۇر...

2010 - يىلى، ئەنجان

## چاچقاننىڭ ئۇۋىسى

كەچۈرۈڭ، ماڭمىسام سىز ماڭغان يولدىن،
ئەۋزەلدۇر ماڭا ئۆزۈم ئاچقان چىغىر يول.
كەلسىڭىز گەر باغدىن، كېلىمەن چۆلدىن،
ئۇرماڭ باشقا ھەدەپ مىننەت توقمىقىنى.

سەكرىمەيمەن ئۆگزىدىن، سىز سەكرىسىڭىزمۇ،
ئۆزۈلگەن ئەمەس ئايىقىم يەردىن.
ئوينىمايمەن، باشلىسىڭىزمۇ سىز نەغمە ناۋا،
كاناي -سۇناي چېلىپ، ھەتتا ئۆگزەمدىمۇ.

ئۆلىدىمەك، يۈرۈپتىمەن تېشىمنى تېرىپ،
سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە تاش ئاتقىنىم يوق.
گەپ ساتمايمەن سىزدەك، بىلمەيمەن ھىيلە،
قارنىم ئاچ بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلۈم توق.

بىلىمەن، ياراتقان ياردۇر يالغۇز ئادەمگە،
بۇ كۆنىڭىز ياخشىراق، بەلكى ئۆلگەندىن.
بېرىمەن تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى سىزگە،
چاچقاننىڭ ئۇۋىسى مىڭ تەڭگە بولغاندا.

2018 - يىلى، ئەنجان.

ئۆزبېكچىدىن مۇرات ئورخۇن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (تۈركىيە)

# سېنى سۆيىمەن

نازىم ھىكمەت (تۈركىيە)

سېنى سۆيىمەن
ناننى تۇزغا چىلاپ يېگەندەك .
كېچىلىرى ئوت ئىچىدە ئويغىنىپ
جۈمەككە ئېغىز يېقىپ سۇ ئىچكەندەك.
ناتونۇش ئېغىر پوسۇلكىنى
جىددىيلىشىپ، سۆيۈنۈپ، ئىككىلىنىپ ئاچقاندەك.
سېنى سۆيىمەن
تۇنجى رەت دېڭىزدىن ئايروپىلاندا ئۆتكەندەك.
ئىستانبۇلغا يۇمشاقىنا چۆككەندە قاراڭغۇلۇق
ئىچىمدە قىمىرلىغان بىر شەيئىلەردەك.
سېنى سۆيىمەن
كۆپ رەھمەت ھېلىھەم ياشاۋاتىمىز، دېگەندەك...

تۈركچىدىن ئۇيغۇرۇللاھ ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (تۈركىيە)

********************

# سەھرادىكى كېچە

ئابدۇخېبىر خىلىل تەۋەككۇل (تۈركىيە)

چېكەتكە چىرىلداپ سورىدى سوئال:
ئېيتقىنا ئەي دوستۇم ئۆزۈڭ قەيەردىن!
قارىسام چىرايىڭ خۇددى سامانىدەك،
كۆز نۇرۇڭ ئۆچۈشى نېمە سەۋەبتىن؟

-كۈن چىققان دىياردىن كەلگەن بۇ يەرگە،
مەن ئۆزۈم ئۇيغۇرنىڭ ئاخىرقى نەسلى.
بىلمىدىم سەپەرگە قەدەم بېسىپلا ،
تۇزىدى ياشلىقىم كەلمەيلا پەسلى.

سورىما، مەن دېمەي سەنمۇ ئاڭلىما،
ئىچىمدە مىڭ پاتمان ئازاب ۋە ھەسرەت.
قەلبىمنىڭ ھۇزۇرى يىراقتا قالغان،
ھىجرانلار تىلغايدۇ يۈرەكنى رەت - رەت.

مەن بۇگۈن سەھرادا ياتقان بۇ كېچە،
چېكەتكە چىرىلداپ مۇڭداشتۇق بىر پەس .
سۆھبەتكە قوشۇلدى ئاسماندا چولپان،
يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇراتتى بەس -بەس.

شەھەرنىڭ بۇلغانغان ھاۋاسىنى قوي،
سەھرانىڭ ھاۋاسى تەننىڭ داۋاسى.
كۆكسۈمنى تولدۇرۇپ ئالاي بىر نەپەس،
يۈرەكنى ئەزگەندە قۇشلار ناۋاسى.

2018 - يىلى 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئىستانبۇل

**********************

# سۈرەت

جەمال سۈرەييا (تۈركىيە)

بېكەتتە ئۈچ كىشى
ئەر، ئايال ۋە بالا

ئەرنىڭ قولى يانچۇقتا
ئايال بالىنى يېتىلىۋالغان .

ئەر مۇڭلۇق
مۇڭلۇق كۆيلەردەك مۇڭلۇق.

ئايال بەك گۈزەل
گۈزەل ئەسلىمىلەردەك گۈزەل.

بالا
گۈزەل ئەسلىمىلەردەك مۇڭلۇق
مۇڭلۇق كۆيلەردەك گۈزەل.

تۈركچىدىن ئۇيغۇرۇللاھ ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (تۈركىيە)

*ئاچ كۆزلۈك كىمنى كەمبەغەل قىلغان بولسا، بۇ دۇنيانىڭ بارلىق نېمىتى ئۇنى بېيىتالمايدۇ.*

«يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى

# شېئىرلار

ئامىنە ۋايىت (تۈركىيە)

## بىزنىڭ يۇرىكىمىز يوق

بىزنىڭ يۇرىكىمىز يوق
يۇرەكنىڭ ئورنىدا پەقەت
ھېس -تۇيغۇسىدىن ئايرىلغان
ئازاب سۈيىگە چىلانغان بىر پارچە گۆش بار
ۋە قاراڭغۇ بىر بوشلۇق.
بىز ئايال ئىدۇق
ئايالغۇچى بولۇپ يارالغانتۇق ئەسلىدە
نازۇك، خىرۇستال شىشىدەك.
بىر يۇرىكىمىز بار ئىدى
ئۇ پۈتمەس - تۈگىمەس مۇھەببەت بۇلىقى ئىدى.
يات تۇپراقلاردا
تەمتىرىگەن ئاياقلىرىمىز ۋۇجۇدىمىزنى تۇتۇپ
تۇرالمىدى
يەرگە چۈشتۇق چېقىلدۇق
ۋەتەنسىزلىكتە.
پارام-پارچە بولغان يۈرەكلىرىمىز
مېھىر بۇلاقلىرىمىزنى قۇرۇتتى.
ئاخىردا ھەممىنى ئۇنۇتتۇق
كۈلۈشنى، خۇشاللىقنى ، بەختنى
ھېيتنى، بايرامنى، قۇتلۇق كۈنلەرنى
خۇددى بۇ نەرسىلەر
ئەزەلدىن بىزدە بولۇپ باقمىغاندەك.

2020 - يىلى 3 -ئاينىڭ 8 -كۈنى

## ئانا تىلىم

ئانا تىلىم ئانامنىڭ تىلى،
ئەجدادلاردىن مىراسىدۇر ماڭا.
بولسامۇ گەر يات تۇپراقلاردا،
سىنىڭ بىلە ھېس قىلىمەن ئۆزۈمنى
ۋەتىنىمدە دائىما.
ئانا تىلىم ئۇيغۇرنىڭ تىلى،
مەھمۇد، يۈسۈپ ئاتامنىڭ تىلى،
پۈتۈلگەن سەندە ئەزىز خەلقىمنىڭ
ئورخۇندىن تارىمغىچە
شانۇ-شەۋكىتى.
تارىختىن بۈگۈنگىچە
كۆز يېشىغا تولغان ئاچچىق قىسمىتى.

2020 - يىلى 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

## پارچىلار

دەملەنگەن شېكەرسىز قىرتاق قەھۋەدەك،
ھەركۈنى بىرخىل تەم ئىلىكىدە ھايات.
قىش بولۇپ ھېچقاچان ياز بولمىغاندەك،
قاتتى مۇز يۈرەكتە ھەركۈنى قات-قات.
***
بىر ئاتەش ئىچىدە يانار ۋەتىنىم،
مەنمۇ ھەم ئۇزاقتىن كۆيدۈم قىينالدىم.
قېيىنىكەن ئوتنىڭ سىرتىدا كۆيمەك،
ئەجدادلار سۆزىنى چۈشەندىم بىلدىم.
***
قەلبىم قۇرۇق، روھىم قۇرۇق قاراڭغۇ،
يىغلاي دېسەم كۆز يېشىم يوق قۇرىغان.
مىسالى مەن يالغۇز كېيىك چۆلدىكى،
تەشنا بولۇپ سۇغا ھەريان قاتىرىغان.
***
قىش ياز ياپيېشىل تۇرغان قارىغاينىڭ ،
سورىساڭ باردۇر مىڭبىر ھەسرىتى.
تاۋلانغاچ سوغۇقتا بوران-چاپقۇندا،
ئېگىلمەي تىك تۇرار مەغرۇر قامىتى.
***
كۈزۈم يۇمۇق ، قەلبىم ئويغاق ھەر كېچە ،
خىيال سۈرۈپ كۆككە بېقىپ ياتىمەن.
يۇلتۇزلارغا ئېيتاي دېسەم دەردىمنى،
يۇلتۇز يىراق ، چەكسىز غەمگە پاتىمەن.
سېغىنىشتىن باغرىم بولدى لەختە قان،
ئەي ۋەتىنىم سىنى قاچان كۆرىمەن.

2020 - يىلى مارت



# ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللارنىڭ ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسىنى سۇندۇرىدىغان تۆت خىل قىلمىشى

(ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز-ئۆزگە بولغان تەلپىنى كۆچەيتىش ئارقىلىق پەرزەنتلەردىكى ئۆز-ئۆزگە بولغان ئىشەنچنى كۆچەيتىش)

جېفرى بېرنىستاين (ئامېرىكا)

**تەرجىماندىن ئىلاۋە :** «بالىنى ئۇنداق تەربىيەلەش، مۇنداق تەربىيەلەش كېرەك» دېگەنلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. بىراق بالىنى تەربىيەلەشتە بىر ئالتۇن قائىدە بار-ئۇ بولسىمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىش-ھەرىكەت، كەيپىيات ۋە سۆزلىرىڭىزنىڭ بالىڭىزغا ئېلىپ كېلىدىغان ئۆمۈرلۈك تەسىرىنى ئوبدان دەڭسەش. بالىڭىزنىڭ خاراكتېرىنىڭ ۋە ئادىمىيلىكىنىڭ سىزدىن ئۆرنەك ئالىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىش ۋە بالىنىڭ ھاياتىنىڭ بىزنىڭ تەسىرىمىزنىڭ تەسۋىرلىرى ئەكس ئېتىدىغان بىر ئەينەك ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىقتۇر. بىراق بۇنى ئورۇندىماق ئاسان ئەمەس ئەلۋەتتە. بۇلارنى ئورۇنلاش ئۈچۈن قايسى ئىشلاردىن ساقلىنىشنى بىلىۋېلىش بىر ئاقىلانىلىكتۇر.

مەن پىسخىك پەنلەر دوختۇرى بېرنىستاين ئەپەندىنىڭ ئىنتايىن ئاددىي ھەم چۈشىنىشلىك قىلىپ يازغان بۇ ماقالىسىنىڭ بارلىق ئاتا-ئانا بولغۇچىلارغا ئۆزگە ئىشەنچى كۈچلۈك بولغان پەرزەنت يېتىشتۈرۈش توغرۇلۇق قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، چۈنكى بۇ ماقالە دەل پەرزەنت تەربىيەسىدىكى ساقلىنىشقا تېگىشلىك خاتالىقلار ۋە بۇ خاتالىقلار بالىنىڭ ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسىگە بولغان تەسىرى توغرۇلۇق توختىلىدۇ.

مەن بۇ ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئاپتور تىلغا ئالغان بۇ خىل تۆت خاتالىقنى ھەممە ئاتا-ئانا بولغۇچىنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدە سادىر قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ھەممە پەرزەنتلىرىمىزنى «ئۆزگە ئىشىنىدىغان بولسۇن» دېسەك بۇلاردىن ئامال بار ساقلىنىشىمىز كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇنداق، ھەممىمىز ئاتا-ئانا بولغاچ قانداق قىلغاندا ياخشى ئاتا-ئانا بولۇشنى ئۆگىنىمىز -دە، كىممۇ ئاتا-ئانا بولماي تۇرۇپ پەرزەنت تەربىيىسىدە مۇتەخەسسىسكە ئايلىنىپ كېتەلىسۇن؟ پەرزەنت تەربىيىسى ئاتا-ئانا بولغۇچىلار ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئۆگىنىش جەريانىدۇر. مۇھاجىرەتتىكى مۇساپىرلىق، ۋەتەنسىزلىك ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ دەردى قوشۇلۇپ پىسخىك دۇنيارىمىزدىكى بېسىم ھەددىدىن ئاشقان بۇ كۈنلەردە، شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىمىز يەنىلا بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ پىسخىك ھالىتىمىزنى ياخشى كونترول قىلىپ ئۇلار ئېرىشىشكە تېگىشلىك بولغان سۆيگۈ-مۇھەببىتىمىزگە، ھۆرمىتىمىزگە، كۆڭۈل بۆلۈشىمىزگە ۋە ئوچۇق-يورۇقلۇق بىلەن ئۇلار بىلەن ئوي-پىكىرلىرىمىزنى ئورتاقلىشىشىمىزغا موھتاج. بۇ دېگەنلىك ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ناچار پىسخىك ھالىتىمىز تۈپەيلى كەيپىياتىمىزدىكى كونتروللۇقنى يوقىتىپ ئۇلارنىڭ ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسىنى بىتچىت قىلىدىغان ۋارقىراش-جارقىراش، ئۇرۇش ۋە نامۇۋاپىق سۆز- ئىبارىلەرنى ئىشلىتىش قاتارلىق قىلمىشلاردىن قەتئىي ساقلىنىشىمىز كېرەك دېگەنلىكتۇر.

بۇ ماقالە باللارغا ۋارقىراش، ئۇلارنى ئۇرۇش، ئۆتكەن ئىشلارنى تەگەش، باللارنى ھەددىدىن ئارتۇق نومۇس تۇيغۇسىنىڭ ئىچىگە غەرق قىلىۋېتىش ۋە ئۇلارنى مەسخىرىلىك تەلەپپۇز بىلەن تەنقىد قىلىش قاتارلىق قىلمىشلارنىڭ ئاتا- -ئانىلارنىڭ ئاتا-ئانا بولۇش سەپىرىدە چوقۇم تېپىلىدىغان كېچىكلەردىن ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ، ھەمدە پەرزەنت تەربىيەسىدىكى بۇ خاتالىقلارنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنىنىڭ پەقەت بالىنىڭ ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىۋېتىش بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنىڭ يىرىكلەشتۈرىۋېتىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنى باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىنى يارىلاندۇرىدىغان خاپىغان كىشىلەردىن قىلىپ قويىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. قېنى سۆيۈملۈك ئاتا-ئانىلار، سىلەر ئۈچۈنمۇ ھەم ئۆزۈم ئۈچۈنمۇ تەرجىمە قىلغان بۇ ماقالىگە مەرھەمەت.

بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى دوكتور، جېفرى بېرنىستايىن دۆلەت بويىچە تونۇلغان ئاتا-ئانىلار يېتەكچىسى، ئۇ ئوتتۇز يىللىق پسىخىك دوختۇرلۇق تەجرىبىسىگە ئىگە. ئۇ بۇ جەرياندا نۇرغۇن ئاتا-ئانىلارغا، باللارغا، ئۆسمۈرلەرگە ۋە ئەر-خوتۇنلارغا پسىخىك مەسلىھەتچى بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ نەشر قىلىنغان كىتابلىرىدىن تۆت پارچىسى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە «قارشىلىشىدىغان باللار ئۈچۈن ئون كۈن» دېگەن كىتابى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى كۆرۈپ ئوقۇشىغا ئېرىشكەن. مەنمۇ بۇ كىشىنىڭ بۇ ماقالىسىنى ياخشى كۆرۈپ تەرجىمە قىلىپ سىلەرگە سۇندۇم. ئاپتورنىڭ بۇ ماقالىسى «بۈگۈنكى پسىخىكا» توردا ئېلان قىلىنغان.

## ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللارنىڭ ئۆزگىچە بولغان ئىشەنچىسىنى سۇندۇرىدىغان تۆت خىل قىلمىشى

ئۆز-ئۆزگە بولغان ئىشەنچ بولسا ئىنسانلارنىڭ هاياتى پائالىيەتلىرىدە مەركەزلىك رول ئوينايدۇ. بۇ ئاتالغۇ ئۆز ئۆزىنى هۆرمەتلەش، ئۆزىنى قەدىرلەش دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بىزنىڭ ئۆزىمىزگە نىسبەتەن قانداق كۆز قاراشتا بولۇشىمىزنى كۆرسىتىدۇ، بۇ خىل قاراش ئۆز نۆۋىتىدە بىزنىڭ ئىش-هەرىكەت ۋە قارارلىرىمىزنى بەلگىلەپ قويىدۇ. ئۆزىمىزگە بولغان كۈچلۈك ئىشەنچ هاياتىمىزدىكى خىرىسلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، يېڭى ئىشلارنى سىناپ بېقىشىمىزغا ھەمدە ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىدارىغا ئىشىنىشىمىز ئۈچۈن ئىلهام بېرىدۇ.

ئاتا-ئانا بولغان ئىكەنمىز، بىز بارلىق كۈچىمىز بىلەن پەرزەنتلىرىمىزدە ئىلغار هالەتتىكى ئۆزگىچە بولغان ئىشەنچنى يېتىلدۈرۈشكە تىرىشىمىز. شۇنداقتىمۇ، بىز بەزىدە باللارغا نىمىلەرنى دېيىش ۋە دېگەنلىرىمىزنىڭ باللىرىمىزنىڭ ئۆزگىچە بولغان ئىشەنچىگە بولغان تەسىرىنى دەڭسىيەلمەي خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىمىز. توغرا، ھەممىمىز ئىنسان ئەمەسمۇ؟

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ ئۆتكۈزگەن ئاشۇ خاتالىقلىرىمىزنىڭ باللىرىمىز ۋە ياكى ئۆسمۈرلۈك يېشىدىكى پەرزەنتلىرىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىمىزگە سەلبىي تەسىر ئېلىپ كەلمەسلىكى كېرەك. «بويۇن تولغايدىغان باللار ئۈچۈن ئون كۈن» دېگەن كىتابىمدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمدەك، بىز بۇ خاتالىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۇ خاتالىقلارنىڭ زادى قانداق خاتالىق ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك.

### 1. ۋارقىراش ۋە ئۇرۇش

باللارنىڭ ئۆزگىچە بولغان ئىشەنچىسىنى تۆۋەنلىتىشتە هېچ قانداق نەرسە ۋارقىراش ۋە ئۇرۇشنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ. سىز ۋارقىرىغان ۋە ئۇرغان ۋاقتىڭىزدا سىز كۆكەملىك قىلىپ ماجىرا چىقىرىپ ئىنتايىن ناچار هالەتتىكى كەيپىيات كونترول هالىتىنى ئىپادىلەيسىز، بۇ قىلمىشىڭىزنىڭ مەقسىتى بالىڭىزنى ئاجىزلاشتۇرۇشتۇر. سىز بالىڭىزغا بۇ ئارقىلىق قانداق بىر دەرس ئۆتمەكچى بولغانسىز؟

شۇنى بىلىڭكى، ھەممىمىز دېگۈدەك ۋارقىراپ باققان. مەن باللىرىمغا ۋارقىراپ باققان ھەمدە ھەتتا بىر نەچچە قېتىم سىلكىشلەپ ئۇياق-بۇياققا قېقىشتۇرۇپمۇ باققان. مەن بۇلاردىن پەخىرلەنمەيمەن، ھەمدە سىزنى شۇنى بىلىپ يېتىشكە ئىلھاملاندۇرىمەنكى، بىز ئۇلارغا ۋارقىرىغان ۋە ياكى ئۇلارنى ئۇرغان ۋاقتىمىزدا بىز ئۇلارغا زوراۋانلىق قىلغۇچىلار بولىمىز.

بەلكىم بىز شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خاتا قىلمىشىنى توسۇپ قالغانلىقىمىز تۈپەيلىدىن غەلىبە قازانغاندەك تۇيغۇغا كەپ قېلىشىمىز مۇمكىن، بىراق بۇ ئىنتايىن قىسقا مۇددەتلىك جايلىۋېتىشى بولۇپ، سىز مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا ئۇلارنىڭ ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتىڭىز. ۋارقىراش-جارقىراش ۋە ئۇرۇش-تېپىشىشلار بالىڭىز بىلەن مەۋجۇت مەسىلىنى هەل قىلىش ئۈچۈن ئىدىيە بىرلىككە ئېلىپ كېلىدىغان سۆھبەت ئۆتكۈزۈشىڭىزگە، زىددىيەتنى هەل قىلىشىڭىزغا ھەمدە بالىدا ئۆزگە ئىشەنچ تۇرغۇزۇشىڭىزدا توسالغۇلۇق رولىنى ئۆتەيدۇ.

### 2.بۇرۇنقى ئۆتكەن-كەچكەن زىددىيەتلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىش

مەسىلە ياكى زىددىيەت هەل بولۇپ بولغاندىن كېيىن قايتا-قايتا تەگەۋەرمەڭ. باللارنىڭ ئىشلارنى يېڭى باشتىن پاكىزە باشلىشىغا يول قويۇشىمىز كېرەك. باللارنىڭ بۇرۇنقى خاتالىقلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىدىغان ئاتا-ئانىلار باللىرىغا ئۇزاققىچە ئاداۋەت ساقلاشنى ئۆگىتىدۇ.

شۇنداقلا، باللار شۇنى بىلىشى كېرەككى، مەسىلە هەل بولۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆتمۈشنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. باللار ئاتا-ئانىلىرى تەرىپىدىن قانچىلىك ئىجابىي ئىش-هەرىكەتلىرى ماختىلىپ، ئالدىغا قاراپ مېڭىشتەك بىر خىل تاللاش شەكلى بىلەن رىغبەتلەندۈرۈلسە، ئۇلارنىڭ ئۆزگە بولغان ئىشەنچ تۇيغۇسى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. شۇنداقلا ئاتا-ئانىسىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قەدىرلىنىش ئېهتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بۇرۇنقى خاتا تاللاشلىرىنى قايتا سادىر قىلمايدۇ.

### 3. نومۇس تۇيغۇسىنى بالىنىڭ جېنىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىش

بۇ يەردە ئۆزىڭىزدىن سوراپ باقىدىغان بىر ئىش بار،بالىڭىزدىن ئەگەر ئۇ سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بولسا ۋە ياكى باشقىلارنىڭ ئورنىدا بولسا قانداق هېس قىلىدىغانلىقىنى سوراپ بېقىش. ناھايىتى كۆپ هاللاردا، ئاتا-ئانىلار بۇ نۇقتىنى ئاخىرقى چەككىچە ئىجرا قىلىۋېتىدۇ ھەمدە باللىرىنى ئاشۇنداق ئويلىغىنى، هېس قىلغانلىقى، ۋە ياكى ئىش تۇتقانلىقى ئۈچۈن نومۇس قىلدۇرۇشقا تىرىشىدۇ. باللىرىنى نومۇس تۇيغۇسى ئارقىلىق كونترول قىلىشقا تىرىشقان ئاتا-ئانىلار باللىرىنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ ۋە ياكى ئايرىۋېتىدۇ.

مەن بۇ يەردە لورىتا دەپ ئاتىماقچى بولغان بىر خېرىدارىم ئون تۆت ياشلىق ئوغلى خەرولدقا

نوموس تۇيغۇسىنى بولۇشىغا يۆلكەپ قويىدۇ . كېيىنچە ئۇلارنىڭ قوشنىسى بۇ ئوغۇل بالىنىڭ مەرىۋانا(بىر خىل زەھەرلىك چېكىملىك) چېكىدىغانلىقىنى بايقاپ قالىدۇ. تولۇق ئون مىنۇت بىر دەممۇ توختاپ قالمىغان ھالدا لورىتا ئوغلىغا مۇنداق دەيدۇ:

— سەن قوشنىلارنىڭ بۇ قىلىقنى بايقاپ قالغاندا مېنىڭ قانچىلىك نوموس قىلىپ كەتكەنلىكىمنى بىلەمسەن؟ سەن ساڭا بولغان ئىشەنچىمنى قانچىلىك يەردە قويغانلىقىڭنى چۈشەندىڭمۇ-يوق؟

لورىتادىن نوموس تۇيغۇسىغا چۆكتۈرۈپ تاشلايدىغان بۇ سۆزلەرنى ئىشىتكەن بالا نېرۋىسى ئۆرلىگەن ھالدا بوراندەك ئېتىلىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ.مەن بۇ ئىشتىن كېيىن لورىتاغا يېتەكچىلىك قىلدىم. مەن لورىتادىن يارىلانغان شەخسىيەتچى غۇرۇرىنى بىر تەرەپكە تاشلىۋېتىپ ئوغلىغا ئەڭ كېرەكلىك بولغان ياردەم ۋە چۈشىنىشنى ئاتا قىلىشنى سورىدىم. لورىتا تەمكىن، كەسكىن ھەمدە كونترول قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە بولمىغان بىرخىل ئۇسۇل بىلەن خەرولدتىن قانداق بولۇپ تەڭتۇشلار بېسىمى ئاتلىق بۇ چۈشەككە قۇل بولۇپ قالغانلىقىنى ئوچۇق-يورۇقلۇق بىلەن ئېيتىپ بېرىشكە ئىلھاملاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەپلىشىپ قالدى ھەمدە خەرولد ئۇزاق ئۆتمەيلا مەسىلىسى بار بۇ تەڭتۇشلىرىنىڭ گۇرۇپپىسىدىن چىقىپ كەتتى ھەمدە چېكىملىك چېكىشنىمۇ تەڭلا تاشلىدى.

## 4. بالىلارغا مەسخىرىلىك سۆزلەرنى قىلىش

ئەگەر سىزنىڭ سۆزلىرىڭىز ئۆزىدىكى مەنىنى ئاڭلاتمىسا شۇنداقلا سۆزىڭىزنىڭ ئىنتوناتسىيەسى ۋە ياكى ئاھاڭى بىلەن قارمۇ- قارشى مەنىنى يوشۇرۇن ئىپادە قىلسا ئۇنداقتا سىزنىڭ سۆزلىرىڭىز مەسخىرە قىلىش خاھىشىغا ئىگىدۇر. بۇنىڭغا كەلتۈرىدىغان بىر مىسالىمىز- بالىمىز خاتالاشقان ۋاقىتتا «ھە، سەن بەك ئەقىللىق ئەمەسمۇ؟» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشىمىز. مەسخىرىلىك سۆز-ئىبارىلەرنى قىلىشىمىز بالىلىرىمىزغا زىيانلىق چۈنكى ئۇ بالىلارنى نوموس ئىچىدە تۇنجۇقتۇرۇۋېتىدۇ . بالىنى مەسخىرە بىلەن تۆۋەن چۆكتۈرۈش ئاتا-ئانا بولغۇچى بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئۈنۈملۈك پىكىر ئالماشتۇرۇش يولىدا توسالغۇلۇق رول ئوينايدۇ.

بەلكىم بۇ چاغدا بالىدا يوقايدىغىنى پەقەت ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىلا بولۇپ قالماسلىقى مۇمكىن.

بالىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىشتىن باشقا يەنە ئاتا-ئانىلارنىڭ بالا تەربىيەلەشتىكى ئىش-ھەرىكەتلىرى بالىلاردىكى قارشىلىق ھەرىكىتىنىڭ قېتىم سانىنى كۆپەيتىۋېتىشى مۇمكىن. بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن ئاتا-ئانا بولغۇچىلارنىڭ سەلبىي قىلمىشلىرى بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ، ئۇ تۈپەيلى پەيدا بولغان پاسسىپ ھېسسىياتلىرىنى ئىچىگە يوشۇرۇپ چوڭ بولغان بالىلار كېيىنچە باشقىلارنىڭ ھېس تۇيغۇلىرىنى ئاسانلا يارىدار قىلىدىغان ھەمدە باشقىلارنى خاپا قىلىپ يۈرىدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. نۇرغۇنلىغان بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەر ماڭا ئاتا-ئانىسىدىن دەشنەم ئىشىتكەندىن كېيىن پاسسىپ كەيپىيات ۋە ئىش ھەرىكەتلەردە بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

ئۆزىڭىزنىڭ ئىش-ھەرىكىتىڭىزنىڭ ھەققىي ئىگىدارىغا ئايلانغاندا ئاندىن ئۇلارنى كونترول قىلالايسىز.«مەن ئەمدى ھەرگىزمۇ بۇنداق قىلمايمەن!» دەيدىغان ۋە شۇنىڭدىن كېيىن مەسىلە كۆرۈلگەن بۇ خىل ئىش-ھەرىكەتلەرنى تەكرارلاۋېرىدىغان دەۋرىيلىكنىڭ ئىچىگە كىرىپ قىلىش تولىمۇ ئاسان. بەزىدە مۇشۇنداق خاتالىششلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، بالىلىرىڭىز بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ سەلبىي تەسىر بېرىپ قويغان ئىش-ھەرىكەتلىرىڭىز توغرۇلۇق بالىڭىز بىلەن ئوچۇق-يورۇق پاراڭلىشىڭ.

بالىسىنى ئۆزى يالغۇز باقىدىغان سال ئىسىملىك بىر دادا يېقىندا ماڭا ئۆزىنىڭ ئون ئۈچ ياشلىق ئوغلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى چوڭ ئىلگىرىلەش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشنى ئېيتىپ بەردى. سالنىڭ دېيىشىچە سال ئۆزى ئۆزگەرمىكى قىيىن بولغان ئۇنسۇر ئىكەن. ئۇ داۋاملىق ئانتونىغا ئۆيدە ۋە ياكى پۇتبول مەشىقلىرىدە كانىيىنى كېرىپ ۋارقىرايدىكەن. سال ئوغلى بىلەن بىرلىكتە ئوغلىنىڭ پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭ مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ. ئوغلى مۇكاپات لوڭقىسىنى ئالغىلى چىقىۋاتقان ۋاقىتتا، ئۇ ئوغلىنى مەسخىرە قىلىپ تۆۋەنگە چۆكۈرىدۇ. بۇ كېچىلىك پائالىيەتتىن كېيىن سال بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ مۇناسىۋىتىدە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ.

مەن سالغا بۇ ئىشقا پۇشايمان قىلىپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشىنىڭ قىلچىلىكمۇ پايدىسى يوقلىقىنى ئېيتتىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوغلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە كونترول قىلىشقا ئۇرۇنماي، ئوچۇق-يورۇق بولۇشقا تىرىشتى. ئۇ بۇلارنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ تۇرۇپ، ئانتونىغا مۇنداق دېدى:

—ئانتونى، مەن سېنى دائىم مەسخىرە ھەمدە تەنقىد قىلىپ يۈردۈم، مەن بۇنىڭ ئۈچۈن سەندىن كەچۈرۈم سورايمەن. سېنى سەھنىدە مۇكاپات ئېلىۋاتقان ھالەتتە كۆرۈپ، داداڭ بولغانلىقىمدىن پەخىرلەندىم.

ئانتونى كېيىنچە ماڭا:

—دادام ئاخىرى چۈشىنىپتۇ،— دېدى.

## خۇلاسە كالام:

سىزنىڭ بالىڭىز بىلەن بولغان مۇئامىلىڭىز ۋە مۇناسىۋەتلىرىڭىز ئۇلارنىڭ كىشىلىك قەدىر-قىممەت كۆز قارىشىنى يېتىلدۈرۈشكە غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. سىز قانچە ئىجابىي ۋە ئاكتىپ يول بىلەن بالىلىرىڭىز بىلەن پىكىرلەشسىڭىز ھەمدە بۇ جەرياندا ئۆزىڭىزنىڭ پاسسىپ ئىش-ھەرىكەتلىرىڭىزگە مەسئۇل بولالىسىڭىز، بالىڭىزغا شۇنچە ياخشى ئۈلگىلىك رول ئوينىيالايسىز- يەنى بۇ جەرياندا بالىڭىزنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيسىز.

2019 -يىلى، 30 - ئۆكتەبىر، ئامېرىكا

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: سەرۋى (ئامېرىكا)


ئىز

ياش ئىشىق ئىزىۋىن سەپەرگە ئاتلىنىپ ماڭغاندىمىز،
ئەمدى ئاتقا مىنگۈدەك بوپقالدى ئەنە نەۋرىمىز.
ئاز ئىدۇق مۇشكۇل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندىمىز،
ئەمدى چوڭ كارۋان ئاتالدۇق قالدۇرۇپ يوللاردا ئىز.

قالدى ئىز يوللار ئارا گاھى داۋانلاردا يەنە،
قالدى ئىز-ئىز ئارسلانلار دەشت يوللاردا خەۋرىمىز.
خەۋرىمىز قالدى دېمەك يولغۇن قىزارغان داللاردا،
گۈل چېچەكلەر يوركىلۇر تاڭلار باھاردا خەۋرىمىز.

قالدى مەنزىل قالدى ئىز قالدى ئۇزاقتا ھەممىسى،
چىقسا بىزدىن كۆپىسە قوملار ھەم كۆمۈلمەس ئىزىمىز.
توختىماس كارۋان يولىدىن گەرچە ئاتلار بەك ئۇرۇقا،
تاپقۇسى ھېچ بولمىسا بۇ ئىزنى بىر كۈن نەۋرىمىز.

ئابدىرېھىم ئۆتكۈر

# قىزىمنىڭ خاتىرىسى

نۇرىيە راھمان (شۋېتسارىيە)

بۈگۈن سەھەردە ئويغىنىپلا ئاخشامقى ھاياجانلىرىمنىڭ يەنىلا شۇ پېتى ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىنى ھەس قىلدىم. بالكونغا چىقىپ، سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن تويۇپ، تويۇپ نەپەس ئالدىم. بۇ يىل كۈز پەسلى تولىمۇ ياخشى ئۆتۈۋاتىدۇ، بەزىدە ھەتتا تېمپېراتۇرا 20 گرادۇستىن ئېشىپ، ئادەمگە ئارام-بەخشلىك ئىللىق ھاۋا داۋام ئېتىۋاتىدۇ. قىزىمنىڭ ئۆيى ئارۋە دەيدىغان بىر دەريانىڭ بويىدا بولغاچقا، ھەر قېتىم قىزىمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قونۇپ قالسام، سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپلا، بالكونغا چىقىپ، خۇددى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرگە زوق بىلەن قاراپ كېتىمەن. بۈگۈن مېنى كۆك ئاسمانلىق ئوچۇق بىر كۈن كۈتۈۋالدى. سەھەرنىڭ ھاۋاسى سەل سوغۇق بولسىمۇ، ئۆيقۇدىن يېڭى ئويغانغان تەنگە بۇسۇپ كىرىپ، ئادەمنىڭ روھىنى جانلاندۇراتتى. مانا سۇس يېشىل قاشتېشى رەڭگىدىكى دەريا سۈيى تىپ-تىنچ ئېقىۋاتىدۇ. بىر نەچچە ئۆردەك سۇدا ئەركىن ئۈزۈپ يۈرۈيدۇ. دەريا بويىدىكى ئىككى رەت دەرەخلەر گەرچە كۈز پەسلىدىن بېشارەت بېرىپ، ياپيېشىل يوپۇرماقلىرىنىڭ رەڭگىنى قىزغۇچ، سېرىق، سۇس يېشىل دېگەندەك رەڭلەرگە ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، يوپۇرماقلىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، ئۇلارنى مەھكەم تۇتۇۋالغان بولغاچقىمۇ، يەنىلا شۇنداق مەزمۇت كۆرۈنەتتى. بۇ دەرەخلەر ئارىسىدىكى پىيادىلەر يولىغا چۈشكەن كۈز يوپۇرماقلىرى خۇددى رەڭلىك پايانداز دەك بۇ يولغا ئېچىمۇ گۈزەل بىر تۈس بەرگەنىدى.

ئادىتىم بويىچە ئىشقا مېڭىشقا تەرەددۇتلاندىم، ئەمما كېچە ئۇيقۇلىرىمنى ئاللىقاياقلارغا قاچۇرۇپ، مېنى خېلى ۋاقىتلارغىچە ئۇخلاتمىغان تۇگىمەس ئويلارغا، ئاخشام قىزىم بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىمىزگە ئىختىيارسىز قايتا شۇڭغۇدۇم...


ئاپتور نۇرىيە خانىم ۋە قىزى دىلفىرۇز

تۇنۇگۈن كەچلىك تاماقتىن كېيىن، قىزىم بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، بىر كىتاب توغرىلىق سۆز ئېچىلدى. قىزىم ئۇ كىتابنى كىتاب ئىشكاپىدىن ئىزدەپ يۈرۈپ، قولىغا بىر خاتىرە دەپتەرنى ئالدى.

خاتىرە دەپتەر نەچچە يىللاردىن بەرى قولغا ئېلىنمىغاچقىمۇ، ئۈستىگە بىزار توپا-چاڭلارمۇ قونغانىدى.

– ھەجەپمۇ چىرايلىق تاشلىق خاتىرىكەنغۇ قىزىم ؟ ئەكېلىڭە، كۆرۈپ باقاي،– دېدىم مەن قىزىقىپ.

قىزىم خاتىرىنىڭ ئۈستىنى پاكىز سۈرتىۋېتىپ:
– بۇ مەن بۇرۇن كۆچۈرۈپ يازغان، مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان شېئىرلار ئاپا، ئۇزۇن بوپتۇ قولۇمغا ئالمىغىلى،– دېگەچ خاتىرىنى ماڭا ئۇزاتتى.



قىزىمنىڭ خاتىرىسى

بۇ خاتىرىنىڭ مۇقاۋىسى بىز ئۇيغۇرلارنىڭ نەققاش سەنئىتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان رەسىملىك تاش بولۇپ، ھەر خىل رەڭدىكى چېچەكلەر بىلەن تولغان نەپىس بىر پارچە سۈرەت بىلەن ئىشلەنگەنىدى. بىرىنچى بەتنى ئاچتىم. قىزىم ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىقتا، كونا يېزىقتا ۋە خىتايچە يېزىپ بولۇپ، دادىسى ۋە مېنىڭ ئىسمىمىزنى فامىلىلىرىمىز بىلەن قوشۇپ كونا يېزىقتا يېزىپتۇ . بۇ بەتنىڭ ئەتراپىنى رامكىلاپ، گۈللەر، يۇلتۇزلارنى سىزىپ بېزەپ، خۇددى بۇ خاتىرىسىنىڭ كىرىش سۆزىنى بەرگەندەك بوپتۇ. ئىككىنچى بېتىگە ئۆتتۈم. بۇ بەتنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا ھەم ئاددىي ھەم ئوماق كىچىك گۈللەر، ئوتتۇرىسىغا كىچىكتىن تەدرىجىي چوڭايغان ھالقىسىمان شەكىللىك چېچەكلەر سىزىلغانىدى. ئۈچىنچى بېتىگە ئۆتۈشۈم بىلەن، ھەيرانلىقىم خۇددى دېڭىز قىرغاقلىرىغا ئۇرۇلغان دولقۇنلاردەك ئۆرلەشكە باشلىدى. بۇ بەتتىن باشلاپ، قىزىم سول بەتكە بىر پارچە رەسىم چاپلاپ، ئوڭ بەتكە شېئىر كۆچۈرۈپتۇ. كۆزۈم دەرھال «باھار چىللايمەن» دېگەن تېمىغا چۈشتى. بۇ شېئىرنى مەن نەچچە قېتىملاپ ئوقۇغان، ھەتتا بىر نەچچە كۇپلېتىنى يادلاپمۇ ئالغانتىم. خەلقىمىزنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان مەشھۇر يازغۇچىمىز، شائىرىمىز مەرھۇم ئابدۇرەھىم ئۆتكۈرنىڭ بۇ شېئىرى قەھرىتان زىمىستاندا غال-غال تىترىگەن قانچىلىغان يۈرەكلەرنى ئىللىتمىغان؟! قانچىلىغان ئۈمىدسىز روھلارغا جان بېرىپ، يېڭى ھايات يولىغا باشلىمىغان؟! يەنە قانچىلىغان كىشىلەرگە غەيرەت، جاسارەت، ئۈمىد مەشئەللىرىنى تۇتقۇزۇپ، يۈكسەك غايىنىڭ سەركىلىرىگە ئايلاندۇرمىغان؟! بۇ، بۇ بىر شېئىرلا ئەمەس، بۇ بىر ئابىدە، بۇ بىز ئۇيغۇرلارنىڭ قىبلىنامىسى! تۆت كۇپلېت شېئىرنى جاراڭلىق ئوقۇپ چىقتىم.

شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپلا قىزىمدىن:

– بۇ خاتىرىنى قاچان يازغانتىڭىز قىزىم؟ دەپ سورىدىم ھاياجان بىلەن.

– شۋېتسارىيەگە يېڭى كەلگەن ۋاقتىمدا، يەنى 14-15 ياشلار ئىلگىرى. سىز ئالدىراش بولغاندىكىن، دەرسىمنى ئۆگىنىپ بولۇپلا، شۇ كىتاب ئوقۇغاچ، ياخشى كۆرگەنلىرىمنى كۆچۈرۈۋالغانتىم، دەپ جاۋاب بەردى قىزىم.

كېيىنكى بەتلەرنى ۋاراقلاشقا باشلىدىم: فىرانسۇزچە ئاددىي تىلدىكى ئىككى پارچە شېئىردىن كېيىن، ئىنگلىزچە «كەچۈر دېيىش ھەممىدىن تەس سۆز بولسا كېرەك» (Sorry Seems To Be the Hardest Word )، ئاندىن «ھەممە دەست تۇرايلى» (All Rise) دېگەن ئىككى ناخشىنىڭ تېكىستى تۇراتتى. (مەن قىزىم ئۈچ ياشلارغا كىرگەندىلا ئىنگلىزچە ئۆگىتىشكە باشلىغان بولغاچقا، 12 يېشىدا شۋېتسارىيەگە يېڭى كەلگەندە، فىرانسۇزچىنى تېخى بىلمىگەچكە، ئىنگلىزچە سۆزلەپ، مەقسىتىنى چۈشەندۈرەلەيتتى. Blue (كۆك) دېگەن بىر گۇرۇپپىنىڭ ناخشىلىرىغا تولىمۇ ھېرىسمەندى. شۇڭا بۇ تېكىستلەرنى كۆرۈپ زىيادە ھەيران بولمىدىم).

– شۇ چاغلاردا ئاجايىپ ياخشى كۆرەتتىڭىز- ھە بۇ گۇرۇپپىدىكى ناخشىچىلارنى؟

– ھەئە ئاپا، ئۇمۇ شۇنداق بىر دەۋرتى...

ئاندىن بىر تۈركچە تېما قويۇلغان بەتكە كەلدىم: «ياغمۇرلار ئىسلانماسىن»Yağmurlar Islanmasın. بۇ بىر مۇھەببەت ناخشىسىنىڭ تېكىستى ئىدى.

– قانداقلارچە بۇ تۈركچە ناخشىنىڭ تېكىستىنى كۆچۈرۈپ قالدىڭىز قىزىم؟

قىزىمنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا، كۆزۈم « ئىز» دېگەن سەرلەۋھىگە تىكىلدى. سول بېتىگە قىزىمنىڭ 12 ياشقا تولغان تۇغۇلغان كۈنىدە بىز شۇ كۈنى ئولتۇرۇپ جەنۋە كۆلى يېنى لېمان كۆلى سەيلىسى قىلغان پاراخوتنىڭ كاپىتانى بىلەن چۈشكەن رەسىمى چاپلانغانىدى. ئوڭ بېتىگە ئۇلۇغ شائىرىمىز مەرھۇم ئابدۇرەھىم ئۆتكۈرنىڭ تۆت كۇپلېتلىق «ئىز» دېگەن شېئىرى كۆچۈرۈلگەنىدى. ياق، «ئىز»نى شېئىر دېگەندىن، ئۆتمۈشىمىزنىڭ يەكۈنى، كەلگۈسىمىزنىڭ نىشانى دېسەك تېخىمۇ توغرا بولىدۇ! قىزىم سۆز باشلىدى:

– ئاپا، 5 - 6 ياش چاغلىرىمدا ماڭا «ئىز» ۋە يەنە «تۈگىمەس ناخشا»، «ئىككى ھەيكەلنىڭ ئۇچرىشى» دېگەن شېئىرلارنى يادلاتقانتىڭىز. چوڭ ئۆيلەرگە بارسام چوڭ ئاپام-چوڭ دادامىلار، مەھەللىگە چىقسام قولۇم-قوشنا «دىلفىرۇز <ئىز> نى بىر ئوقۇپ بېرىڭە» دەپ تۇرۇۋالاتتى. بىر قېتىم

تېخى «يۇلغۇن» رېستورانىدىكى بىر خەتنە تويىدىمۇ مەن بۇ شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرسەم، بىر نەچچە داداش كېلىپ ماڭا پۇللارنى بېرىپ كەتكەنتى. ئېسىڭىزدىمۇ ؟ شۇ ۋاقىتتا ك ئۆگەنگەن شېئىرلىرىمنى پەقەت ئۇنۇتمايمەن ئاپا.

ئېسىمدە بار ئەلۋەتتە. قىزىم كىچىك چاغانلاردا ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان شېئىرلاردىن بەش-ئالتىنى قىزىمغا يادلاتقۇزغانتىم. دېكلاماتسىيە قىلغاندا چوقۇم روھلۇق بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتىم. چۈنكى مەن ئۇچۇن بۇ شېئىرلار مەشھۇر شائىرلىرىمىزنىڭ مىللەتكە بولغان چەكسىز مېھىر-مۇھەببىتى ۋە كامالەتكە يەتكەن ئەقىل-ئىدراك تۇيغۇلىرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپلا قالماستىن، دەۋر بورانلىرىدا بەھۇدە تۆكۈلگەن قان-تەر بەدىلىگە كەلگەن مۇقەددەس ئەسەر ھەم تېپىلغۇسىز مەنىۋى بايلىق ھېسابلىناتتى. شۇڭلاشقا ئۇچۇنمۇ قىزىمنى ئۆيدە دېكلاماتسىيە قىلدۇرغىنىمدا سەل بوشاڭلىق كۆرۈلسە، تېرىكىپ كېتەتتىم، بەزىدە زەردەم بىلەن: «بۇنداق ئوقۇغاندىن كۆرە، ئوقۇمايلا قويۇڭ. ياخشى ئوقۇمىسىڭىز، بۇ چوڭ داداشلارغا بىھۆرمەتلىك قىلغان بولىسىز!» دېگەن ۋاقىتلىرىمدا، قىزىم دەرھال خۇددى ھازىر جەڭگە ئاتلىنىدىغان كىچىك جەڭچىدەك قەددىنى رۇسلاپ، بۇ شېئىرلارنى قايتا-قايتا دېكلاماتسىيە قىلاتتى. لېكىن ھەر قېتىم باشقىلار ئالدىدا دېكلاماتسىيە قىلغاندا بولسا، قىلچە تارتىنماي، ئەستايىدىللىق بىلەن بىر باشلاپ كەتتىمۇ، «توختاڭ! بولدى قىلىڭ!» دېمىگۈچە بىرنەچچە شېئىرنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئۇلاپ، شۇ قەدەر جانلىق ھەم جاراڭلىق ئوقۇپ كېتەتتى...



ئۇيغۇرچە

ھەيكەل

بىر ھەيكەل تۇرۇپتۇ باغدا تىك تەنھا،
ئۈستىدە يېپىنچاق قولىدا ياراق.
مەن ئۇنى تونىتىم تونالمىسى ئۇ،
چۈنكى ئۇ ئېگىزدە مەن پەستە بىراق.

ئىككىمىز ئۇچراشقان يادا باغچاندا،
دەل مۇشۇ مەيداندا كېرىپيا كەڭ قۇچاق.
بۈگۈن ئۇ تۇرىپتۇ تۆرگە بىر ئۆزى،
مەن پەستە قايتىمەن چاقچاقاندا ياتاق.

ئايرىلماس قوشماقمىز دېگىنى قېنى،
ئەجىبا ئۇنتىغاق بوپقالدى قانداق.
مىلىڭ ئەپسۇسى ئېچىدە تۇرىمەن ئۇيىدا،
كۆزىمدىن ئۇت يېنىپ دىلىمدا بىراق.

ئابدۇكېرىم خوجا

خاتىرىگە يېزىلغان «ھەيكەل» ناملىق شېئىر

شۇ ئەسلىمىلىرىم بىلەن يىراقلاپ كېتىۋېتىپ، نەزىرىم ئىختىيارسىز شېئىر ئاستىدىكى سۇس سېرىق رەڭدە سىزىلغان قوم بارخانلىرىغا، قارا رەڭلەردە سىزىلغان كىچىك-كىچىك ئاياق ئىزلىرىغا، قىزغۇچ رەڭلىك كەچلىك ئۈپۈق مەنزىرىلىرىگە ئاغدى. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئەسلىدىنمۇ يىغلاڭغۇ بولۇپ كېتىۋاتاتتىم، بۇ رەسىمنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى تۇتالمىدىم. ياشلىرىم ئەمدى ماڭا بويى بەرمەيتتى، خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك، كۆزۈمنىڭ ھەممىلا يېرىدىن تۆكۈلۈشكە باشلىدى، گويا ماڭا: «بىزنى ئەركىن قويىۋېتىڭ! بىزنى ھازىر تۆكمەي قاچان تۆكىسەن؟ بىزنى خۇشاللىق بىلەن، پەخىرلىك بىلەن تۆكۈۋاتىسەن!» دەۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى. شۇنداق، مەن، قىزىمدىن سۆيۈنۈۋاتاتتىم، قىزىمدىن پەخىرلىنىۋاتاتتىم، قىزىمدىن رازى بولۇۋاتاتتىم. قىزىمنى باغرىمغا باستىم...

بىرئاز ئەسلىمگە كېلىۋالغاندىن كېيىن، تېخىمۇ قىزىقىش بىلەن بەتلەرنى ئۆرۈشنى داۋاملاشتۇردۇم: بۇ بەتتە مەشھۇر قوشتىللىق يازغۇچىمىز مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ «ھەيكەل» دېگەن شېئىرى، ياندا قىزىمنىڭ مومىسى سائادەت ئىمىن ئاپامنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ، مەڭزىلىرىنى يېقىپ، كۈلۈپ چۈشكەن رەسىمى، كېيىنكى ئۈچ بەتتە ئاتاقلىق شائىر تاھىر تالىپنىڭ «سولايمان گۈۋاھ» دېگەن شېئىرى، يەنە بىر بەتتە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ئويغان» دېگەن شېئىرى... شېئىرلارنىڭ ھەر بىرىنى تولۇق ھەم ئاۋازىمنى قويۇپ بىرىپ ئوقۇپ چىقتىم. كېيىنكى بىر نەچچە بەتلەرگە فرانسۇزچە، ئىنگلىزچە، نېمىسچە شېئىرلار كۆچۈرۈلگەنىدى. ئاندىن، ۋۇجۇدۇمدا يەنە بىر يېڭى دولقۇنلار كۆتۈرۈلۈشكە تەمشەلدى. كۆز ئالدىمدا مەن ئوقۇپ باقمىغان شېئىرلار: نىمشەھىدنىڭ 20 كۇپلېتلىق «ئالدىدا» دېگەن شېئىرى، تۇرسۇن بەگ ئىبراھىمنىڭ «سەككىز سۇرىتىم» ناملىق ساتىرىك داستانىدىن ئېلىنغان يەتتە كۇپلېتلىق پارچە، داڭلىق شائىرىمىز مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «تېۋىلغا» ناملىق شېئىرى، داڭلىق يازغۇچى، شائىر روزى سايىتنىڭ «بىل»، «يۈرەك سۆزۈم» دېگەن ئىككى پارچە شېئىرى... بۇ شېئىرلارنى مەن راستىلا بىلمەيدىكەنمەن. بىردىن بىردىن ئوقۇپ، خۇددى بىر يېڭى ئەڭگۈشتەر تېپىۋالغاندەك ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كەتتىم:

— قىزىم، بۇ شېئىرلارنى مەن ئوقۇپ باقماپتىكەنمەن، بەك ئېسىل شېئىرلاركەن.

قىزىم تەمكىنلىك بىلەن سۆز باشلىدى:

—مەن بۇ شېئىرلارنى بىرنەچچە قېتىم ئوقۇپ، ياخشىكەن دەپ تاللاپ كۆچۈرگەنتىم ئاپا. مېنى دەل مۇشۇنداق شېئىرلار «ساڭا كۆيدۈم، ماڭا كۆيەمسەن؟ سېنى ئالمسام ئۆلىمەن» دېگەندەك تېتىقسىز ناخشىلاردىن يىراق تۇتقان. ئادەم كىچىكىدە ئالغان تەربىيە بەك مۇھىمكەن، ئادەمگە قايسى يولنى بويلاپ ئىلگىرىلەشنى ئۆگىتىدىكەن. شۇ تەربىيە بولغاچقا، فرانسۇزچە ياكى ئىنگلىزچە تىللاردا تاللاپ ئوقۇيدىغان ئەسەرلىرىمۇ پەرلىكلەر ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان ياكى ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشكەن كىتابلار بولدى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇشۇ يولنىشتە ماڭىمەن. ۋاقتىم بولسا، ئۇيغۇرچە كىتابلارنى ئوقۇشنى قايتا باشلىۋالسام بولاتتى.»

قىزىمنى يەنە باغرىمغا باستىم:

– رەھمەت قىزىم! بۇ خاتىرىڭىزدىكى مۇندىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرى، ئەمدىلا 13-12 ياشلارغا كىرگەن ئۆسمۈر چاغلىرىڭىزدا كۆچۈرۈپ يازغان، مەن ھەتتا كۆرۈپمۇ باقمىغان ئېسىل شېئىرلارنى ئوقۇپ، بىر ھاردۇقۇم چىققاندەك بولۇپ قالدىم. گەرچە ئانا ۋەتىنىمىزدىن 12 يېشىڭىزدا ئايرىلىپ بۇ يەرگە كەلگەن بولسىڭىزمۇ، ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمەنكى ، سىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىڭىز، مىللىي روھىڭىز، ئۇيغۇرلۇق غۇرۇرىڭىز ۋەتەندىن ئايرىلماي ياشاۋاتقان تەڭتۇشلىرىڭىزنىڭكىدىن ئارتۇق بولسا ئارتۇقكى، ھەرگىز كەم ئەمەس! «ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ» دېگەن گەپ بار. سەبىي چاغلىرىڭىزدا قەلبىڭىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا ئورنىغان بۇ ئۇچقۇنلار ئىلگىرى بولسۇن، كېيىن بولسۇن، چوقۇم بىر كۈنى ۋەتىنىمىزگە، خەلقىمىزگە بىر كىشىلىك ھەسسىڭىزنى قوشالايدىغان ئادەم بولۇپ چىقىشىڭىزغا تۈرتكە بولغۇسى. مېنى بەكلا خوش قىلىۋەتتىڭىز قىزىم! ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ماڭا سىزدەك بىر پەرزەنت بەرگىنىگە مىڭ مىڭ شۈكرىلەر جېنىم قىزىم!

– ئاپا، خالىسىڭىز، بىر-ئىككى شېئىرنى ئۈنگە ئېلىپ تەييارلايلى، بۇرۇن ئىشلىگەن مۇزىكىلىرىمدىن بۇ شېئىرلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرى چوقۇم چىقىدۇ،- دېدى قىزىم.

مەن گويا دەل شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك،

– بولىدۇ قىزىم، شۇنداق قىلايلى! – دەپلا، مۇزىكا تاللاشقا كىرىشىپ كەتتۇق.

قىزىم بەش ياشلارغا كىرگەندە ئۈرۈمچىدىكى سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ داڭلىق پىيانىنو ئوقۇتقۇچىسى خۇرشىدە ئاپپايدىن پىيانىنو دەرسى ئېلىشنى باشلىغانىدى. ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتەر-ئۆتمەيلا، قىزىمدا خېلى ئىلگىرىلەش بولدى. شۇڭا دادىسىنىڭ ئانچە قوشۇلۇپ كەتمىگىنىگە قارىماي، بىر پىيانىنو سېتىۋالدىم ھەم كۈندە يېنىدا تۇرۇپ مەشىق قىلدۇردۇم. دەسلەپ قىزىمغا مەكتەپتىن كېلىپ تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، سىرتقا چىقىپ، مەھەللىدىكى باللار بىلەن بىللە ئويناشنىڭ ئورنىغا پىيانىنو ئالدىدا ئولتۇرۇپ بىرەر سائەت مەشىق قىلىش ئېغىر كەلدى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، سىرتتا باللارنىڭ چۇقان سېلىپ ئوينىغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ، قىزىمنىڭ قولى پىيانىنودا، ئەمما ماڭا يالۋۇرغاندەك يىغلامسىراپ قاراشلىرى، بەزىدە ھەتتا ئۆزۈمنىڭمۇ بەل قويۇۋەتكۈلىرىم كەپ كەتكەنلىرى...

قىزىم كىچىكىدىنلا خۇددى چوڭ ئادەمنى كىچىكلىتىپ قويغاندەك بىر ئىشنى چۈشەندۈرسەم، چۈشىنەتتى، جاھىللىق قىلمايتتى. ئۇ چاغلاردا مەن خۇرشىدە ئاپپاينىڭ ئىككى بالىسىغا ئىنگلىزچە دەرسى بېرەتتىم. ھېسابتا دىلفۇرۇزنىڭ بىر سائەتلىك پىيانىنو دەرسى ئىككى بالىنىڭ بىر سائەتلىك ئىنگلىزچە دەرسىگە باراۋەر بولاتتى. خۇرشىدە ئاپپاينىڭ باللىرى تولىمۇ ئوماق ھەم ئەقىللىق باللار بولۇپ، ھەر بىر سائەتلىك دەرسىنى شۇنداق ياخشى ئۆگىنىۋاتاتتى. مۇشۇ تەرىقىدە بىر نەچچە يىل داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىن مەن شۋېتسارىيەگە ئوقۇشقا كەتكەندىن كېيىن، قىزىم ھەر تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى، پىيانىنو دەرسىنى ھەم ئۆزى چېلىپ مەشىق قىلىشلارنى تاشلاپ قويغانىدى.

قىزىم شۋېتسارىيەگە كېلىپ تولۇقسىز ئوتتۇرىنى ياخشى ئوقۇپ پۈتتۈرۈپ، تولۇق ئوتتۇرىغا چىققاندا مەجبۇرىي تاللىنىدىغان دەرس قاتارىدا ياكى رەسىم دەرسى، ياكى مۇزىكا دەرسى تاللاش مەجبۇرىيەت بولدى. ھەر ئىككىمىز ئىككىلەنمەيلا مۇزىكا دەرسىنى تاللىدۇق. بۇ قىزىم ئۈچۈن بۇرۇن ئۆگەنگەن پىيانىنونى قايتا تېپىۋېلىش، قايتا ئۆگىنىش پۇرسىتى ئىدى. مەن ئۈچۈن بولسا، بۇ يېڭى ئىقتىسادىي چىقىمنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۆپرەك ئىشلەش، تېخىمۇ ئىقتىسادچان بولۇشنىڭ بېشارىتى ئىدى. چۈنكى ھەپتىدە بىر قېتىم بارىدىغان، 45 مىنۇتى 80 فرانكلىق شەخسىي پىيانىنو دەرسىنى ئۇدا ئىككى يىل داۋاملاشتۇرۇشتىن باشقا، بىر پىيانىنو سېتىۋېلىش زۆرۈر ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا قىزىمغا مېنىڭ چۈشەندۈرۈشۈم ھاجەتسىز بولدى. چۈنكى ئۇ ئۆزى كۆرۈپ تۇرۇۋېلىۋاتاتتى: مەن باشقىلارغا ھەپتىدە ئىككى سائەت خىتايچە دەرس ياكى ئۈچ سائەت فرانسۇزچە دەرسى ئۆتكەندىلا، قىزىمنىڭ بىر سائەتلىك پىيانىنو دەرسىنىڭ پۇلى چىقاتتى. شۇ تەرىقىدە ھەر ئىككىمىز تەڭ تىرىشىپ، ئىككى يىلدىن كېيىن، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەنى ياقلاش ۋاقتىمۇ يېتىپ كەلدى.




ئوقۇش پۈتتۈررش خاتىرىسى

قىزىم مەكتەپ پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەنىڭ تېمىسىنى «ھېسلىرىمنى مۇزىكىلىرىم بىلەن ئاڭلىتاي» (فىرانسۇزچە: Mes sentiments à travers ma musique) دەپ قويغان بولۇپ، ئۆزى ئىشلىگەن تۆت پارچە مۇزىكا ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ خۇشاللىق، قايغۇلۇق، ئۈمىدسىزلىك ۋە ئۈمىدۋارلىقتا ئوخشاش ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلىگەنىدى. دىسسوتسىياتسىيە باھالاش ھەيئىتىدىكى ئۈچ پىروفېسسورنىڭ ئالدىدا قىزىم بۇ مۇزىكىلىرىنى پىيانىنودا تەمكىن ئورۇنلاپ، ناھايىتى يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى. تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندە قىزىملا ئەمەس، ھەتتا

ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ قىزىمنىڭ مۇزىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇشىنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، مەن قەتئىي قوشۇلمىغانىدىم. قىزىم مېنىڭ «پۇت تىرەپ تۇرغۇدەك ئاساسلىرىم» غا قايىل بولۇپ، مۇزىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇش ئارزۇسىدىن ۋاز كەچكەنىدى. ۋاھالەنكى، قىزىمنىڭ ئەنە شۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئىشلىگەن مۇزىكىلىرى ھەققەتەن ئادەمنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترىتىدىغان، خىيال كەپتەرلىرىنى يىراق-يىراقلارغا ئۇچۇرۇپ ئېلىپ بارالايدىغان مۇۋەپپەقىيەتلىك مۇزىكىلار ئىدى، ھەتتا بىر نەچچە ئۇيغۇرچە شېئىرلارنى يېزىپ، ئۆزى ئىشلىگەن مۇزىكىغا سېلىپ، ناخشىسىنى ماڭا ئېيتقۇزۇپ ئۈنگىمۇ ئالغانىدى...

مانا ھازىر قىزىمنىڭ دەل شۇ چاغلاردا ئىشلىگەن مۇزىكىلىرىدىن تاللاپ ئولتۇراتتۇق. مۇزىكىلارنى ئاڭلىغاچ، شېئىرلارنى ئوقۇپ كۆرەتتۇق. ناھايىتى تېزلا، داڭلىق شائىرىمىز تاھىر تالىپنىڭ «سۇلايمان گۇۋاھ» دېگەن شېئىرىغا ماس كېلىدىغان بىر مۇزىكىنى تاللىۋالدۇق. مۇزىكىنىڭ رىتىملىرى شېئىرغا شۇقەدەر ماس كەلگەن ئىدىكى، خۇددى تىككۈچى ئۇستام ئۆلچەپ كېسىپ تىككەن پەلتو ئىگىسىگە خۇپمۇ ياراشقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. بىرنەچچە قېتىم سىناپ كۆرۈپ، رەسمىي ئۈنگە ئالدۇق ھەم ئاخىرقى نۇسخىسىنى ئۈن-تۈنسىز ئولتۇرۇپ ئاڭلاپ، تۈگىگەندە بىر-بىرىمىزگە قارىدۇق. ھەر ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرى نەملەنگەنىدى...

50 نەچچە يىللىق ھاياتىمدا ناھايىتى كۈچلۈك ھاياجانغا تولغان چاغلىرىم ئاز بولمىغان، ئەمما ئاخشامقىدەك بىر نەچچە سائەت داۋام ئەتكەن بۇ خىل تەسۋىرلىگۈسىز شادلىق قاينىمىدا تۇنجى قېتىم ئۆركەشلىشىم. بۇ نېمىدېگەن ئېسىل تۇيغۇ-ھە؟!

بۈگۈن بىر كۈنۈم بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئويلاپ، تولىمۇ جىددىي ئۆتكەندەك تۇيۇلدى. كەچتە قىزىم بىلەن پۈتۈشكىنىمىزدەك، قىزىمنىڭ خاتىرىسىدىكى باشقا شېئىرلارنى يەنە قىزىم ئۆزى ئىشلەنگەن مۇزىكىلار بىلەن قوشۇپ ئۈنگە ئالىمىز. ئىشىنىمەنكى، تىلغا ئالغۇچىلىكىمۇ بۇ يوق زەررىچە مېھنىتىمىز بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان مەشھۇر ئەدىبلىرىمىز ۋە ئارىمىزدا بار بولسىمۇ، لېكىن قەلەملىرى سۇندۇرۇلۇپ، يېزىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان ئەل سۆيەر، پىداكار يازغۇچىلىرىمىزغا بىلدۈرگەن يۈكسەك ھۆرمىتىمىزنىڭ خاتىرىسى بولۇپ قالغۇسى!

2018 -يىلى 28 -ئۆكتەبىر، جەنۋە.




خاتىرىگە يېزىلغان بەزى شېئىرلار



# باللار ئەدەبىياتى

## تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئەزىز خەلقىمگە سالام خەت!



سايدۇللايېۋا سۇمبات (قازاقىستان)
بايسېبىت يېزىسى 8 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

ئەمگەكچىقازاق ناھىيەسىنىڭ چېلەك يېزىسىدا ئابدۇمېجىت دۆلەتوۋنىڭ 70 يىللىقىغا بېغىشلانغان «باھار قايتىدۇ» فېستىۋالى ئۆتتى. بۇ فېستىۋالغا مەن يەنە قاتنىشىپ كۆرەي دەپ ئىنتىلدىم. ئا. دۆلەتوۋنىڭ 70 يىللىق تەۋەللۇدىغا يازغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار، شېئىرخۇمار ئاكىلار ۋە ھەدىلەرمۇ قاتناشتى. بۇ پائالىيەتكە 52 ئوقۇغۇچى ئۆز شېئىرلىرىنى ئەۋەتتى. ئالدى بىلەن 20 ئوقۇغۇچى تاللىنىپ، ئەسەرلەرنى «ئىپادىلىك ئوقۇش» ھەم «شېئىر يېزىش» دەپ 2 گرۇپپىغا بۆلۈندۇق... مەن ئىپادىلىك ئوقۇش تۈرى بويىچە مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، بۇ يىلمۇ بىرىنچى بولدۇم. موشۇنداق پائالىيەتلەر داۋاملىق ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرسا، بىزنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشىمىز تېخىمۇ ئۈستۈن بولىدۇ دەپ ئويلايمەن. فېستىۋالدا ياش ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئۆز كۈچىنى چىقارغان ئالمجان تىلۋالدى ئاكىغا، ئابدۇمېجىت ۋە مايدىن ئابدۇللايېۋلارغا، قۇربانجان دۆلەتوۋقا مېنىڭ ئاساسەن رەخمىتىم چەكسىز. ئادىل كومىسسىيەلەر ئۆز باھاسىنى ئادالەتلىك بىلەن قويىدى. بىز قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر باللىرى ئۆز ئانا تىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇشقا تىرىشىمىز. چۈنكى «ئانا تىلىمىز بۆشۈكتىن ئەمەس، بۆشۈكنى تەۋرەتكەن ئانىمىزدىن باشلىنىدۇ» دەپ دانالىرىمىز بېكارغا ئېيتمىغان. ئاتامنىڭ «يۇرتۇمغا سېغىنىش» شېئىرىنىڭ بەزى قۇرلىرى مېنى چوڭقۇر ئويلاندۇرۇپ قويىدى. كۈچۈم قەلىمىمگە يەتكەنلىكتىن مەن ئاتامغا جاۋابنامە يازدىم ھەم ئاتامنىڭ قەبرىگە بېرىپ يوقلاشنى توغرا كۆردۈم. ئاتام ئابدۇمېجىتنىڭ روھى بىزنى قوللىسۇن. شائىر ئابدۇمېجىت بىزنىڭ مەڭگۈ يۈرۈكىمىزدە ھەم تارىخىمىزدا چوڭ ئورۇن ئېگىلەيدۇ. مەن بارلىق فېستىۋالغا قاتناشقان باللار نامىدىن تۈركىيەگە ئۆز سالىمىمنى يوللاپ بۇ ماقالەمنى يازدىم.

2019 - يىلى 20 - مارت.

### يۇرتۇمغا

ئا. دۆلەتوۋ (قازاقىستان)

شۇنداق چاغدا ئۇنتۇپ شادلىق قايغۇنى،
يۇرت قوينىغا سىڭىپ كەتكۈم كېلىدۇ.
بايسېيتتا ئېلىپ دوستلار قولىنى،
يۇرتتىن چىقماي-قېلىپ كەتكۈم كېلىدۇ.

راست،ھەر تۆرلۈك ئويى بارغۇ ھەر كىمنىڭ،
گويا ھازىر ئاسمان يەرگە كۆچىدۇ
يۈرەك تىترەر
تەشۋىشلىك،سوغ خىيالدىن–
بايسېيت يۈتسە، بەلكىم ئىسمىم ئۆچىدۇ.

# شېئىرلار



رەسىمدە سۇمبات مۇكاپات سەھنىسىدە

جاۋابنامە:
يۇرت قوينىغا سىڭىپ كەتتىڭىز ئەبەدىيگە،
بايىسپىتىمدا مۇيەسسەر بوپ شۆھرەتكە.
سىز ياشايسىز قەلبىمىزدە يۈرەكتە،
دىل باغلاردا  ئېچىلىۋاتقان پورەكتە.

ئۇنتىمىدۇق،ئۇنتۇمايمىز سىزنى بىز،
يۇرتۇمدا، تارىخىمدا مەڭگۈ قالدىڭىز سىز.
بايىسپىتىمنىڭ بۇلبۇلى بوپ خەلقىمگە سايراپ،
بەرىكەتلىك يۇرت قوينىدىن كەلدۇق بىز.

ئىجادكارلار ساداسى ياڭرىدى بۈگۈن،
شېئىريي قۇردا ئېيتىپ پاك تىلەك.
سىز قالدۇرغان قۇرلاردىن،ئېلىپ مەنپەئەت
ئەۋلادلارغا ئەجدادلاردىن قالدۇرىمىز.
ئاق نىيەت.

## شەپقىتىڭگە موھتاجمەن

(ئانام ئاغرىپ ياتقاندا كەلگەن ئويلار)

بەندىنى بەندىگە خور قىلما، ئاللاھ،
كۆزىگە دۇنيانى تور قىلما، ئاللاھ.
ئادەمنىڭ ئادەمگە كۆنى قالمىسۇن،
ئۆزۈك ئۆزگىگە زور قىلما،ئاللاھ.

بەردى دەپ خۇشال بولما ئۇ كۆل بىلەن كېتەر،
كەتكىنىگە ئېچىنما،ئاللاھ يەنىلا بېرەر.
تۆۋەننى كۆرسىتىپ،سىنايدۇ ئاللاھ بىزنى،
شۇندا بىلەرسەن،ياخشىلارنىڭ قەدرىنى.

بۇ ھايات بىزدەكلەرنى سىنايدىكەن،
يۈرەككە ئارمان سېلىپ،جاننى قىينايدىكەن.
چوڭ بولۇپ كۆرۈپ ئانام زارىنى،
بىر كۆرگەندە مېھرىبانلىق يۈتمەيدىكەن.

يۈرەكلەر ئۇرغۇپ تېشىپ يىغلايدىكەن،
يىللار ئۆتۈپ چوڭ بولدۇممۇ بىلمەيمەن.
ھەي ئاللاھ شەپقەتلىك بول،سەن ئانامغا،
مېھرى ئۈچۈن بىر تاللا غەمگۈزارىمغا!!

## كىرىپ قاپتۇ شائىر ئاكام چۈشۈمگە

بۈگۈن سەھەر تاڭ ئاتماي،
ئويغاندىم كۆڭلىم يېرىم.
سىز چۈشۈمگە كىرىپسىز،
شائىر ئاكا جان دىلىم.

ئېلىپ قولۇمغا قەلەم،
تۆكتىم يۈرەك دەردىنى.
يوقلىغىڭىز بىلىندى،
كۆرگەندە ئىجادكارنى.

مۆل-مۆل ياشلار كېلىدۇ،
قاپ-قارا ئىككى كۆزگە.
ئىزدەيمەن سىزنى ئاكا،
قاراپ ھەم تالا تۈزگە.

سىزنى قاتتىق سېغىنىپ،
خېتىمنى يازدىم سىزگە.
بولمىغاندا ئايدا بىر،
كىرىڭ شۇنداق چۈشۈمگە.

سىز دىلىمدا يۈرسىڭىز،
بىلىنمەس يالغۇزچىلىق.
كۆڭلۈم ياشناپ كېتىدۇ،
نەپەس ئېلىپ شوخ تىنىق.

چوڭ بولغاندا ئۆگىنىپ،
قۇرئان كەرىم ئىلمىنى.
بېغىشلايمەن سىزگە مەن،
ئېچىپ ئىمان دىلىمنى.

شېئىر يېزىپ كۆرىمەن،
قوللىسا سىزدىكى روھ.
خەلقىم سۆيۈپ ئوقۇسا،
بولىدۇ كۆڭلۈم ھەم توق.



ماخسۇتوۋ ئارسلان (قازاقىستان)
غالجات ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ 9 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئىككى شېئىر

### ئانا تىلنى ئۇنتۇما

بۇ ئالەمدە ئادەمنىڭ،
بەختى باردۇر ئۇ تىلى.
ئاشۇ تىلنىڭ ئارقىسىدا،
يورۇق بولماق ھەم دىلى.

ئانا تىلىڭ ئۇ بايلىق،
ئانا تىلىڭ خەزىنە.
ئانا تىلىڭ تۇرغاندا،
باشقا بايلىق ئىزدىمە.

يەتمىش تىلنى بىلسەڭمۇ،
ئانا تىلدا سۆزلىگىن.
سەن سۆيمىسەڭ ئانا تىلنى،
سۆيەر ئەمدى باشقا كىم.

تىلى يوقىغان خەلقنىڭ ،
مىللىتىمۇ يوقايدۇ.
كېلەچەكتە ئۇيغۇرنىڭ،
ھەتتا ئىزى قالمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىرلە،
ئانا تىلنى ئۇيغۇرۇم.
بارلىق مىللەت ئىچىدە،
بۈيۈك بولسۇن غۇرۇرۇڭ.

### ئويغان ئۇيغۇر

ئويلاپ تۇرۇپ مەن بۈگۈن تارىخىمنى،
چۈشۈردۈم ۋە قەغەزگە بار سۆزۈمنى.
يۈرەكتىكى سۆزلىرىمنى بۈگۈن ئېيتاي،
ئاڭلاڭلارچۇ ۋە خالايىق بۇ سۆزۈمنى.

ئۇيغۇر ئىدۇق كۆك بۆرىدىن تارالغان،
تارىخىمىز قايغۇ دەرتكىمۇ تولغان.
ئازادلىقنى خالىغان ئوغۇل قىزلار،
شۇ كۈرەشنىڭ يولىدا قۇربان بولغان.

قالماققا يار بولمايمەن دەپ نۇزۇگۇم ،
تاغ تاشقا قومۇشلۇققا قېچىپ يۈرگەن .
رىزۋانگۈل ۋە ئىپارخان ھەدىلىرىمىز،
ئەركىنلىك خالاپ ئۆمۈردىن ئۆتكەن.



ئارسلاننىڭ ئوقۇتقۇچىچى زۇلپىيەم ياقۇپوۋا

مۇشۇنداق ئازاب چېكىپ ئەجدادىمىز،
ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەشكەن دائىم.
ئەتە ئۆگۈن نېمە بولار ئەۋلادىمىز،
دەپ بىزلەر ھېچقاچان يېمەيمىز ۋايىم.

بىز ياشايمىز قازاقىستاننى ماكان ئېتىپ،
قازاق خەلقى قارشى ئالدى قۇچاق ئېچىپ.
ۋەتەندىكى قېرىنداشلار ئېزىلمەكتە،
قارا خىتاي قامچىسىدىن قانلار چېچىپ.

سەنئەتتىمۇ ئۇيغۇر خەلقى ئالدا ئىدى،
ئەزەلدىنلا دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتتى.
بىراق ھازىر شۇ ئەسۋاپنى قولغا ئالماي،
ئاستا ئاستا مەشرەپلەر ئۇنۇتتى بولدى.

ئويغان ئۇيغۇر، ئويلان ئۇيغۇر، ھەي ئۇيغۇرۇم،
قېنى سېنىڭ قايناپ تاشقان غۇرۇرۇڭ،
يۈرۈۋەرسەن ھېچ نەرسىگە كۆڭۈل بۆلمەي،
بولمامدۇ ئار نومۇسنى يوقاتقىنىڭ.



نوداروۋا يۇلتۇزئاي (قازاقستان)
كىچىك ئاقسۇ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ 8 -سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## شېئىرلار

### شائىر بوۋامغا

كەلدۇق مانا شائىر بوۋام يېنىغا،
باشنى ئېگىپ،تازىم قىلدۇق روھىغا.
ئەپسۇس ئاڭا ئاتاپ تەرگەن گۈللەرنى،
بۆگۈن سۇنۇپ بېرەلمىدۇق قولىغا...

شېئىرلىرنى ئوقۇپ ئۆسۈپ،كېلىمىز،
ھەر سۆزىدىن تەۋرىنىدۇ دىلىمىز.
ئىبرەت ئالدۇق ئۇلگە تۇتتۇق شائىرنى،
باسقان يولىنى داۋام ئېتەر ئىزى بىز!

بولسام دەيمەن ئابدۇمېجىت بوۋامدەك،
ئۇندىن ئاشقان يوقتۇر مەندە ئارمان-بەخت.
شائىر بولۇش مەنسەپ ئەمەس بىلگەنگە،
شائىر بولماق ياشىماقتۇر "خەلقىم" دەپ!

### ئانا يۇرتۇم

تاغ باغرىغا جايلاشقان ،
سۆلتى بەك قامالاشقان.
ئانا يۇرتۇم ئاقسۇغا...
ھەممە زوقتا قاراشقان.

كوچىلىرى سەرەمجان،
ئىنسانلىرى ئىشچان.
مەمنۇن بولار خەلقىگە،
يۇرت ئەجرىنى كۆرگەن جان.

### ئاتا-ئانا

ئاناڭ باردا جەننەت ئەسلى ئۆي ئىچى،
چۈنكى ئانا ئائىلىنىڭ يۈرىكى.
ھە، ئاتاڭسىز بولماس ئېدى بەرىكەت،
پەرزەنت بەختى ئاتا-ئانا تىلىكى.

ئاتا-ئاناڭ سېنىڭ ئىككى قانىتىڭ،
ھاياتتىكى باھا يەتمەس ئامىتىڭ.
ئۇلار بىلەن گۈزەل دۇنيا چۈلدىمۇ،
قەدىرلىگىن،ئۇلار سېنىڭ پارلىغىن .



يۇلتۇزئاينىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئاينۇرەم سەمەندەرووۋا



يۇلتۇزئاي مۇكاپات سەھنىسىدە

# ئىككى شېئىر

رەنا ئابىلا ياشار (نورۋېگىيە)

## ۋەتەن

مەھمۇ دۆھ «يۇسۇپ» ئاتلىق،
ئۇلۇغلار ئۆتكەنىكەن.
قۇت دىيارى قەشقەر ھەم،
ھەممىگە مەشھۇر ئىكەن.

ھېسام بوۋاي بار ئىكەن،
باللارنى كۇلدۇرگەن.
«ئېلى دەريا» سىمۇ بار،
بوۋاملارمۇ چۆمۈلگەن.

«ئۆتكۈر» بارمىش ئۇ يۇرتتا،
قەلەم بىلەن جەڭ قىلغان.
«ئىز» قالدۇرۇپ بىزلەرگە
«يولنى داۋام قىل» دېگەن.

سېھىرلىرى بەك كۆپكەن،
ئىدىقۇتنىڭ باغرىدا.
ھەممە جاھان ھەيرانكەن،
كارىز يۇرتى تۇرپانغا.

لوپنۇر دېگەن جايدىمۇ،
كۆل بار ئىكەن بەك داڭلىق،
تارىخىمۇ بەك ئۇزۇن،
بىلگەنلەرمۇ ساناقلىق.

ئالمىغانلار ئارماندا،
گۆشگىردىنىڭ ھىدىنى،
كۆرمىگەنلەر قالمىسۇن،
ئەتلەس، گىلەم يۇرتىنى،

مىراجىخان بولغانكەن،
گۈزەل دىيار كۇچاردا.
ھېكايىسى بىزلەرگە
يېتىپ كەپتۇ دۇتاردا.

قوغۇنلىرى بەك شېرىن،
يېسەم يېگۈم كېلىدۇ.
قۇملىرىدا پېچانىنىڭ،
ئوينىۋالغۇم كېلىدۇ.

بۇ يۇرتنى ھەم باي قىلغان،
سانائەتمۇ بار ئىكەن.
قارامايىنىڭ نېفتى،
بايلىقلاردىن بىرىكەن.

تەۋپىق ياشاپ ئۆتكەن يۇرت،
ئاتۇش ئاتلىق يۇرت ئىكەن.
ئىلىم ئېرپان ماكانى،
ئەنجۈرى ھەم بار ئىكەن.

يايلىقى بار بەك گۈزەل،
ئۇندا تۇلپار چاپاركەن.
جەڭگە ماڭغان ئاتلار،
شۇ تۇلپارغا مىنەركەن.

مۇقاملارنىڭ جەننىتى،
ياركەنت دىيارى ئىكەن.
ئامانىسا خېنىمدەك،
مۇقام سۆيەر كۆپ ئىكەن.

غازى يۇرتى بايدىنمۇ،
نىمشېھىت چىققان ئىكەن.
ئەسەر يېزىپ بىزلەرگە،
مىراس قالدۇرغانىكەن.

بارچە گۈزەل مىراسلار،
يول ئېلىپتۇ بىرلىكتە.
ئۈرۈمچىگە توپلىنىپ،
قۇت بېرەركەن خەلقىگە.

بىز شۇ يۇرتنىڭ بالىسى،
مىراسلارنىڭ ۋارىسى.
بىزلەر بولغاچ ئۇ يۇرتنىڭ،
گۈزەل بولۇر ئەتىسى.

## يېرىلىك تاش

يېرىلىك تاش، يېرىلىك تاش،
مەن دادامنى كۆرۈۋالاي...

بۇركۇت كەبى كۆزلىرىگە،
يېنىش-يېنىش قارىۋالاي.

«بالام» دېسە بال تۆكۈلگەن،
تىللىرىنى ئاڭلىۋالاي.

قەلەم بىلەن ئەلەمنى تەڭ،
ئالغان قولنى تۇتۇۋالاي.

يېرىلىك تاش، يېرىلىك تاش،
جان ئانامنى كۆرۈۋالاي.

قىزى ئۇچۇن مۇڭغا چۆمگەن،
كۆزلىرىگە بىقىۋالاي .

ماڭا مىسلى جەننەت بولغان،
مېھرىگە ھەم قېنىۋالاي.

گۈل پۇراقلىق، ھەم پاختىدەك،
ئانام قولنى پۇرىۋالاي.

يېرىلىك تاش، يېرىلىك تاش،
مەن ئىچىگە كىرىۋالاي،

ئايبالامغا دەردلەر كەلدى،
قېنىپ-قېنىپ يىغلىۋالاي.

داستان-داستان ھەسرىتىم بار،
ھەسرىتىمنى تۆكۈۋالاي.

يېرىلىك تاش، يېرىلىك تاش،
مەن ئىچىگە كىرىۋالاي،

ئالەم ماڭا زالىم كەلدى،
مەن ئالەمدىن كېتىۋالاي ...

# ئۆچ پاي ئوق

(ھېكايە)

ھەبىبۇللا ئابلىمىت (گېرمانىيە)

گەرچە ئەمەل كىرىشكە ئاز قالغان بولسىمۇ، ئەمما ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق بولۇپ، قارنىڭ شەپىسىدىن بىشارەت بېرىپ تۇراتتى. بۈگۈن يالغۇز تەبىئەتنىڭ قاپىقى تۈرۈك بولۇپلا قالماستىن، پۈتۈن مەھەللە خەلقىنىڭ جۈملىدىن پۈتۈن غۇلجا خەلقىنىڭ ھەتتا پۈتۈن بىر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بېشى دەردتە ئىدى. بولۇپمۇ مېنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن ھاياتىمدىكى ئەڭ قاباھەتلىك كۈن بولۇپ ھېسابلىناتتى.

چۈنكى بىر ئائىلىدىكى ئۈچ كىشى بىر ۋاقىتتىلا بۇ ئادالەتسىز دۇنيادىن ۋاقىتسىز خوشلاشقانتى. ئەنە مەھەللىمىزنىڭ مەسچىت قوراسىدا قاتار ئۈچ تاۋۇت تۇرىدۇ. ئىچىدە ئۈچ گۇناھسىز ئىنساننىڭ مۇزلىغان تېنى مەڭگۈلۈك سۈكۈت ئىچىدە ياتىدۇ.

مەن بۇ قورقۇنچلۇق خەۋەرنى ئاڭلىغان چېغىمدا مېڭەمنىڭ ئىچىدىن، يۈرىكىمدىن ۋە روھىمدىن ئىشقىلىپ ھەممە يېرىمدىن بىر ئاۋازنىڭ گۈرۈلتىسى كەلگەندەك بولدى. ئەقلىمدىن بوران چىققاندەك مېڭەمنى قوچۇيتتى، يۈرىكىم قىياغا چۈشۈپ كېتىۋاتقان ياپراقتەك چارىسىزلىقتىن، ئەلەمدىن تىترەپ تۆۋەنگە قاراپ ئېغىيتتى. ئەڭ مۇھىمى ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاڭلىغان بۇ يامان خەۋەر ماڭا ناتونۇش ئەمەستەك، ھەر ۋاقىت يۈز بېرىۋاتقان ئىشتەك، ھەتتا بۇندىن كېيىن بۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىك خەۋەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتىدەك تۇيۇلۇشى ئىدى. نېمە دېگىنىم بىلەن بۈگۈنكىسى يەنىلا غەم-قايغۇ، بىئاراملىق، كۆڭۈلسىزلىك، قورقۇنچلۇق كۈنلەرنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭى ئىدى. بىر جۈپ كۆزۈمدىن ئېقىۋاتقان ياش مەزلۇم يۈرىكىمدىن ئاققان قان تامچىلىرى ئىدى.

مانا مۇشۇ ئېچىنىشلىق ئۆلۈم سەۋەبىدىن مەھەللىمىزدىكى قوشنا-خولۇمنىڭ ھەممىسى، مەسچىتنىڭ ئالدىغا توپلاشقان ئىدى. ئەرلەرنىڭ چىرايىدا شۇنچىلىك دەرىجىدىكى ئاچچىق غەزەپ-نەپرەت، ئىنتىقام ئوتىنىڭ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. باللار، ئاياللارنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئەلەملىك ئېچىنىش، قورقۇش، ئەنسىرەش ۋەھىمىسى ئىچىدە مىشىلداپ يىغلايتتى. يەنە بەزىلەر مەسچىتنىڭ تام ياقىلىرىدا ئۆرە تۇرغان ئۆلۈكتەك ھېچ نېمىنى ئاڭقىرالماي، يېرىقتىن جامائەتنى كۆزىتىپ تۇرغان ساقچى ماشىنىسىغا ئەندىشىگە چۆككەن ھالدا قاراپ تۇرۇشاتتى. دېمەككى ئۇلار «بۇندىن كېيىن ھەممىمىز ئۆلۈمگە مەھكۇم بوپتۇقتە» دەپ، ئۈمىدسىزلىك قاينىمىغا چۆككەنلەردىن ئىدى.

تۇساتتىن مەسچىتنىڭ ئىمامى جامائەتنىڭ ھەممىسىنىڭ قورۇغا كىرىشىنى، مېيىتلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىردىنلا يۈرىكىم كەچ كۈزدە شاختىن يەرگە دوككىدە چۈشكەن ئالمىدەك، بېغىشىدىن ئۈزۈلۈپلا كېتىدىغاندەك بولۇپ كەتتى. مەن ھەرقانداق ئېھتىماللىقنى ئويلىغان بولسامۇ، ئەمما، بۇنداق ئېچىنىشلىق ۋەقەنىڭ سادىر بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغان ئىدىم.

بىردەمدىلا مەسچىت قوراسىنىڭ ئىچى جامائەت بىلەن لىق تولدى. جامائەتنىڭ ئالدىدا قاتار ئۈچ تاۋۇت تۇراتتى. بۇ تاۋۇتلارنىڭ ئىچىدىكى بىزدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلغان بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ مۇبارەك جەسىتى ئىدى. ئوڭ تەرەپتىكى بىرىنچى تاۋۇتتا مەھەللىمىزنىڭ مۆھتەرەم مەزىنى موللاخۇن ئاكىنىڭ جەسىتى بارئىدى. ئىككىنچى تاۋۇتتىكىسى موللاخۇن ئاكىنىڭ بىر ئۆمۈر جاپادا بىرگە بولغان ئۆمۈرلۈك ھەمراھى ھاۋاخان ئانا ئىدى. ئۈچىنچى تاۋۇتتىكىسى بولسا ئۇلارنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى، ئىككى دۇنيالىق پەرزەنتى زۇلپىقار ئىدى.

موللاخۇن ئاكا يېشى 70 تىن ئاشقان ئاپپاق ساقاللىرىنى رەتلىك تاراپ، ناھايىتى پاكىز كىيىنىپ يۈرىدىغان، ئوتتۇرا بويلۇق، خىزىر سۈپەت ئادەم ئىدى. ئەسلىدە مۇشۇ مەھەللىمىزدىكى مەسچىتنىڭ مەزىنى ئىدى. موللاخۇنكام بىلەن ھاۋاخان ئانا ئىككىسى ھېچ بالا يۈزى كۆرمىگەن بولۇپ، ياشلىرى 50 تىن ئاشقاندا بىر ئوغۇلنى بېقىۋالغان ئىدى. ئۇ بولسىمۇ مەھەللىمىزدىكى ھازىرقى ياشلارنىڭ ئالدى زۇلپىقارتى. مانا بۇ ئەمدىلا 20 گە كىرگەن باھادىر يىگىت، قارا كۆزلىرىنى، تاتارغان لەۋلىرىنى مەڭگۈلۈك يۇمۇپ ئالدىمىزدىكى تاۋۇتنىڭ ئىچىدە ياتاتتى. بۇ يىگىت تولۇقسىز ئوتتۇرانى پۈتتۈرۈپلا ياشانغان بوۋاي-مومايىنى بېقىش ئۈچۈن موزدۇزلۇق ھۈنىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگەنگەندى كېيىن ئۆز ئالدىغا دۇكان ئېچىپ، تۇرمۇشنىڭ كاتاڭلىق يوللىرىدا ھاياتلىق ھارۋىسىنى تارتىشقا باشلىغان كاسىپلاردىن ئىدى.

بۇ يىل 5-فېۋرال غوجا قىرغىنچىلىقىدا زۇلپىقارنىڭمۇ قولغا ئېلىنغان خەۋىرى مەھەللىمىزگە يېتىپ كەلگەنتى. بۇ ۋەقە پۈتۈن مەھەللە ئاھالىسىنى شۇنداق ساراسىمىغا سېلىۋەتكەنتى. مەھەللىمىزدە زۇلپىقاردىن باشقا يەنە ئونغا يېقىن بالا قولغا ئېلىنغان ئىدى. بۇ قورقۇنچلۇق خەۋەردىن كېيىن ياشىنىپ قالغان موللاخۇن ئاكىمۇ

ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە يەنى ئالدىنقى كۈنى زۇلپىقارغا ئۆلۈم «جازاسى» بېرىلگەنلىك ھۆكۈمىنى ئېلان قىلىنغانلىقى ۋە ئىككى كۈندىن كېيىن ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ قاباھەتلىك خەۋەر يەنە مەھەللىمىزگە يېتىپ كەلدى.

مانا بۈگۈن سەھەردىلا ھاۋاخان ئانا ئوغلىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈۋېلىش ئۈچۈن بازارغا بارغان. چۈنكى بۈگۈن زۇلپىقار قاتارلىق ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان يىگىتلەرنى، شەھەرنىڭ چوڭ كوچىلىرىدا ئايلاندۇرۇپ، خەلققە «ئىبرەت» ئالغۇزغاندىن كېيىن، ھۆكۈمنى ئىجرا قىلماقچى بولغان. ئەمما خەلق ھېچ ئىككىلەنمەي ئۆز قەھرىمانلىرىغا مەدھىيەلەر ئوقۇغان. ئۇلارغا قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، يىغلاپ تۇرۇپ، دۇئالار قىلغان. يولنىڭ چېتىدىكى مىڭلىغان ئادەملەر دېڭىزى ئىچىدە، ھاۋاخان ئانىمۇ، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆز يۈرەك پارچىسىنىڭ دىدارىنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن، ماغدۇرسىز بەدىنى، نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن ئۆز ئوغلىنى بېسىپ ماڭغان ماشىنىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشىنى ئاللاھدىن يۈزمىڭ قېتىم تىلەپ، يولغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان ئىدى. ئەپسۇس جاللاتنىڭ پىلموتىدىن تاتاتلاپ ئېتىلغان ئوقتىن ئۆلگەن بىگۇناھ يول ياقىسىدىكى يۈزلىگەن ئىنسانلار قاتارىدا، ھاۋاخان ئانىنىڭ ماغدۇرسىز بەدىنىمۇ ساق قالمىغان ئىدى. بۇ پاجىئەلىك تىراگېدىيەدىن خەۋەردار بولغان موللاخۇن ئاكىمۇ نەخ مەيداندا جان ئۈزگەن ئىدى.

دەل مانا مۇشۇ ئەڭ تىراگېدىيەلىك مىنۇتلاردا، زۇلپىقار جازا مەيدانىغا كېتىپ باراتتى. ئۇ ئۆز خىيالىدا ئۆزىنى مىڭ مۇشەققەتتە بېقىپ قاتارغا قوشقان مېھرىبان ئاتا-ئانىسىغا ئۆز يۈرەك سۆزلىرىنى ئىزھار قىلىۋاتاتتى. ئۇ باشلىرى ئېگىك ھالدا، ھارغىن بەدەنلىرىنى ئازراق مىدىرلىتىپ، ئازابقا تولغان دىلىدا، ۋىجدان قەلىمى بىلەن مۇنداق مەكتۇپ يېزىۋاتاتتى:«ئەي سۆيۈملۈك دادا! كىچىك ۋاقتىمدا تىزىڭدا ئولتۇرۇپ، ساقاللىرىڭنى ئويناپ تۇرۇپ، مېنىڭ ئىسمىمنى نېمىشقا زۇلپىقار قويدۇڭ؟» دېگىنىمدە، سەن ماڭا مۇنداق جاۋاب بەرگەن ئىدىڭ. «ئوغلۇم ئوبدان قۇلاق سال! زۇلپىقار دېگەن بۇ مۇبارەك نام سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەزرىتى ئەلىگە بەرگەن ئىككى ئۇچلۇق قىلىچىنىڭ شانلىق ئىسمىدۇر. ھەزرىتى ئەلى بولسا يىگىتلەرنىڭ پىرىدۇر. زۇلپىقار ناملىق قىلىچىنىڭ بىر ئۇچى ئىلىمگە، بىر ئۇچى ئادالەتكە سىمۋول قىلىنغان. بىز مۇسۇلمانلارنىڭ قىلىچى ئىلىم ۋە ئادالەتنى ئۆزىگە مۇقەددەس ۋەزىپە قىلغان. ئۆز زامانىسىدا مۇسۇلمانلار فەتىھ قىلغان يەرلەرگە ئىلىم بىلەن ئادالەتنى يايغان. شۇڭا مەن ئۆز ئوغلۇمنى بىلىملىك ۋە ئادالەتلىك بولسۇن ھەمدە ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلسۇن دەپ، ئىسمىڭنى زۇلپىقار قويدۇم» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدىڭ.

گەرچە مەن تۇرمۇشنىڭ قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن ئىلىملىك بولالمىسام مۇ قىسقىغىنا بۇ ھاياتىمدا بىر ئىنساندەك ياشىدىم. ھەمدە ئاشۇ مۇقەددەس ئادالەت ئۈچۈن، ئەركىنلىك ئۈچۈن دوستلىرىم بىلەن بىرگە نامايىش قىلدىم. مانا شۇ تاپتا، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ئاشۇ ئەركىنلىك ئۈچۈن، ئۆز پىكىرلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئۆزى بىر چوڭ جىنايەت دەپ قارالغان بۇ ئادالەتسىزلىكنىڭ قۇربانى بولۇپ تۇرماقتىمەن. مېنىڭ ئارزۇيۇم مۇنداق ئۆلۈش ئەمەس ئىدى. پەقەت ئاددىي، ئەركىن بىر پۇقرا بولۇپ، سىلەرگە خاتىرجەم بىر تۇرمۇش ئاتا قىلىشنىلا ئويلايتتىم. ئەكسى ھالدا ھازىر قوللىرىم ئارقىدىن چەمبەر-چەس باغلانغان، باشلىرىم ئېگىلگەن ھەتتا تىللىرىم قىللار بىلەن چىگىلگەن ھالدا خەلق-ئالەم ئالدىدا سازايى قىلىنىۋاتىمەن. جېنىم ئانا!، دادا! سىلەرنىڭ بۇنداق ئازابلىنىشىڭلارغا جاۋابكارلىق مەندە ئەمەس. مۇشۇ ئادالەتسىز جەمئىيەتتە ھاكىمىيەتتە، سايىسى تەگپۈكسىزلىقتا، تاجاۋۇزچىلىقتا... تەخمىنەن بىر سائەتتىن كېيىن ئىسمىم زۇلپىقارغا مۇناسىپ ھالدا، ئادالەت ئۈچۈن، ئەركىنلىك ئۈچۈن ئۆلىمەن. بۇ مېنىڭ سىلەرگە دەۋاتقان ئەڭ ئاخىرقى سۆزلىرىم. ئەمما بۇ سۆزلەرنى تىلىم بىلەن ئەمەس، دىلىمدىن دەۋاتىمەن. چۈنكى تىلىم زالىملارنىڭ قىلى بىلەن باغلانغانلىقى ئۈچۈن، ئاشۇ تىلىمنى ئۇلۇغ ئاللاھ تەرىپىدىن پەقەت ۋە پەقەتلا ئۆزۈمگىلا خاس قىلغان كىچىككىنە ئېغىز بوشلۇقىدىمۇ ئەركىن ھەرىكەت قىلدۇرۇشقا ئىمكانىيەتسىز. ئەمما، ھەسرەتلىرىم بىغۇبار قەلبىمدە، مىللەتكە جۈملىدىن سىلەرگە بولغان سۆيگۈمنىڭ مەڭگۈلۈك ماكانى مۇقەددەس روھىمدا!

ئەي! دادالارنىڭ دادىسى، ئانىلارنىڭ ئانىسى بولغان ئاتا-ئانام مىڭ قېتىم، ئون مىڭ قېتىملاپ سىلەرگە، سىلەرنىڭ ئاتا-ئانىلىق يۈرىكىڭلارغا سېغىنىپ بىر ئۆمۈر مەڭگۈلۈك قەرزدار ئوغلۇڭلار بولۇپ قالىمەن.

سىلەرنىڭ ئۈمىد كۆزلىرىڭلارنى ياشلاپ، ئاشۇ نۇرسىز كۆزلىرىڭلاردىن مەندىن كۈتكەن ئارزۇلىرىڭلارنى يۇلۇپ ئالغانلىقىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭلار. مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈمدىن ئۇلۇغ نەرسىگە بېغىشلىغانلىقىم ئۈچۈن ھېچ پۇشايمان قىلمايمەن. ئەلۋىدا دادا! ئەلۋىدا ئانا! ئەلۋىدا ۋەتىنىم!، ئەلۋىدا مەھەللەم! ئەلۋىدا دوستلىرۇم!»

زۇلپىقارنىڭ ئاشۇ دىلغۇبار كۆڭلىدىكى خىياللىرىدىن كېيىن، جازا مەيدانىدا ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىپ، جەسىتىنى مەھەللىدىكىلەر ئىبرەت بولسۇن دېگەندەك قىلىپ مەسچىتكە ئەكېلىپ بەرگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ساقچى تەرەپ چوڭ بىر ۋەقەنىڭ تۇغۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، دەرھال مېيىتنى دەپنە قىلىشقا بۇيرۇق بېرىپ يېرىقتىن نازارەت قىلىپ تۇرۇشاتتى. مانا جامائەتنىڭ ئالدىدىكى تاۋۇتلاردا ئاشۇ ئۈچ بىگۇناھ بىر ئائىلە مەزلۇملارنىڭ مۇبارەك جەسەتلىرى بار ئىدى. ئىمامنىڭ رەڭگى-روھى ناھايىتى سولغۇن بولۇپ، ئىچىگە يوشۇرۇن بىر ۋەھىمە چۈشۈپ بىئارامچىلىق ئىچىدە باشتا موللاخۇنكام بىلەن ھاۋاخان ئانىنىڭ مېيىت نامىزىنى

قىلدۇردى ۋە جامائەتتىن ھالاللىق ئالدى. ئاخىردا زۇلپىقارنىڭ تاۋۇتى تەرەپكىرەك سۈرۈلۈپ نامىزىنى چۈشۈردى ۋە ئەلەمگە تولغان ئاۋازىنى تىترىتىپ تۇرۇپ جامائەتتىن:

– ھەققىڭلارغا رازى بولدۇڭلارمۇ؟ – دەپ ئارقا-ئارقىدىن ئىككى قېتىم سورىدى. بارلىق جامائەتنىڭ، - رازى بولدۇق! رازى! – دېگەن ئاۋازلىرى مەسچىت تاملىرى ئۈستىدە سوغۇقتىن تۈگۈلۈپ تۇرغان مۈشۈكلەرنىمۇ ئۈركۈتۈپ قاچۇرۇۋەتتى . ھەتتا ئۇزۇن قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرىدا، دەھشەتلىك قار-شىۋىرغانلىرىدا شاخلىرى ئېگىلىپ چارچىغان، ئۇيقۇغا پاتقان ئاق تېرەكلەرنىمۇ چۆچۈپ ئويغىتىپ ئۈستىدىكى قار-مۇزلارنى توزۇتۇپ، شاخلىرىدىكى قاغىلارنى ئۇچۇرۇۋەتتى . يىراقلاردا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئابرال تاغلىرىدا ئۆزلۈكىدىن سۇس ئۇچقۇنلار يېنىپ ئۆچكەندەك بولدى.

ئىمام ئۈچىنچى قېتىم:

–ھەققىلارغا رازىمۇ– دەپ سورىشىغىلا، قانداقتۇر ئارقا سەپتىن:

–ياق رازى ئەمەس، – دېگەن ئاۋاز چىقتى. بۇ ئاۋاز كۆپچىلىكنىڭ قۇلىقىدىن كىرىپ ئۇدۇل مېڭىسىگە بېرىپ پارتلىدى. بۇ دەھشەتلىك پارتلاشنىڭ ساداسى ئۇلارنىڭ غەزەپ بىلەن ئارقىغا قارىغان كۆز چاناقلىرىدا ئۆز ئەكسىنى تاپقان ئىدى. مەسچىتنىڭ ھويلىسى توساتتىن چىققان بىر بوراننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندەك ئاستىن-ئۈستىن بولۇپ كەتتى. بۇ ئاۋازدىن گاڭگىراپ قالغان ئىمام بىر ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتتى. چۈنكى بۇ تەكەببۇرلۇق ۋە مۇغەمبەرلىككە تولغان ئاۋاز ئىمامغا يات ئەمەس ئىدى. ئۇ مەھەللىمىزنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ، ئاساسىي قاتلامنىڭ مەھەللىدىكى پايلاقچىسى ھېكىماخۇننىڭ ئۆزىنىڭ ۋىجىككىنە ۋۇجۇدىغا ئۇيدانلا ماسلىشىپ قالغان ئاۋازى ئىدى.

ئىمام قورۇپ قالغان يوپۇرماقتەك تىترەۋاتقان يۈرىكىنى تىڭشاپ تۇرۇپ، ئۆزىنى بىر ئاز بېسىۋېلىشقا تىرىشتىدە ئاندىن:

– ھېكىماخۇن جامائەتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئۆز مۇددىئالىرىنى بايان قىلسىلا. مېيىتلارنى يەرلىككە قويۇشتىن ئاۋۋال ھەممە ئىشنىڭ جامائەت ئالدىدا ئېنىق بولۇپ كېتىشى ھەممىمىز ئۈچۈن ياخشى، – دەپ، بىر چەتتىن غودۇڭشۇۋاتقان جامائەتنى بېسىشقا تىرىشتى.

دەل مۇشۇ چاغدا ھېكىماخۇن جامائەتنىڭ ئالدىغا چىقىپ قويۇن يانچۇقىدىن بىر ۋاراق ھۆججەتنى چىقىرىپ، مۇغەمبەرلىك بىلەن جامائەتنىڭ تېخىمۇ غەزىپىنى قوزغايدىغان ھەرىكەتلەرنى قىلىپ تۇرۇپ ئىمامغا تەڭلەپ:

– بۇ زۇلپىقارغا ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئېتىلغان ئۈچ پاي ئوقنىڭ ھەققى ئۈچۈن كېسىلگەن ھۆججەت . جەمئى 60 يۈەن . بۇ پۇلنى ئەكېلىش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي قاتلام رەھبىرى ماڭا بەردى. شۇڭا مېنىڭ دەرھاللا كېلىشىم. چۈنكى بۇ پۇلنى تۆلەيدىغانلارنىڭ ھەممىسى ...– دەپ ئارقىدا تۇرغان ئۈچ تاۋۇتقا بۇرۇلۇپ قاراپ قويدى ۋە قانداقتۇر ئىچىدە بىر قورقۇش پەيدا بولدى.

تىترىگەن قەدەملىرى بىلەن بىر چەتكە ئۆتۈپ، جامائەتنىڭ غەزەپ بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۇۋۇچىدىن قېچىپ ئۇۋىسىغا كىرىشكە ئۈلگۈرگەن تۈلكىدەك شۈمشىيىپ تۇردى. بۇ ئۈچ پاي ئوق يالغۇز بىر جانغا زامىن بولماي بەلكى ئۈچ جانغا تەڭ تەگكەنلىكى ھەكىماخۇنغىمۇ بەش قولدەك ئايان ئىدى.

ئىمام تىترىلىرى ئۈستىخىنىغا چاپلىشىپ كەتكەن قوللىرى بىلەن تالۇنىنى ئېلىپ، بىر كۆز ئاتقاندىن كېيىن دەرھال ئەقلىنى تاپقاندەك يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ قاتلاقلىق پۇللار ئارىسىدىن 60 يۈەننى ئايرىپ ھېكىماخۇنغا بەرگەندىن كېيىن جامائەتكە يۈزلىنىپ:

– كۆپچىلىك ئۆزىمىزنى بېسىۋالايلى. ئالدىمىزدا ئۈچ مېيىت تۇرۇپتۇ. ھەممىمىز ناماز ئۈستىدە. بۇ پەقەت ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئىشلارنى قانۇنى رەسمىيەتلەرگە ئۇيغۇن ھالدا بېجىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىلىدىغان رەسمىيەتلەر ئىكەن. مەن جامائەتنىڭ مەسچىتىمىز ئۈچۈن توپلىغان پۇلىدىن تۆلىۋەتتىم. چوڭ ئىش يوق. قىنى مېيىتلارنى تۇرغۇزماي دەرھال نامىزىنى چۈشۈرۈپ يەرلىككە قويىۋېتەيلى، – دەپ، ئارقىدىنلا، - زۇلپىقار ئوغلىمىزدىكى ھەققىڭلارغا رازىمۇ؟ – دەپ، ئۈچىنچى قېتىملىق ھالاللىششىنى ئۆزىنى پەرۋاسىز كۆرسىتىپ تۇرۇپ سورىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ سوئالنىڭ ئوخشاش نازۇك قەلبىدىن چىقىۋاتقان بىر ئەلەملىك مۇڭ ئىكەنلىكى ئىمامنىڭ ئاۋازىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بىردەك:

–رازى بولسۇن! رازى! رازى! -دېگەن سادالىرىنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭلاردىن، مەسچىت مۇنارلىرىدىن، كۆلەڭگىلەردىن ئەكس ساداسى كېلىپ، مەسچىت ھويلىسى پىنھان بىلەن تىترەپ كەتتى. بۇ ياڭرىغان سادا يارىلانغان كۆڭۈللەردىن چىقىۋاتقان بىر ئىنتىقامنىڭ مۇڭ زارى ئىدى. مانا بۇ ماتەم ئاۋازىغا تەبىئەتنىڭ ئورۇنلىغان ماتەم مېلودىيەلىرى قوشۇلۇپ ئەرشىدىن ئاپپاق قار لەپىلدەپ يېغىشقا باشلىدى.

مىڭلىغان جامائەت ئۈچ تاۋۇتنى غوللىرىغا ئېلىپ تۇپراق بېشىغا قاراپ يول ئالدى. مەھەللىدىن بارغانسېرى ئۇزاقلىشىپ كېتىۋاتقان ئۈچ تاۋۇت، ئاپپاق قارلار ئىچىدە جامائەتنىڭ بېشى ئۈستىدە خۇددى دەھشەتلىك بىر دولقۇندا ئاپپاق يەلكەن ئېچىپ كېتىۋاتقان كېمىدەك كۆزۈمگە كۆرۈندى. مەن دەرھال ھوشۇمنى يىغىپ، كۆزۈمدىن ئاققان ئىززەتراپ ياشلىرىدا ئېرىگەن سولغۇن يۈزۈمدىكى قار ئۇچقۇنلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ ، مۇقەددەس بىر ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئادەم دېڭىزى ئىچىدىكى ئۈچ تاۋۇتنىڭ ئارقىسىدىن چاپتىم.

2018 يىلى -1 ئاينىڭ 14 - كۆنى (گېرمانىيە)



# ئۇيغۇر ئەركەكلىكىگە مەدھىيە ئوقۇيمەن

(نەسر)

رەنا غوپۇر (ئاۋستراليىيە)

تارىخى دەۋرلەردىن يۇنان ئەپسانىلىرى، رىم ئىمپېراتورسى، ئىسپارتاك ۋاقتى تەسۋىرلەنگەن كىنولارنى قىزىقىپ كۆرىمەن. «باھادىرنامە»نىمۇ سۆيۈپ ئوقۇيمەن. ئاشۇنداق بىر ئەركەكلىك روھىنى سېغىنىمەن. ئەگەر شۇ دەۋرلەردە ياشىغان بىر ئانا بولغان بولسام:

ئۈچ ئوغلۇم بىر قىزىم بولسا. ئوغۇللۇرۇمنىڭ چوڭىغا «كۆك» دەپ ئىسىم قويىمەن. كۆك رەڭگە بولغان مېھرىم ۋە بۈيۈك ئاسمانغا بولغان تەلپۈنۈشۈمنى ئۇنىڭغا ئىسىم قىلاتتىم. ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى «ئۆلكەر» قوياتتىم. كېچە ئاسمىنىدا ئەڭ يورۇق يۇلتۇز ، ئازماس نىشاننىڭ سىمۋولى بولاتتى. ئۈچىنچىسىنى «ھۆر» قوياتتىم. مەڭگۈ قۇل بولماس روھنى ئەسلىتەتتىم، مەڭگۈلۈك مۇقەددەس ۋەزىپىسىنى ئەسكەرتەتتىم. قىزىمنى «لەيلى» دەپ ئاتاشنى خالايمەن. مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان گۈلنىڭ نامى. نەپىس، نازۇك، ئېسىل نەسەبلىك.

ئۈچ ئوغلۇم بالاغەتكە يېتىپ، ئالدىدىكى ئىككىسىنى ئۆيلەيمەن. ئەقىللىق، يېقىملىق قىزلارغا. ئەقلىنى لال قىلغۇدەك ھۆسنى بولۇشى كېرەك ئەمەس، زېرەك، سەزگۈر بولۇشى زۆرۈر. ئوغۇللىرىم ئۇلارنى بېشىدا كۆتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ تۆرۈلگەن قاپاقلىرى ئوغۇللۇرۇم يۈرىكىگە خەنجەردەك قادىلىدۇ. ئوغۇللۇرۇم ئۇلارنى ئار- نومۇسىنى قوغدىغاندەك قوغدايدۇ. ئاياللىرىغا يامانلىق بىلەن تىكىلگەن نەزەر ئوغۇللۇرۇم يۈزىگە دەسسەلگەن تاپان كەبى بولىدۇ.

بىر كۈنلەردە ياۋ ئايىغىنىڭ تۇپرىغىمىزغا يەتكەنلىكىدەك شۇم خەۋىرى يېتىپ كېلىدۇ. ئەزىز تۇپرىقىمىز، گۈل چېچەكلىرىمىز ياۋنىڭ پاسىق ئايىغىدا چەيلىنىدۇ. زەمزەم كەبى سۈيى بار بۇلاق، دەريالىرىمىز قۇرۇشقا باشلايدۇ. شېرىن بال مېۋىلىك باغلىرىمىز قۇرۇقدىلىدۇ. يايلاقلىرىمىزدىكى مال چارۋىلىرىمىز قىرىلىدۇ. پەرىشتە سۈپەت قىزلىرىمىز خارلىنىدۇ... شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇللۇرۇم ۋەتەننى قايتۇرۇپ ئېلىش جېڭىگە ئاتلىنىش ئۈچۈن مەندىن رۇخسەت سوراپ ئالدىمغا كىرىدۇ.

- بېرىڭلار بالىلىرىم. مەن سىلەرنى مۇشۇ مىنۇتلار ئۈچۈن توققۇز ئاي توققۇز كۈن ۋۇجۇدۇمدا سەدەپ مەرۋايىت ساقلىغاندەك ساقلاپ، ئاچچىق تولغاقتا يورۇق دۇنياغا ئەكېلىپ، قېنىمدىن ھاسىل بولغان ساپ سۈتۈم بىلەن ئوزۇقلاندۇرغان. ۋەتەن ئاچچىق تولغانغاندا ياتسا ئولتۇرۇپ، ئولتۇرسا قوپۇپ، قوپسا يۈگۈرەلمىگەن ئەركەك مېنىڭ ئوغلۇم ئەمەس. بېرىڭلار بالىلىرىم. ئەڭ گۈزەل دۇئالىرىم سىلەرگە ھەمراھ. سىلەرگە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، پالۋانى رۇستەمنىڭ قەيسەرلىكىنى تىلەيمەن. دۈشمەن ئالدىدا تۈلكىدەك قۇۋ، بۆرىدەك سالماق، يىلپىزدەك چاققان، شىردەك قورقماس بولۇڭلار. سىلەرگە مۇقەددەس دىنىم يار يۆلەك بولسۇن. ساق كەلسەڭلار ئورنۇڭلار بېشىمدا، كېلەلمىسەڭلار مەيدەڭلاردا جاراھەت بولسۇن - دەپ دۇئالار بىلەن كۆزلىرىمنى ياشلاپ يولغا سالىمەن.

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن كېچەيۇ كۈندۈز رەببىمگە دۇئا قىلىپ ئۇلارغا زەپەر تىلەيمەن. تاڭ سەھەرلىرى يامان چۈشلىرىم ئۈچۈن كېلىن قىزلارنى سەدىقە بەرگىلى چىقارتىمەن. گۈزەل چۈشلىرىم ئۈچۈن ئالالاھغا ھەمدۇ سانالار ئېيتىمەن. ئۇلار زەپەر قۇچۇپ سالامەت قايتىپ كېلەلىسە قۇچاقلىرىمنى ئېچىپ ئۇلارنى «مەرھابا باھادىرلىرىم، قۇچقان زەپەرلىرىڭلارغا مۇبارەك» دەپ قارشى ئالىمەن. ياۋنىڭ قانلىرى چاچراپ داغ بولۇپ قاتقان يۈزلىرىگە مەڭزىمنى ياقىمەن. پېشانىلىرىدىن سۆيىمەن. قىلىچ تۇتۇپ قاتقان قوللىرىغا، قان كەچكەن ئاياقلىرىغا لېۋىمنى ياقىمەن. ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىدىكى چاڭنى كۆزۈمگە سۈرتىمەن. ئەگەر بەختكە قارشى شېھىت بولسا، سەپداشلىرى سۇنغان قىلىچىنى، دوبۇلغا - ساۋۇتىنى باغرىمغا بېسىپ «مەرھابا باتۇرۇم، شېھىتلىك ماقامىڭغا مۇبارەك» دەيمەن.

ئەنە شۇنداق ئەركەك روھىنىڭ قەلب خاندانلىقىمدا سۇلتان ئورنى بار. باشلىرىغا ئېپپەت نەپسىم بىلەن بېزەلگەن بەخت تاجى بار. دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل نام «ئۇيغۇر» دەپ ئىسمى بار.






# قۇتادغۇ بىلىك

(نەسر)

مەھمۇتجان ياسىن (تۈركىيە)

ئەي قۇتادغۇبىلىك ، مىڭ يىللىق داۋىنىدىن ئاشقان شاھانە ئەسەر! يەنە كەلگۈسىمىزدىكى مىڭ يىلغا مەشئەل تۇتقان تۈگىمەس گۆھەر! سەن - نۇرغۇنلىغان ئەللەر سۈت ئۇيقۇدا ياتقان چاغدىكى ئويغاق تەپەككۇرىمىزنىڭ نامايەندىسى، ئۇيغۇرنىڭ جاھانغا يايغان ئادالەتنىڭ جارچىسى، بېيىغان ئەدەبىي تىلىمىزنىڭ ئەڭ خۇش ناۋا كۈيچىسى، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شېئىرىيەتتە پۈتۈلگەن ئابىدىسى سەن! بىزنىڭ تەبىئەتكە بولغان كۆيۈمىمىز، ئىنسانلارغا بولغان سۆيگۈمىز سەندە ئەڭ ياخشى جۇلالانغان. ئىلىم، ئەقىل، ئادالەت، ۋەتەن ۋە دۆلەت سەندە ئۇلۇغلانغان! ئانا تىلىمىز، باي ئەدەبىياتىمىز، پەلسەپەۋى چۈشەنچىلىرىمىز ۋە گۈللەنگەن مەدەنىيىتىمىز سەندە غورۇرلانغان! دۆلەت باشقۇرۇشتىن تارتىپ ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ كىچىك ۋە ئەڭ زىل مەسىلىلەرگىچە سەندە بايان قىلىنغان. سىنى يۈسۈپ بوۋام ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل – پاراستىدىن سۈزۈلگەن ئۈنچىلەر بىلەن بېزىگەن. ئۆزىدىن كېيىن ياشايدىغان ئەۋلادلار ئۈچۈن رەھنەما سۈپىتىدە ئۈگۈتلىرى بىلەن پۈركىگەن. ھەر بىر بوغۇمىدا ھەقىقەتنىڭ نۇرلىرى پارلىغان ئالتۇن مىسرا دېڭىزىڭدا مىڭ يىلدىن بىرى غەۋۋاس بولدۇقىيۇ ئۈنچە – مارجانلىرىڭىنى يېتەرلىك قازالمىدۇق. سەندىن مىڭ يىل كېيىن ياشاپمۇ سەن يەتكەن پەللىدىن ئاشماق تۈگۈل ھەتتا شۇ پەللىگە يېقىنلىشالمىدۇق. ئىلمىنىڭ قۇۋۋىتىنى، ئەقلىنىڭ كامالىتىنى سىنىڭ بىلەن ھېس قىلدۇق. سىنى «تەۋەررۈك» بىلدۇق «شاھ ئەسەر» دەپ ئۆيىمىزنىڭ تۆرىگە قويدۇقىيۇ ئەمما قەلبىمىزنىڭ، ئەقلىمىزنىڭ تۆرىگە قويالمىدۇق. ھەئە، سىنى تولۇق ئوقۇمۇدۇق! پاراستىڭدىن، كامالىتىڭدىن بۈگۈنىمىزگە ئوزۇق ئەتىمىزگە يورۇقلۇق پەيدا قىلالمىدۇق. سەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ پۈتۈن يوللىرىنى كۆرسەتتىڭيۇ بىز ساڭا ئېتىبار بەرمەي دۆلەتسىز قالدۇق. سەن ئۇلۇغلۇقنىڭ، بۈيۈكلۈكنىڭ پەقەت بىلىم ۋە ئەقىل بىلەنلا قولغا كېلىدىغانلىقىنى تەكىتلىدىڭيۇ ئەمما بىز جاھىللىقتا پۈركەندۇق. سەن ئادالەتنى دۇنياغا يايدىڭيۇ بىز نېسىۋىمىزنى ئالالمىدۇق. ئادالەتسىزلىككە قارشى كۆكرىكىمىزنى كىرىپ چىقالمىدۇق.

مېنى كەچۈر، بىزنى كەچۈر ئەي شاھ ئەسەر! ئەمدى سىنى يېڭى باشتىن قولۇمغا ئالاي. ئالتۇن دۇردانىلىرىڭنى ئوقۇي، ھېكمەتلىرىڭنى كۆزۈمگە سۈرتەي. سەن بىزگە رەھنەما بول بىز ساڭا لايىق ئەۋلادلاردىن !

# ئەدىسسەن سالام

(نەسر)

ئىمران سادائى (تۈركىيە)

ئاۋۋال سالام ئاندىن كالام دەپ نە قەدەر جايىدا ئېيتقان بولغىيتتى كونىلار. مۇشۇ كونىلارنىڭ ھەر بىر سۆزلىرى ۋە بەرگەن ئۆگۈتلىرى بىر دېڭىزغا ئوخشايدۇ دېسە. شۇنداق بىر دېڭىزكى ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرى كۆزلەرنى ۋال ۋال قىلىپ چاقناتقۇدەك،كىشىنى ھەيرانۇ ھەۋەستە لال قىلىپ جايىدا قاتۇرغۇدەك ئۈنچە مەرۋايىت ۋە جاۋاھىراتلار بىلەن تويۇنغان.

مانا بۇ بىباھا گۆھەردىن نېسىۋىسىنى ئالالىغانلار بولسا پانى ئالەمنىڭ قىسقىغىنا كوچىلىرىدا بەخت سائادەتنىڭ شەربىتىنى ئىچىدۇ. باقى دۇنيادا بولسا ئەبەدىي خۇشاللىق گۈلزارلىقىغا بەند بولىدۇ. لېكىن گۆھەر ياتىدۇ سايدا تونۇمىساڭ نېمە پايدا دېگەندەك ئالدىغا سېلىنغان داستىخاندىن ئۆزگە تۇشلۇق پەلەممە قىلالمىغان بىچارىلەرگە كىشىنىڭ ھەقىقەتەن ئىچى ئاغرىيدۇ. سالام - سائەت بولسا دەل ئاشۇ قىممەتلىك ئەڭگۈشتەر،تەڭداشسىز خەزىنە ھەمدە ئىلاھى ئىلتىپاتىدۇر. تەسۋىر تەرىپىگە تىللار كەمتۈك بىر نىممەتتۇر.

ھازىر كىشىلەردە ھەممە نەرسىنى دېڭىزغا ئوخشىتىدىغان ئىش باركەن، ياكى بۇ قەدىمدىن تارتىپ ئانچە مۇنچە قەلەم تۇتقانلار ھەممىسى ئىشلىتىپ قويىدىغان بىر خىل بازاردىن قالماس مودا ئوخشىتىشمۇ بىلمىدىم. ئۆزۈم دېڭىز تەسۋىرنى سەل پاخاللىشىپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن. ئەمما كونىلارنىڭ بەزى سۆزلىرى بەئەينى بىر دېڭىزدۇر. دېڭىزنى تەسۋىر يېرىدە بىرە نەرسىگە كەيدۈرۈش توغرا كەلسە مەن ئالدى بىلەن مۆتىۋەرلەرنىڭ ھېكمەتلىرىنى تاللايمەن. دىنىمىزنىڭ روجەكلىرىدىن قارايدىغان بولساق سالام سائەتنىڭ ئالاھىدە ئورنى بار. خۇدايىتائالانىڭ ئەمىر پەرمانلىرىدىن مەلۇمكى بىرىش سۈننەت ئېلىش پەرز بولغان بىر مەنىۋى سودا. ئەجدادلارنىڭ مۇقەددەس ئەنئەنىلىرىدە بولسا ئىنسانىيلىقنىڭ بوسۇغىسى دېيىلگەن.

يۈزلىرىنى، پېشانىلىرىنى، ۋىجىكلەپ كەتكەن قوللىرىنى مەن شېئىر يازىدىغان دەپتەرنىڭ سىزىقلىرىدەك سىزىقلار قاپلاپ كەتكەن قاپقارا چاچلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىگە ئاق نۇرلار ئارلىشىپ قالغان چىرايلىق چوڭ ئانامدىن ئايرىلغىلى خېلى يىللار بولغان بولسىمۇ، بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن مىنۇتلار ھېلىھەم ئېسىمدە. چوڭ ئانام سالام سائەتنى تەرك قىلغان ياكى گەپنى سالامسىز باشلاپ قالغان كىشىلەرنى ئېغىلدىكى ئۇلاغلارغا ئوخشۇتۇپ قويىدىغان.چۈنكى ئۇلاردا سالاملىشىش مەدەنىيتى ۋە ئەدەپ قائىدىسى يوق ئەمەسمۇ. ھازىر ئامۇتتەك ئەقلىمنى بېشىمغا ئېلىپ بىر قارايدىغان بولسام توۋا، چوڭ ئانامنىڭ تەسۋىرى خېلىلا ئورۇنلۇقتەك.

ئويلاپ بېقىڭ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»نىڭ ئىچىگە نېمە خىسلەتلەر يوشۇرۇنمىغان. قارشى تەرەپنىڭ سالامەتلىكىنى ۋە بەختىنى تىلىگەندىن كىيىن سۆزگە باشلاشتەك گۈزەللىكنى قانداقمۇ تەرك قىلغۇسى كېلىدۇ دەيمەن كىشىنىڭ.

كىتاب يازسا ئەسسالام بىلەن باشلايدىغان، بىر دەرەخنى ئىككى چۆرگۈلەپ كەپ قايتا بىر سالام قىلمىسا كۆڭلى ئۇنىمايدىغان، بۇ مۇبارەك سالامنى، «سەن مېنىڭ قېرىندىشىم» دېمەكنىڭ، «كۆڭلۈڭ كۆڭلۈمگە تۇتاش» دېمەكنىڭ، «دەردىمىز دەرمانىمىز بىر» دېمەكنىڭ ئىپادىسى دەپ قارايدىغان:

يەتكۈز مىنىڭ سالاممىنى دىلدارغا ئەي سابا
قىل ئىلتىجا سالاممىنى ئول يارغا ئەي سابا

مىسرالىرىدا ئۆز دىلدارىغا سۇنىدىغان ئەڭ ئېسىل سوۋغىلىرىنىڭ قاتارىغا سالامنى قويغانلىقىنى ئىپادە ئەتكەن، يارىنىڭ ۋىسالىغا ئىنتىزار بولغىنىدەك بىر سالامغا ئۇندىن بەك تەشنا مۇشتاق بولغان، بىر سالام قىلغۇچىنى خۇددى بىر ئىمارەت بىنا قىلغانغا ئوخشاتقان پەزىلەت ئىگىلىرى ئەجدادلارنىڭ ئەۋلادى بولغان ھەر بىرى مېھرى مۇھەببەت بىلەن زىنىنەتلىگەنلىك. شۇنچە گۈزەل، شۇنچە يېقىملىق، يارىشىملىق «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇمنىڭ» ئورنىغا «س.ل.م» ۋە ياكى «سالام» دەپلا گەپكە باشلايدىغان بولۇپ قالسا، بىز بۇنى خىسلەت دەپ چۈشىنەمدۇق؟ ياكى ئىللەت دەپ بىلەمدۇق؟ ياكى بۇنى «ئالدىراشچىلىقتا ئاشۇنداق قىلىپ كېتىدىغان گەپ، چۈشىنىشكەندىكىن نېمە بولاتتى» دەپلا مەقبۇل كۆرىمىزمۇ؟ ياق!، مېنىڭ بۇنى ئەمدى «بۇ ئەسىرنىڭ جىددىيچىلىكىدە مۇشۇنداق بولۇپ قالىدۇ ھېچ قىسى يوق» دېگەندەك يوتقانلار بىلەن يۆگەپ تېگىشلىك تەنقىدلەرنىڭ شىۋىرغانلىرىدىن قوغدىغۇم يوق.

مېھرى مۇھەببەتنىڭ، دوستلۇقنىڭ، ۋاپادارلىقنىڭ، مەدەنىيەتنىڭ كۆۋرۈكى ۋە گۈلتاجى بولغان «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»نى تەرك ئېتىش ياكى ئۇنىڭغا «مۇھەررىرلىك» قىلىش بۇ دەۋرنىڭ تەلىپى بولۇپ، مەن سەل پەل زاماننىڭ كەينىدە قېلىپ بۇ بازار تەرەققىياتىدىن بىخەۋەر قالدىممۇ يە؟!

ئۇنداق بولسىمۇ مەيلى. مەن يەنىلا ئاشۇ چوڭ ئانا چوڭ دادامدىن قالغان بۇ مىراسقا تويپا قاندۇرماي ياشاۋەرسەم بولغىدەك.

پەخىرلىك ياش شائىرىمىز ئەركان ئۆزىنىڭ «دۇئايىڭ» ناملىق شېئىرىدا شۇنداق دېگەن. ھەر قېتىم بۇ مىسرالارنى ئوقۇغاندا ئۆزۈمنى ۋە سالامنى، سالام بىلەن ئىنسان

ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قايتىدىن تونۇپ چىقمەن. ئانا...

هاياتتىن بىلگەن تۇنجى نەرسەم
سالام ئىدى
بۈگۈن بۇ يەردە
تولۇق يالغۇزمەن ئادەملەر ئارا
سالامنىڭ مەنىسىنى بىلمەس ئادەملەر
سۈكۈتتە ماڭار
يوللار تولۇپ كەتكەن چوڭقۇر هاڭلارغا...

چوڭ بولدۇم... ئۆزۈمنى كۆردۈم
قۇچاقلىدىم ئىستەكلەرنىڭ بارچە رەڭگىنى
كۆردۈم سۆيگۈنى... ئىچىدە لىققىدە ئازاپ
ئاشىق بولىمىز... هەسرەت چېكىمىز... ئاندىن ئۇنتۇپ

كېتىمىز ئۆتكەن ئىشلارنى
قايتىدىن سۆيىمىز... داۋاملىشار هايات مۇشۇنداق...
پەقەت سۆيگۈگىلا ئۇلغىيىپ بارار...

شائىر بۇ يەردە ئىچىدىكى توختاۋسىز جۇش ئۇرۇۋاتقان ئانا سۆيگۈسىنى سالامدىن هېس قىلماقتا. ياق بەلكى ئانىسى بىلەن سالامنى بىر تەن بىر ۋۇجۇت قىلىۋەتكەن بولىشى مۇمكىن. ياكى سالام ئانىسىنى ئەسلىتىدىغاندۇ ۋەيا ئانا دىمەك بىر ئىنسان ئۈچۈن سالام دىمەكچىمىدۇ يە...

پاھھ نىمىدىگەن چىرايلىق «سالام» بۇ
نىمىدىگەن چوڭقۇر

ئەي مېهرىبان ئىگەم مىنى مانا مۇشىداق بىر سالامغا مۇيەسسەر قىلغىنىڭ ئۈچۈن ساڭا قانچە شۈكۈر ئېيتسام يەنىلا كەم ئىكەن...مەن بۇنى قايتىدىن هېس قىلدىم...

# ئۆلكەمگە يەنە كەلمىدى باهار

شاۋكەت نەزەرووۋ (قازاقىستان)

مۇستەقىل قازاق ئېلى ئادەتتىكىدەك بۇ يىلمۇ نورۇز بايرىمىنى داغدۇغىلىق نىشانلىدى. هە، پەسىللەر ئەركىسى كۆكلەم يەر-جاهاننى يېشىل كىمخاب تونغا ئوراپ، شات كۈلكىسى بىلەن قەدەم تەشرىپ قىلدى. قاراڭغۇ، زىمىستان قىشتىن كېيىن يەر زېمىن ئويغىنىپ، ئادەملەرگە كۆتۈرەڭگۈ روه، كۈچ -قۇۋۋەت ئاتا قىلغاندەك. لېكىن، بىز ئۈچۈن يەنە باهارنىڭ شادلىق سازى چېلىنمىدى...

غەپلەت ئۇيقۇدىن ئويغاندى جاهان،
ئەتراپقا قۇياش سېخى نۇر چاچقان.
يېشىل كىمخابقا ئورالدى زېمىن،
ئۆلكەمگە يەنە كەلمىدى باهار.

دوستلار توپلىشار نورۇز بايرىمى،
شادلىقى ئايان ناخشا-كۈيىدىن.
خالى بولمىدۇق غەم ۋە قايغۇدىن،
ئۆلكەمگە يەنە كەلمىدى باهار.

كەلدى تۇرنىلار، سەپلەر تىزىشىپ،
بەس-بەسكە چۈشتى، قۇشلار سايرىشىپ.

قالدۇق بىز يەنە مۇڭلۇق سىرلىشىپ،
ئۆلكەمگە يەنە كەلمىدى باهار.

ئەتىگە قانچە ئۈمۈد ئارتساقمۇ،
تەقدىرگە تەن بېرىپ، بىز شۈك تۇرساقمۇ.
ئاللاهغا مىڭلارچە نالە قىلساقمۇ،
ئۆلكەمگە يەنە كەلمىدى باهار.

كۆڭۈلدە غەشلىك مۇز بولۇپ قاتقان،
بەجا بولارمۇ مۇقەددەس ئارمان؟
بايرامغا تەشنا خەلق پەرىشان،
ئۆلكەمگە يەنە كەلمىدى باهار.

# ئىنساندا بولىدۇ ئىككى ئائىلە . . .

مۇقىمجان نۇربايېۋ (ئۆزبېكىستان)

1976 - يىلى ئەنجان ۋىلايىتىگە قاراشلىق مارخامات (مەرھەمەت) ئۆلكىسىدە تۇغۇلغان. ئەلگە تونۇلغان شائىرنىڭ ئىجادىي نەمۇنىلىرى ئۆزبېكىستان ۋە چەت ئەللەر مەتبۇئات سەھىپىلىرىدە يورۇق كۆرگەن.

– ئەي، دادا، – دەپ قالدى بىر كۈنى ئوغلۇم،
– نە سەۋەب كايىدى جان ئانام سىزنى،
ھېچ جاۋاب قايتۇرماي ئولتۇرىسىز جىم،
ھەيرانغا سالىدۇ ئۇشبۇ ھال بىزنى؟

–خوپ، ئوغلۇم، چۈشەندۈر دېسەڭ، تىڭشىغىن،
ئىنساندا بولىدۇ ئىككى ئائىلە .
بىرى ئۇ – ۋەتىنىم، خەلقىم، مىللىتىم،
ھە، بىرى – ئۆز ئائىلەم ، ئۆيۈم-پىيالەم.

ئەڭ چوڭى – بۈيۈكتۇر، تەشۋىشى ھەم كۆپ،
كىچىكى ئۆيىمىز، ئەزىز بوستانىم.
سورىساڭ: «ئەڭ چوڭى قايسى ئائىلە » دەپ،
ئۇ بىزنىڭ يۇرتىمىز – ئۆزبېكىستانىم !

ئۇ – پەرزەنتلىرىم ئوقۇسا دەيدۇ،
زەپ مەكتەپ سېلىشقا يەتمەس ئىمكانى.
ئىمارەت، ئۆي سېلىپ، ياشىسا دەيدۇ،
يەتمەيدۇ بارىغا بىر ئىنسان جېنى.

مۇھىمى، بىرلىكتۇر خەلق -ئەل-يۇرتنىڭ ،
شادلانسا شادلىنىپ ، كۆيگەندە كۆيۈپ.

رىسقىسىنى كەتكۈزمەي بەرىكەت-قۇتنىڭ،
ياشاش شەرت قەدرىلەپ، جان-تەندىن سۆيۈپ.

ئاقىۋەت، مەكتەپلەر، ئۆيلەر قۇرىمىز،
كېلەچەك ئەۋلادنى ئويلىغان يۇرتۇم.
مۇقەددەس بۇرچ دەپ، ئۆمۈر سۈرىمىز،
شۇ مېنىڭ ئىككىنچى ئائىلەم ، ئوغلۇم.

– ئەي، دادا، ئۇنىڭ قانداق ئالاقىسى بار،
ئانامنىڭ ھەر كۈنى كايىشلىرىغا .
– بىل، ئوغلۇم، بەربىر ئۇلۇغقۇ ئانا،
ئۆگەنگەن ھەر زامان نالىلىرىگە .

ئائىلىسىنى ئۇ ھەم قىلار ھىمايە،
سىلەرنى ئويلايدۇ ئەلدىن بىرىنچى.
«بىزلەرنى ئويلاڭ» دەپ قىلار كىنايە،
خىزمەتچى بولسۇن، مەن ئۆينىڭ ئىگىسى ...

– چۈشەندىم، جان دادا، دېدىدە ئوغلۇم،
كۆزلىرى پارلىدى شادلىققا تولۇپ.
شۇ لەھزە تاغدەكلا كۆتۈرۈپ كۆڭلۈم،
دېدى ئۇ: «ياشايمەن مەن سىزدەك بولۇپ».

ئۆزبېكچىدىن ئابدۇلجان ئازناباقىېۋ ئۇغۇرچىلاشتۇرغان (قازاقىستان)

# دەرمانسىز مۈشۈكلەر غەزىلى

ھەيدەر ئەرگۈلەن (تۈركىيە)

خىياللىرىمنىڭ تۇپرىقىنى جۇغلا،
ياغاچتەك قەلبىمنى تىرملا، ھەممە نەرسە مىدىرلىسۇن
چۈنكى بىر مۈشۈكچىلىك گەۋدىسى بار سۇنغان ۋە ھارغىن
ھەۋەسلەرنىڭ...
مۈشۈكسىز ئۆيلەر يېتىم،
مۈشۈكسىز كوچىلار ئۆگەي ھېسابلىنىدۇ.
مەن بىر ئەخمىقى سۆيگۈنىڭ
مېنىمۇ تەنھا مۈشۈكلەردىن ھېسابلا
نېمىلا بولسا ئېغىزىم بار تىلىم يوق...
مەن مۈشۈكلىرىمنىڭ قارشىسىدا،
تارتىنچاقلىقنى، ئوڭايسىزلىنىشنى ئۇلاردىن ئۆگەندىم
ئۇلار مېنى تۇرنا يوق ناخشىلاردا
سولغۇن بىر مۈشۈكنىڭ قەلبىدە ئۇنۇتتى.

تۈركچىدىن ئەركان تەرجىمىسى (تۈركىيە)

# ئىككى شېئىر

ئايگۈل ئالىم (ئاۋسترالىيە)

## تارانچى

تىللىرىڭغا تېتىدىمۇ تارلىرىم،
تارىخىم تەم تېتىتقۇچى تارانچى.
تەككەندىمۇ دىللىرىڭغا تەنبىھىم،
تېرىكمىگىن !دىلىم يۇمشاق تارانچى.

سايلىرىدا سايرار ئىلى بويىنىڭ،
تاغلىرىدا بوستان ئىلى غولىنىڭ.
ئەلمىساقتىن بۇلبۇلى ئۇ ئىلىنىڭ،
ھايات سۆيگەن خۇشخۇي مىجەز  تارانچى.

خادىكىدە ياڭرار ئىلى ناخشىسى،
بېشىدا بار سۆسۈن مالخاي شەپكىسى.
كونا قوزۇق يۇرتتىن كەتمەس كەتكۈسى،
خويمۇ سىڭگەن يۇرتقا يامغۇر تارانچى.

ساددىلىقى بىلسەڭ  ساپلىقىدىندۇر،
سادىغاڭ كېتەي! سەزسەڭ پاكلىقىدىندۇر.
بۇغداي سۆزى ئاچساڭ تارىخىدىندۇر،
ئاتا مىراس سۆيگۈسى بار تارانچى.

جۇرۇي دەيدۇ  سېنى ئۆيگە باشلايدۇ،
كونا دوستەك باغاش ئېتىپ شاتلايدۇ.
يۇرىكىدە ھەسەت ئوتى ياتمايدۇ،
ئەلمىساقتىن ئىنى كەڭرى  تارانچى.

قۇرلىرىمغا قاتتىم ئاتا شېۋەمنى،
چۈشەنمەستىن سۆكىۋەتمەڭلا ھوي مېنى.
گەر مىسرالا ياقمىسا ھېچ رەنجىمەي،
ئەپۇ قىلىڭ  مەن تارانچى سىڭىمنى.

2019 -يىلى 10 -دېكابىر

## ئاۋرال ئوغلى

ساپ «ئاۋرال شامالىلىرى» ھىدى ئىزدەپ ،
«ئانا يۇرت»قا « قەرزدار» روھ قىينار بىزنى.
ئەسلەش بىلەن «ئېھ،توپىلىق يوللار» ئارا،
تاپالمىدۇق «ئۇنتالمايمەن گۈلسارە»نى.

ھەر قۇرۇڭدا تاتلىق- تاتلىق دېھقان سۆزى،
ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرار ئۇ بۇلاق سۈيى.
ئاددىي ئىنسان بولۇپ ئۆتكەن ئۆمۈر روھى،
ھەر قەلبكە مۆھۈر باسار شۈكرى سۆزى.

ئىچىمىزدىن قايناپ چىقار «يالغۇزبۇلاق»،
ئونۇتمايمىز «باھار بوۋاينىڭ كۆنلىرى»نى.
«چېنىقىش »ئارا كەزدۇق بارچە دېڭىزلارنى،
تاپارمىز دەپ سەن يورۇتقان ھەقىقەتنى.

يۇرتلار ئارا قەلەم دۇلدۇل چېپىپ كەلدى،
جەڭگىۋارلىق ئۇيغۇر «دولان ياشلىرىدا».
يېڭىتامدىن قېچىپ چىققان «بەختسىز قىز»،
يىراق قىردا  ئەسلەپ چىقتى سېنى قايتا.

ئەلۋىدا ئۇستاز ساڭا، ئىزىڭ قالدى،
يۇرتلار ئەمەس پۈتكۈل ئەلدە سۆزۈڭ قالدى.
ساڭا دىلدىن ھۆرمەت بىلەن سېغىنىشتا،
بارچە ئۇيغۇر «ئانا يۇرت»نى قولىغا ئالدى...

2020 -يىلى 27 -فېۋرال

---

*ئاچ كۆز (كىشى) گە پۈتۈن دۇنيامۇ ئازلىق قىلىدۇ، بارىغا قانائەت قىلغۇچى بەخت (ئىچىدە) ياشايدۇ.*

*ئار- نومۇس بىلەن ئىنسان دۈشمىنىنى بىتچىت قىلىدۇ.*

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى

# بولسۇن

ئابدۇلمەننان چاكان (تۈركىيە)

ئىنسان سەن قەلبىڭدە سۆيگۈڭ بولسۇن،
ھەق ئۈچۈن سوقۇشقا يۈرىكىڭ بولسۇن.
ئوخشىما سۆيگۈسىز چۈپرەندىلەرگە،
ئالىمغا، ئاتاڭغا ھۆرمىتىڭ بولسۇن.

ئىنسانچە ياشىغىن ئىززىتىڭ بولسۇن،
خەلقىڭ ئارىسىدا قىممىتىڭ بولسۇن.
تىرىشقىن تەر تۆكۈپ مىللىتىڭ ئۈچۈن،
ئامما سىنى ھۆرمەتلەپ پەخرى بىلسۇن.

ئىنسان سەن ئىمان، ۋىجدانىڭ بولسۇن،
زالىمغا خوش دىمە نەپرىتىڭ بولسۇن.
ئاڭا قۇل بولۇش ئەمەستۇر راۋا،
رەببىڭنىڭ بۇيرۇقى نىشانىڭ بولسۇن.

ھاياتلىق سىناقتۇر ئەقلىڭدە بولسۇن،
نەتىجىلىك ياشىغىن ئەمىلىڭ بولسۇن.

پۇشايماندا قالمىغىن ھەسرەتتە دەردە،
تىرىشقىن مىللەتكە پايداڭ بولسۇن.

بەختىيار ياشاشقا ۋەتىنىڭ بولسۇن،
قوغداشقا ئىمان شەرىپىڭ بولسۇن.
ياۋلارنى غەيرەتتە قىلىپ سەن گۇمران،
ئەبەدىي ھۆر ماكان، تۇپرىقىڭ بولسۇن.

يۇرتۇڭ  جامائەتكە ھىممىتىڭ بولسۇن،
سۇنۇشقا چىچەكلەر ، گۈللىرىڭ بولسۇن.
ھېچنەرسە قىلىپ بېرەلمىسەڭمۇ،
تاتلىق سۆز پايدىلىق تەكلىپىڭ بولسۇن.

بىرلىككە ھەر زامان ھەسسەڭ بولسۇن،
كۈلدۈرگىن خەلقىڭنى شادلىقىڭ بولسۇن.
قاچمىغىن يۇرتلۇقتىن كۆڭۈل ئاغرىتىپ،
نۇقسانىنى يۇيۇشقا  سۇلىرىڭ بولسۇن.

پولاتتەك ئېگىلمەس ئىرادەڭ بولسۇن،
كەڭلىكتە قەلبىڭمۇ ئوكياندەك بولسۇن.
خەلقىنىڭ خىزمىتى ئۇلۇغۋار خىزمەت،
قىلغانغا ھەر زامان ياردىمىڭ بولسۇن.

تۇرمۇش جەڭگاھتۇر ئەقلىڭدە بولسۇن،
تەجرىبەڭ، ئىلمىڭ ، پىكرىڭ بولسۇن.
ئايرىلىق، نادانلىق، يوقالماق ئاخىر،
بىرلىك، ئۆملۈككە تىلىكىڭ بولسۇن.

كۆپ يا ئازغىنە ،ھەسسەڭ بولسۇن،
ئاگاھ بول، ئېتىقادىڭ ھەققە بولسۇن.
ئاخىرەت كۆرىسەن مۇكاپاتىنى،
نەتىجەڭ يۇرتۇڭ خەلقىڭگە بولسۇن.

2020 - يىلى -4 ئاينىڭ 1 - كۈنى
ئىستانبۇل

# كېتىش

ئايتەن مۇتلۇ (تۈركىيە)

بىر كۈن كېلەر، ئىنسان بىلىپ يېتىدۇ
يالغۇزغىنە قېرىغان بىر دەرەخ ئىكەنلىكىنى
ئۇ يۈزدىن غەملەرنى يېزىشنى خالاپمۇ قالار
شامالنىڭ گەۋدىسىدە ئېچىلغان يارىلارغا

كۈز پەسلىدە ھەيرانلىقتا ئۆگىنىسەن
ياپراقلارنىڭ رەڭگىگە ئىشەنمەسلىكنى
ۋە زاماننىڭ ئۇ مۇدھىش يالغىنىنى
ئۇ مۇدھىش يالغىنىنى تۇتقىنىڭ، ھېرىسمەنلىكىڭ، ئىدراكىڭ،
ئەسلىرىڭ
ئەقلىدىن ئاداشقان بىر دەريادەك قارىغۇلارچە يۈگۈرۈشتە
ھېس قىلغانلىرىڭنىڭ ۋە ھېس قىلمىغانلىرىڭنىڭ

تاغلاردا، ھۇجۇرىلاردا ، تەسەللىيلەردە
سەن كۆپىيىش ھېسابلىغان كېمىيىشلەردە
نۇرىنى يۈتتۈرگەن ئۇ ئۆلۈك يۇلتۇزلاردا
تۆكۈلگەن بىر ياپراقنىڭ ئاخىرقى كۈلىشىدە ئېچىلغان
ئەكس ساداسىز پەريادلاردا

ھەيرانلىقتا ئۆگىنىسەن
زامان ۋە ھاياتنىڭ بۈيۈك سىرىنى

ئاسمان پەقەت يامغۇرغىلا چۈشەندۈرەر چەكسىزلىكنى
ھالبۇكى ئۇنىتار تامچە تۇپراققا تېگەر - تەگمەس
يامغۇرنىڭمۇ قايغۇلۇق بىر يۇرت ئىكەنلىكىنى

ئۇنتۇشتىن باشقا كۈز يوقتەكلا
ۋە ھاياتتىن بەكرەك ھەقىقەت بولغان بىر يالغان

تۇپراققا نېمە سۆزلەر يامغۇرنىڭ ئۈنى
بىر ناخشىمۇ، بىر شېئىرمۇ، بىر كۈز ھېكايىسىمۇ؟
قېرى بىر دەرەخ بولساڭ، قېپيالىڭاچ بىر دەرەخ
نېمە سۆزلەر ئىدىڭ قەلبىڭدە ئەسكەن شامالغا؟

"مېنى تاشلاپ كەت
ئىچىمدە كۈزدىن باشقا باھار قالمىدى"

بەلكىم كېتىشتۇر سۆيگۈ، پەقەتلا كېتىش
سەرگەردان بىر تەقدىرنى يۆگەپ يارىلىرىڭغا
شامال قومۇرۇۋەتكەن بىر دەرەخكە ئوخشاش
يىلتىزىنى جىمجىتقىنا تاشلاپ قويۇپ تۇپراققا

تۈركچىدىن ئەركان تەرجىمىسى (تۈركىيە)

# قىزچاق، گۈل ۋە جەڭچى

ۋىليام مولوتوۋ (قازاقىستان)



تۇتۇق ئاسمان قاپقىنى تۈرگەن،
ئاسماندىنمۇ سۈرلۈك ئادەملەر.
ئانا بىلەن سەيلىتىپ يۈرگەن،
قىزچاق باسار ئۇششاق قەدەملەر.

ئەتراپىدا يۈزلىگەن ئادەم،
قىزىقتۇرماس بۇ لېكىن ئۇنى.
شۇنداق كېتىپ بارغاندا بىغەم،
كۆرۈپ قالدى ئېچىلغان گۈلنى.

قويۇپ ئانا قولىنى شۇ تاپ،
گۈل تەرەپكە يۈگۈردى دەرھال.
ۋاراڭ-چۇرۇڭ بىر مەھەل توختاپ،
ئورۇن ئالدى ئاجايىپ بىر ھال.

ئۈزۈۋېلىپ گۈلنى ئاۋايلاپ،
تۇرۇپ قالدى ئىككى توپ ئارا.
ئاندىن ماڭدى ئالدىغا قاراپ،
جەڭچىلەرگە كىيىنگەن قارا.

ئەينەك نىقاب كەينىدە كۆزلەر،
ئەجەبلىنىپ قارار سەبىيگە .
تاپالماستىن ئېيتىشقا سۆزلەر،
داجىغاندەك بولدى كەينىگە.

ئوماق قىزچاق سۇندى گۈلنى،
سەپتە تۇرغان جەڭچىگە بېرىپ.

گۈلنى ئەمەس، تىنچلىق ئۈننى،
تۇرغاندەكلا شۇ چاغ ئەكېلىپ.

سوغ قالقاننى تۇتسىمۇ ئۆزى،
يۈرىكىدە بار ئىكەن ئوتى.
تەبەسسۇمدە ئېچىلىپ يۈزى،
جەڭچى گۈلنى سىپىنى تۇتتى.

تېگى ئۇلۇغ بۇ ئاددىي ھالەت،
ساۋاق بولغاي پۈتكۈل جاھانغا.
خەلق ئۈچۈن بولۇپ سىياسەت،
تىنچلىق كېرەك دەيدۇ ئىنسانغا!

ئالدىراپ قىلغان ئىشتا كىشى پايدىغا ئېرىشەلمەيدۇ.

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى




# ئۇيغۇرلار «سىپرۇسنىڭ ئاچقۇچى»نى ئالدى

يولداش مولوتوۋ (قازاقىستان)

ئۇيغۇر رەسسام ئەخمەت ئەخەت ، ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ غۇلجا شارىدا 1954 - يىلى تۇغۇلغان بولۇپ كېيىن ئاتا-ئانىسى بىلەن قازاقىستانغا كۆچەپ چىققان. ئۇ ئالمۇتا ئوبلاستىدىكى بايسېيىت ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1971 - ئالمۇتا پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى رەسساملىق فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە ئوقۇشنى 1974 -يىلى ئالىي نەتىجە بىلەن پۈتتۈرىدۇ. ئەخمەت ئەخەت 1988 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەسساملار ئىتتىپاقىغا رەسمىي ئەزا بولۇپ قوبۇل قىلىنىدۇ. 1990 - يىلى ئالمۇتا ئۇيغۇر شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ئاسپىرانت بولىدۇ ۋە 1998 - 1993 - يىللىرىدا رەسساملار ئاكادېمىيەسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ خىزمەت قىلغان. ئۇ 2004 - يىلى قازاقىستان دۆلىتىدىن ئالاھىدە كىشىلەرگە بېرىلىدىغان «خىزمەت كۆرسەتكەن ئەرباب» ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

ئەخمەت ئەخەت 2005 - يىلى تاشكەنتتە ئۆتكۈزۈلگەن «ئاسىيا» ئارت ناملىق كۆرگەزمىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن بولۇپ هازىرغىچە نۇرغۇنلىغان كۆرگەزمە ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ ئۆتكۈزگەن كۆرگەزمىسىدىن بەزىلىرى: 1992 – يىلى موسكۋا «شەرق» گاللېرىيەسىدە، 1993 -يىلى ئەنقەرە «شېكەر بانك» كۆرگەزمە زالىدا، 1996 - يىلى ئىتالىيە جېنوۋا شەھرىدە، 1988 - يىلى ئامېرىكانىڭ ۋاشىنگتون شەھرىدە، 2008 - يىلى ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ ئۈرۈمچى شەھرىدە ۋە 2009 - يىلى ئەنقەرە «ۋەقىپ بانك» كۆرگەزمە زالىدا ئەسەرلىرىنى كۆرگەزمە قىلغان. نۇرغۇن مېدال ۋە پەخرى ئۇنۋانلار ئىگىسى بولغان ئەخمەت ئەخەتنىڭ رەسىملىرى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنىڭ مۇزېيلىرىدا ساقلانماقتا.

قازاقىستاندا ياشاپ ئىجاد قىلىۋاتقان زامانىۋى ئۇيغۇر رەسساملىرى ئارىسىدا تونۇلغان رەسسام، قازاقىستاننىڭ خىزمەت كۆرسەتكەن ئەربابى ئەخمەت ئەخەتنىڭ ئىگەللىگەن ئورنى ئالاھىدە. ئۇ ئىجادتىمۇ ھەم جەمئىيەتلىك ئىشلاردىمۇ پائالىيەتچانلىق كۆرسىتىپ كەلمەكتە. مانا يېقىندا ئەخمەت ئەخەت سىپرۇستا ۋە برىيۇسسېلدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئۇچرىشىشلارغا قاتنىشىپ كەلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنى سۆھبەتكە جەلپ قىلدۇق.

– ئەخمەت ئاكا، دەسلەپ بۈگۈنكى ئىجادىي پائالىيىتىڭىز ھەققىدە ئېيتىپ ئۆتسىڭىز؟

– ھەقىقەتتىگە كەلسەك، مۇشۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى، بەزى ئىشلار سەۋەبىدىن، ئىجادىيەتنى بىرئاز توختىتىپ قويغان ئىدىم. بىراق، بۇ مېنىڭ تامامەن ئىجادىيەتتىن قول ئۈزگەنلىكىم ئەمەس، ئەلۋەتتە. ھازىر ئۇ ئىشلار ئۆز قىنىغا چۈشتى. شۇڭلاشقا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى جىددىي قولغا ئالدىم. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ھەرقانداق ئىجادكار ئىجادىيەتسىز ياشىيالمايدۇ. مېنىڭمۇ تېخى قىلىدىغان ئىشلىرىم كۆپ. ئىككىنچىدىن، كېيىنكى يىللاردا ئۇيغۇر رەسساملىرىنىڭ پائالىيەتچانلىقى سۇسلاشقاندەك بىلىنىدۇ ماڭا. يادىڭلاردا بولسا، 2000 -يىللارنىڭ بېشىدا ئۇيغۇر رەسساملىرى ئارىسىدا قانداقتۇ-بىر

* بۇ سۆھبەت خاتىرىسى قازاقىستان «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتى مۇخبىرى يولداش مولوتوۋ تەرىپىدىن تەييارلانغان بولۇپ، شۇ سۆھبەت خاتىرىسگە رەسىملەر كىرىشتۈرۈلۈپ قايتا ئېلان قىلىندى.

ئىجادىي يۈكسىلىش يۈز بەرگەن. رەسساملار كۆرگەزمىلەرنى ئۇيۇشتۇراتتى، جەمئىيەتلىك ئىشلاردا ئالدىنقى قاتارلاردا تۇردى. ھازىر ئەنە شۇ رەسساملارنىڭ نۇرغۇنى، ئەپسۇس، سالامەتلىكى تۈپەيلىدىن بولۇشى مۇمكىن ئىجادىيىتىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ. دېمەك، بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز. شۇڭلاشقا ئىجادىيەتنى يېڭى ئىلھام بىلەن باشلىماقچىمەن. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، زامانىۋى ۋاستىلەرنى، يەنى ئىنتېرنېتنى پايدىلىنىپ، ئەسەرلىرىمنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇشقا كىرىشتىم. ئۆتكەندە euroasian creative ئىجادكارلار ھەيئىتى ئەزالىققا قوبۇل قىلىندىم. كېلەر يىلى ئېلىمىزدە ۋە چەت ئەللەردە كۆرگەزمىلەرگە ئۇيۇشتۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتىمەن. قىسقىسى، پىلانلىغان ئىشلار كۆپ.

– سىپرۇسقا بولغان سەپىرىڭىز ھەققىدە تەپسىلىي ئېيتىپ بەرسىڭىز؟

– مەلۇمكى، ئوتتۇرا دېڭىزدىكى سىپرۇس ئارىلى ئىككى دۆلەتكە، يەنى تۈركىيە ۋە گرېتسىيەگە قارايدۇ. بىز تۈركىيە قارمىقىدىكى سىپرۇسقا باردۇق. بۇ يەردە تۈركىيەلىك تىجارەتچى سۇئات گيونسېلنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئېچىلغان خەلقئارا ئۇنىۋېرسىتېت بار. مەزكۇر بىلىم دەرگاھىدا دۇنيانىڭ ھەرخىل دۆلەتلىرىدىن كەلگەن ئوتتۇز مىڭغا يېقىن ئىستۇدېنت بىلىم ئالىدىكەن. ئەنە شۇ سۇئات گيونسېل سەنئەتنى، تەسۋىري سەنئەتنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن. «فوربس» ژۇرنىلىنىڭ تەخمىنى بويىچە، ئۇ دۇنيادىكى يۈز مىلياردېرنىڭ قاتارىغا كىرىدىكەن. بولۇپمۇ رەسساملارنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيدىكەن.



ھاشىمجان، سۇئات ئەپەندىم ۋە ئەخمەت ئەپەندىلەر

ھازىر ئۇنىۋېرسىتېت تېررىتورىيەسىدە تىجارەتچىنىڭ مەبلىغى بىلەن چوڭ مۇزېي سېلىنىۋاتىدۇ. سۇئات گيونسېل شۇ مۇزېيغا كۆپىنچە تۈركىيەلىك خەلقلەر رەسساملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلىماقچى ئىكەن. شۇڭلاشقا ئۇ دائىم تونۇلغان رەسساملارنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن بارلىق شارائىتلارنى يارىتىپ تۇرىدۇ. ھەربىر رەسسامنىڭ يول ھەققى، تاماقى ۋە ياتىقىنى ئۆز زىممىسىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى رەسساملارنىڭ ئىشلەش ۋاستىلىرىنى، يەنى ماي بوياق، قەغەز ۋە باشقىلارنى تەمىنلەپ بېرىدۇ. بۇ يەرگە تەكلىپ قىلىنغان رەسسام پەقەت ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشى لازىم ۋە شۇ يەردە ياراتقان ئەسەرلىرىنى مۇزېيغا قالدۇرىدۇ. سىپرۇسقا بۇنىڭدىن بىرئاز ۋاقىت ئىلگىرى ئۇيغۇر رەسساملىرىدىن نۇرشىدىن باراتوۋ ۋە مۇھەببەت ھېتاخۇنوۋا بارغان ئىدى. بۇ قېتىم قازاقىستاندىن جەمئىي بەش رەسسام، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى ئۇيغۇر رەسسامى، مەن ھەم ھاشىمجان قۇربانوۋ باردۇق. ئون بەش كۈن داۋامىدا پەقەت ئىجاد بىلەن شۇغۇللاندۇق. مەن «ئۇيغۇر كوچىلىرى» ماۋزۇسىدا ئالتە سۈرەت سىزدىم. ھاشىمجان «دەرۋىشلەر» ماۋزۇسىدا سۈرەتلەرنى سىزدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، مەن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 -يىللىرى گرافىكا ژانىرىدا ئىشلەن قىلىنغان ئەسەرلىرىمنىڭ توپلىمىنى ئېلىۋالغان ئىدىم. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەنە شۇ ئەسەرلىرىمنىڭ كۆرگەزمىسىنى ئۆتكۈزدۇم. كۆرگەزمە سەنئەت مەستانىلىرى ئارىسىدا چوڭ قىزىقىش ھاسىل قىلدى. شۇ ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇزېيغا سوغا قىلدىم.

ئون بەش كۈندىن كېيىن بارلىق ئەسەرلىرىمىزنى مۇزېيغا تەنتەنىلىك رەۋىشتە تاپشۇردۇق. ئۇنىڭغا سۇئات گيونسېل ئىشتىراك قىلدى. شۇ تەنتەنىدە ھاشىمجان ئىككىمىز نۇتۇق سۆزلەپ، تۈرك قېرىنداشلارغا مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈردۇق. بۇ يەردە ھاشىمجان قۇربانوۋ مەخسۇس دىپلوم بىلەن مۇكاپاتلاندى. ماڭا بولسا، سىپرۇسنىڭ ئىقتىساد ۋە ئېنېرگېتىكا مىنىستىرى ھاسان تايچى سىپرۇسنىڭ نومۇرلۇق كۈمۈش ئاچقۇچىنى تاپشۇردى. بۇ تەسىس قىلىنغان مۇكاپاتلار ئارىسىدىكى ئەڭ چوڭ مۇكاپاتلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىكەن.

ئېيتماقچىمەنكى، نومۇرلۇق كۈمۈش ئاچقۇچنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە تارىخى بار ئىكەن. ئاچقۇچتا «1571» دېگەن رەقەم يېزىلغان. تارىختىن مەلۇمكى، 1571 -يىلى ئوسمان ئىمپېرىيەسى سىپرۇسنى بوي سۇندۇرغان ئىدى. شۇ ۋاقىتتا سىپرۇسلۇقلار تۈركلەرگە نىكوسىيا شەھىرىنىڭ ئاچقۇچىنى تاپشۇرغان ئىكەن. دېمەك، ئەمدى بۇ ئاچقۇچ ئۇيغۇرلارغا تاپشۇرۇلدى، يەنى «سىپرۇسنىڭ ئىشىكلىرى بىز ئۈچۈن ئوچۇق» دېگەن سۆز.

بىز سىپرۇسقا يەنە تەكلىپ قىلىندۇق. مەن كېلەر يىلى فېۋرالدا، ھاشىمجان مارتلاردا بارىمىز دېگەن پىلانىمىز بار.

– سۇئات گيونسېلنىڭ مەبلىغى ۋە تەشەببۇسى بىلەن سېلىنىۋاتقان مۇزېي قاچان ئېچىلىدۇ؟

– مەن يۇقىرىدا تەكىتلىگىنىمدەك، ئۇنىۋېرسىتېت يېنىدا ناھايىتى چوڭ مۇزېينىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى يۈرگۈزۈلۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭ لايىھەسىنى كۆردۇق.



ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ سۇئات ئەپەندىنىڭ مۇزېيىغا تەقدىم قىلغان ئەسەرلىرى

لايىھە بويىچە بىنا ئالدىدا تۈۋرۈكلەر بولىدىكەن. ھەربىر تۈۋرۈك بىر تۈركىي تىللىق خەلقنى كۆرسىتىدىكەن. ئەنە شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تۈۋرۈكىمۇ بولىدۇ.



ئەخمەت ۋە سۇئات ئەپەندىلەر مۇزېيدا سۆھبەتتە

بۇ يەردە «مىلياردېرغا مۇزېينىڭ نېمە كېرىكى باردۇ؟» دېگەن سوئال تۇغۇلۇشى ئېھتىمال. بىز بىلىمىزكى، دۇنيادىن تالاي ھەددى-ھېسابسىز بايلار ئۆتتى. ئۇنداقلار ھازىرمۇ بار. ئامما ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن نېمە قالدى ياكى قالىدۇ؟ بايلىقنى ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كەتكەن ھېچكىم يوق. بىراق ئىسمى ئەۋلادلار قەلبىدە قالغان بايلارمۇ بار.

مەسىلەن، رۇسىيەدىكى ترېتياكوۋ ياكى مامونتوۋنى ئالايلى. ئۇلارنى پۈتكۈل دۇنيا تونۇيدۇ. سۇئات گيونسېل ئەنە شۇنداق ئىنسان ئىكەن. ئۇ تۈركىيتىللىق خەلقلەرنىڭ ئاسارە ئەتىقىلەرنى ساقلايدىغان مۇزېي بەرپا قىلىشنى قولغا ئاپتۇ. مۇزېيدا تەسۋىري سەنئەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، مەدەنىيەت ئەسىر-ئەتىقىلەرى ساقلىنىدىكەن. مانا ئاخىرقى ئىككى يىل داۋامىدا تونۇلغان رەسساملارنى تەكلىپ قىلىپ، ئىجاد ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ، ئەسەرلەرنى توپلىماقتا. نەتىجىدە تۆت مىڭدىن ئوشۇق ئەسەر يىغىلغان. ھازىر شۇ ئەسەرلەر ئۇنىۋېرسىتېت زاللىرىدا ساقلانماقتا. مۇنداق ئېيتقاندا، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىچى كۆرگەزمە زاللىرىغا ئايلانغان. مۇزېينىڭ قۇرۇلۇشى بۇ يىل ئاياغلىشىدىكەن. ئۇنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئىككى مىڭدىن ئوشۇق مېھمان كېلىدۇ دەپ كۈتۈلمەكتە. بىزنىڭمۇ ئۇنىڭغا قاتنىشىش نىيىتىمىز بار.

سۇئات گيونسېلنىڭ شۇنداقلا ئاپتوموبىللار كوللېكسىيونىمۇ بار ئىكەن. ئۇنىڭ كوللېكسىيونى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئۈچ كوللېكسىيون قاتارىدا تۇرىدىكەن. بىز بۇ قېتىملىق سەپىرىمىز داۋامىدا ئۇنىڭ بىلەن ئىككى-ئۈچ قېتىم ئۇچرىشىپ، سۆھبەتلەشتۇق. ناھايىتى كەمتەر، ئوچۇق ئىنسان ئىكەن. ئۇيغۇرلارنى ياخشى بىلىدىكەن ھەم خەلقىمىزنى ھۆرمەتلەيدىكەن. ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە بىزگە سىپرۇسنىڭ تارىخي جايلىرىنى زىيارەت قىلىش ئىمكانىيىتىمۇ يارىتىپ بەردى. قەدىمىي تىياتىرلار، چېركاۋلار، قەلئەلەرنى، نۇرغۇن تارىخي جايلارنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇق. بۇمۇ بىزنى ئىلھاملاندۇردى، يېڭى تېمىلاردا ئىشلەشكە تۈرتكە بولدى.

– ئەمدى بىريۇسسېلغا بولغان سەپىرىڭىز ھەققىدە ئېيتىپ ئۆتسىڭىز؟

-يۇقىرىدا تەكىتلىگىنىمدەك، ئۆتكەن يىلى مەن euroasian creative ئىجادكارلار ھەيئىتىگە ئەزالىققا قوبۇل قىلىنغان ئىدىم. ئۇنىڭ مەركىزى لوندوندا. رەھبىرى – مۇرات ئاخمېتژانوۋ دېگەن كىشى. مەزكۇر گىلدىيا ھەر يىلى ئەدەبىيات، باللار ئەدەبىياتى، رەسساملىق، تەرجىمە ساھەلىرى بويىچە كونكۇرس ئۆتكۈزىدۇ. شۇ ئاخىرىدا شۇنىڭ يەكۈنىنى چىقىرىدۇ. كونكۇرسقا ئەسەرلەرنى ئىنتېرنېت ئارقىلىق قوبۇل قىلىدۇ. بۇ يىل كونكۇرسنىڭ يەكۈنى بىريۇسسېلدا چىقىرىلدى. دەسلەپكى كۈنى رەسساملارنىڭ كۆرگەزمىسى ئېخرو خەلقئارا كۆرگەزمىسى ئۆتكەن بىنادا بولدى. قازاقىستاندىن قاتناشقانلار كۆپ بولدى. مۇشۇ چارە-تەدبىر دائىرىسىدە ئابايىنىڭ 175 يىللىقىغا بېغىشلانغان خاتىرىلەش پائالىيىتىمۇ ئۆتتى. ئۇلارغا كۆپلىگەن دۆلەتلەر ئەلچىخانىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى. مەنمۇ ئەسەرلىرىمنى نامايەندە قىلدىم. شۇ يەردە ماڭا «خەلقلەر ئارىسىدىكى تىنچلىق، دوستلۇق ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەرنى كۈچەيتىشتە قوشقان تۆھپىسى ئۈچۈن» دېگەن مەخسۇس دىپلوم تەقدىم قىلىندى. قوشۇمچە قىلسام، مۇشۇ چارە-تەدبىرلەر داۋامىدا نۇرغۇن رەسساملار، مېتسېناتلار، ئىجادكارلار بىلەن تونۇشۇش بەختىگە مۇيەسسەر بولدۇم. نۇرغۇن تارىخي جايلارنى زىيارەت قىلدىم ۋە ئۆزۈم ئۈچۈن يېڭى تېمىلارنى تېپىپ، ئىلھاملاندىم. ئەمدى پەقەت ئىشلەش كېرەك.– سۆھبىتىڭىزگە رەھمەت.



# م.ئەلىمباېۋ ۋە س. مەمەتقۇلوۋ شېئىرىيىتى : ئون بىر بوغۇملۇق شېئىرلارنىڭ تەرەققىياتى

شائىرەم باراتوۋا (قازاقىستان)

ئۇيغۇر ۋە قازاق ئەدەبىياتشۇناسلىقىدا س.مەمەتقۇلوۋ ۋە م.ئەلىمباېۋنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرى، ئالەمنى تەسەۋۋۇر قىلىش ھەم ئۇنى شەرھلەش ماھارىتى بۈگۈنكى كۈندە ئىزدىنىش ۋە تەكشۈرۈش ئوبيېكتىغا ئايلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم. جۈملىدىن، بىزمۇ ئۇلارنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدىكى ئون بىر بوغۇملۇق شېئىرلارنىڭ تەرەققىياتى ھەم ئۇنىڭ ئىچكى جەھەتتىن تەكەممۇللىشىنى، يەنى قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىچىلىكلىرىنى يورۇتۇپ كۆرۈشكە تىرىشتۇق. تەتقىقات دائىرىسىگە س.مەمەتقۇلوۋنىڭ «مېھرىم» ۋە م.ئەلىمباېۋنىڭ «كۆڭۈل كۈنى» ناملىق شېئىري توپلاملىرى ئېلىندى.

مەلۇمكى، بارماق ۋەزىن شېئىرىيىتىدە ئون بىر بوغۇملۇق شېئىرلار ئاساسىي ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. ئون بىر بوغۇملۇق شېئىرلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا يېقىنلىقىنى نۇرغۇنلىغان شېئىرىيەت تەتقىقاتچىلىرى تەكىتلەپ ئۆتكەن. ئون بىر بوغۇملۇق شېئىرلار خەلق شادلىقىنى، ئازاب-ئوقۇبەت، قايغۇ-ھەسرىتىنى ئىپادىلەشنىڭ ئاساسلىق ۋاستىسى بولۇپ كەلدى. قەدىمدىن شېئىرىيەتكە ئىخلاس باغلىغان تۈركىي تىللىق خەلقلەر ھەر قانداق ھايات كۆرۈنۈشلىرىنى قوشاققا قېتىپ ئېيتىشقا ئادەتلەنگەن.

بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئون بىر بوغۇملۇق قوشاق، جىر، ئېيتىشىش كەبى ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنىڭ كۆپلەپ يېتىپ كەلگەنلىكى ئېنىق. ئۇلار زامانىۋى ئەدەبىياتتا قەدىمىي دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدە تونۇلۇپ، ھەرتەرەپلىمە ئۆگىنىلدى. نەتىجىدە، ئۆتمۈشنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان بۇ خىل شېئىرىيەت ئەندىزىسى شائىرلار ئىجادىيىتىگە شۇ قەدەر سىڭىپ كەتتىكى، مەزكۇر شېئىرىيەت ئەندىزىسىگە مۇراجىئەت قىلمىغان شائىر يوق دېسەكمۇ بولىدۇ. دېمەك، ئون بىر بوغۇملۇق شېئىر ئەندىزىسى قەدىمدىن تارتىپ كەڭ قوللىنىلىپ كېلىنگەن بولۇپ، تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ئىزچىل داۋاملاشقان. ھازىرمۇ نۇرغۇن شائىرلار مۇشۇ خىل شېئىر ئەندىزىسى بويىچە شېئىر يازماقتا.

باشقا شائىرلارغا ئوخشاش م.ئەلىمباېۋ ۋە س. مەمەتقۇلوۋ ئىجادىيىتىدە ئون بىر بوغۇملۇق شېئىرلار يېتەكچى ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. ئېنىقراق ئېيتقاندا، م. ئەلىمباېۋنىڭ «كۆڭۈل كۈنى» ناملىق شېئىري توپلىمىدىكى 243 شېئىر ئىچىدە 111 شېئىر ئون بىر بوغۇملۇق شېئىر ئەندىزىسىدە يېزىلغان بولۇپ 45.7 % نى ئىگەللەيدۇ. بۇ كۆرسەتكۈچ شائىر س. مەمەتقۇلوۋنىڭ «مېھرىم» ناملىق توپلىمىدىمۇ ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. توپلامدىكى 112 شېئىرنىڭ 56 پارچىسى مەزكۇر شېئىر ئەندىزىسىدە يېزىلغاندۇر (50%). ئەلۋەتتە، بۇنى شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىگە خاس ئالاھىدىلىك سۈپىتىدە قاراش ئارتۇقلۇق قىلىدۇ. چۈنكى، يۇقىرىدا تەكىتلىگىنىمىزدەك، بۇ خىل شېئىر ئەندىزىسى كۆپچىلىك قازاق ۋە ئۇيغۇر شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىگە تەئەللۇقتۇر. دېمەك، ئون بىر بوغۇملۇق شېئىر ئەندىزىسى زامانىۋى بارماق ۋەزىنلىك شېئىر ئىجادىيىتىدە كەڭ قوللىنىشچانلىققا ئىگىدۇر. ئون بىر بوغۇملۇق شېئىر ئەندىزىسىنىڭ مۇنداق ئاممىباباپلىققا ئايلىنىشىنىڭ سەۋەبى نېمىدە؟ ئاكادېمىك ز. ئاخمېتوۋ ئۇنىڭ سىرىنى ئەڭ قىسقا ۋە ئەڭ ئۇزۇن بوغۇملارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ. ئەلۋەتتە، ئون بىر بوغۇملۇق شېئىرلار ئىجادكارلار ئۈچۈن ئىنتايىن قولايلىق ۋە مۇنداق شېئىرلارنىڭ ئوقۇلۇشىمۇ بۆلەكچە گۈزەل بولىدۇ.

يۇقىرىدا تەكىتلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، «كۆڭۈل كۈنى» ناملىق توپلامدىكى ئون بىر بوغۇملۇق شېئىرلار «مېھرىم»دىكى ئون بىر بوغۇملۇق شېئىرلارغا قارىغاندا ئىككى

ھەسسە ئارتتۇق. ئەدىبلەر نىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدىكى ئون بىر بوغۇملۇق شېئىرلارنى سىلىشتۇرۇپ خۇلاسە چىقىرىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن شائىر م. ئەلىمباۋۇ توپلىمىدىن ئەللىك ئالتە ئون بىر بوغۇملۇق شېئىر تاللاپ ئېلىندى.

بۇ شېئىرلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۈچ قىسىملىق 4+4+3، 4+3+4، 3+4+4 كەبى تۇراقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. بۇخىل تۇراقلارنىڭ ئىچكى جەھەتتىن ئۆزگىرىپ تۈرۈشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، مەزكۇر شېئىرلارنىڭ 5+6 (5+3+3) ۋارىيانتىمۇ ئۇچرايدۇ. بايقىشىمىزچە، مىسرالارنىڭ بۇخىل ئۇسۇلدا ئىجاد قىلىنىشى س. مەمەتقۇلوۋ شېئىرىيىتىدە ئاساسى سالماقنى ئىگەللەيدۇ. ئۇيغۇر پوئېزىيەسىدە، بولۇپمۇ، س. مەمەتقۇلوۋ ئىجادىيىتىدە توت بوغۇمدىن ئارتۇق سۆزلەر كۆپ. بىزنىڭ كۆز قارىشىمىز، ئۇيغۇر پوئېزىيەسى ئەرەب شېئىرىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن.

م. ئەلىمباۋۇ ئىجادىيىتىدە «ئاقرغى ئۆلىك»، «دومبىرا»، «قىز ژىبەك-كۆلەش»، «سوناۋ ئۇيدي» كەبى شېئىرلىرى 4+4+3 تۇراق ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان.

ئوتزز ژىل/ قالام تېربىپ/ باتىل كېلىم،
قاشان مېن/ ژازار ئېكېم ئاقرغى ئۆلىك.
قاپىسىن/ ئودا بىر كۆن/ ژىبېرمېس-ئاۋ،
ئاي قاسار/ ئاژال-ژاۋئىز/ ئاقىنمېنىن.
(ئاقىن)

شېئىرنىڭ ئىككىنچى مىسراسىدا بوغۇملارنىڭ سانىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈچىنچى تۇراقتا «ئى» ھەرپىنىڭ ئاجىزلىشىشى سەۋەبىدىن تەلەپپۇزدا «ئاقىرغۆلىك» سۆپىتىدە ئىككى سۆزنىڭ قوشۇلۇپ توقۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىدا تەكىتلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، س. مەمەتقۇلوۋ شېئىرىيىتىدە ئون بىر بوغۇملۇق شېئىرلار ئىككى تۇراقتا بۆلۈنىدۇ: 5+6. بۇ خىل تۇراقتىكى شېئىرلار شائىرنىڭ 46 پارچە شېئىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، ئومۇمىي ئەسەرلەرنىڭ 82.1% پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەزكۇر تۇراقتا ئىجاد قىلىنغان مىسرالار ئۆزگىچە ئاھاڭداشلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنى، ئون بىر بوغۇملۇق شېئىرلارنىڭ باشقا تۇراقلىرىغا قارىغاندا رىتىمى خىلىلا مۇرەككەپتۇر. ئالتە بوغۇمدىن تەركىب تاپقان تۇراقلار ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ.

بوگۈن ھەم غەرق بوپ/ بىر سېھىر سىرغا،
تۇنۇم بىدار، ئويۇم / بىنىشان ئازدى.
قەلبىم – بۇلاق ئۇرغۇپ / تىپەلمەي سىرتقا،
شېئىرنى مەن ئەمەس/ شېئىر مېنى يازدى
ئېھتىمال، بىر نەرسە/ كۆرۈندى ماڭا.
(ئېھتىمال، بىر نەرسە كۆرۈندى ماڭا)

بۇ شېئىرنى ئون بىر بوغۇملۇق شېئىرلارنىڭ باشقا تۇراقلىرىغا (4+3+4، 4+4+3، 3+4+4، 5+3+3) سېلىپ ئوقۇش مۇمكىن ئەمەس. شېئىرنىڭ بىرىنچى، تۆتىنچى، بەشىنچى مىسرالىرى 5+3+3 تۇردىكى رىتىملىق تۇراقتا سېلىنسا، قالغان مىسرالارنى بۇخىل رىتىمدا ئوقۇش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بىرىنچى تۇرىغىدا ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىشى سەۋەبىدىن، شېئىر رىتىمى ئۆزگىرىدۇ. يەنى، مىسرالار ئۆزلۈكىدىن 5+6 بولغان تۇراق رىتىمىغا چۈشىدۇ. ئالتە بوغۇمنى بىر تۇراققا سىغدۇرۇپ ئوقۇشنىڭ ئۆزى ئالاھىدە دىققەتنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى ئېنىق. بۇخىل رىتىم ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بىر قىسىم شائىرلار ئىجادىيىتىگە خىلىلا سىڭىپ قالغان.

س. مەمەتقۇلوۋ شېئىرلىرى بىلەن تونۇشقىنىمىزدا بۇ مۇرەككەپ شەكىل ئاساسىدا مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى يورۇتۇشقا، پەلسەپەۋى ئوي-تەپەككۇرنى قاچىلاشقا قولايلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. س. مەمەتقۇلوۋ ئىجادىيىتىدە 6+5 ئۆلچىمىنىڭ 5+3+3 ۋارىيانتىمۇ ئۇچرايدۇ (5.4 % ). مەزكۇر شېئىرلار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۇراقلاردىن ئۆزگىچە بولۇپ، ئالاھىدە ئاھاڭدارلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

دولقۇنى / ئۇسسۇلچى / قىزلاردەك چاقنان،
پىر ئېتىپ، / بىر جايدا / ئويناپ، پىرقىراپ.
جۇڭغاردىن / قاچقاندەك / شوخ سۈيى ئاققان،
باردۇ / تۆۋەنگە / قاڭقىپ، غىرقىراپ.
(ئۆسەكتە)

شېئىرنى شۇنداقلا، 6+5 بولغان تۇراقنىڭ رىتىمغا سېلىپ ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ، لېكىن 5+3+3 تۈردىكى بۆلەكلەرگە بۆلگەندە رىتىمدا مەلۇم دەرىجىدە ئېنىقلىق ھەم يېنىكلىك پەيدا بولىدۇ .

نۆۋەتتە 3+4+4 تۇراقلىنىش ئاساسىدا يېزىلغان شېئىرلار ھەر ئىككى شائىر ئىجادىيىتىدە مەلۇم سالماقنى ئىگەللەيدۇ. قەدىمىي دەۋردە قازاق پوئېزىيەسىدە ئون بىر بوغۇملۇق شېئىرلارنىڭ 4+4+3 ۋە 4+3+4 تۇراقلىرى كۆپرەك، 3+4+4 بولغان تۈرى ئاز قوللىنىلغان. جۇملىدىن، ئاكادېمىك ق. ژىمالىبۇچە ئېيتقاندەك «باش تۇرىقى تۆت بوغۇملۇق» بولغان بۇخىل شېئىرلارنىڭ (3+4+4) بوغۇم سانى تۇراقلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

ئاخىرقى تۇراقنىڭ ئىلگىرىكى تۇراقلاردىن بوغۇم سانى جەھەتتىن تۆۋەن بولۇشى شېئىرنىڭ ئوقۇلۇش رىتىمىنى يېنىكلەشتۈرىدىغانلىقى ئېنىق.

بىربۆلىردىك / ئۇسالدىغىن / كۆرىم دي،
ئاغا، سىنىڭ / مىقتىلىغىڭدى / ئېسكى ئالام.
ئۆلگىڭ ئېكىن / ژىلدىزىمداي / تۆبىمدي،
ئەتتىڭ غانا كىش جىقتىم-ئاۋ… / كىش ماغان.

بۇ تۇراقلىنىش ئاساسىدا يېزىلغان شېئىرلار س.مەمەتقۇلوۋ ئىجادىيىتىدىمۇ ئۇچرايدۇ (12.5%).

ياق، مەن ئەمدى / چىقماي باشقا / ئۆزنىتېپ،
پىراق -يېقىن / يولغا سېنى، / يېقىنلار،
خۇش كېلىڭلار، / سىلەر ماڭا / يول تۇتۇپ،
كەتمەس بولۇپ، / قايتماس بولۇپ / كېلىڭلار.

(كەتمەس بولۇپ كېلىڭلار ماڭا)

ھەر بىر مىسرا ئون بىر بوغۇم ئاساسىدا قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئامما، ئۇلار بۆلەكچە ئاھاڭدارلىققا ئىگە. بۇ تۈپتىكى شېئىرلار رىتىملىق بولۇپ، قىلىپقا تېز چۈشىدۇ. بىزنىڭ كۆز قارىشىمىزچە، ئۇنىڭ سەۋەبى، ھەر بىر تۇراقتىكى بوغۇملارنىڭ سانىغا باغلىق بولسا كېرەك. يەنى، تۇراقنىڭ ئىككى بۆلىكىدە 4 بوغۇم تەكرارلىنىپ كېلىپ، ئۈچىنچى بۆلىكىنىڭ 3 بوغۇم بىلەن ئاياقلىشىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

س. مەمەتقۇلوۋ توپلىمىدا ئون بىر بوغۇملۇق شېئىرلار پەقەت 5+6، 5+3+3، 3+4+4 قاتارلىق ئۈچ تۇراقتا ئۇچرايدۇ . شائىر كۆپىنچە شېئىرلىرىدا ئەنئەنىۋى ئۆلچەمدىن چەتنىگەن ھالدا ئۆزىگە خاس رىتىم ياراتقان.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە 3+4+4=4+4+3، 4+3+4=4+4+3 تۇراقلىق شېئىرلارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مۇنداق ئارىلاشما تۇراقتا ئىجاد قىلىنغان شېئىرلار پەقەت م. ئەلىمباېۋ توپلىمىدا ئۇچرايدۇ. بۇخىل شېئىرلارنى ئالىم ق. ژجمالىېۋ «باش تۇرىقى بىردەك ئەمەس شېئىر» دېگەن نام بىلەن ئاتاپ، پىكرىنى تۆۋەندىكىچە خۇلاسىلەيدۇ: «بۇ خىل شېئىرنى ئوقۇغىنىمىزدا بايقالمايدۇ. تۇراقلىرىنىڭ ئارىلاش بوغۇمدا كېلىشى پەقەت ناخشا قىلىپ ئېيتقاندىلا ئېنىقلىنىدۇ». ئالىم مەزكۇر رىتىملىق شېئىرلارنى ئاھاڭغا سالغىلى بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. دەرھەقىقەت، مىسرالىرى ھەرخىل تۇراقتىن تەركىب تاپقان شېئىرنى ئاھاڭغا سېلىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇلارنىڭ رىتىمى خىلمۇ-خىل. ۋاھالەنكى، ئاھاڭغا سېلىنىشى ئۈچۈن شېئىر رىتىمىنىڭ بىر خىللىقىنىڭ تەلەپ قىلىدىغانلىقى ئېنىق.

م. ئەلىمباېۋ ۋە س.مەمەتقۇلوۋلار قەلىمىگە مەنسۇپ ئون بىر بوغۇملۇق شېئىرلار مەزمۇنى ھەم شەكلى جەھەتتىن بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ. ھەر ئىككى شائىر پەلسەپىۋى تەپەككۇرنى مەزكۇر شېئىر ئەندىزىسىدە ئىپادىلەشكە تىرىشقان.

شۇنداقلا م. ئەلىمباېۋنىڭ «ناز»، «قىز ژىبېك–كۆلەش» ھەم س. مەمەتقۇلوۋ قەلىمىگە مەنسۇپ «مەيلى، گۈل ئۈزۈلسۇن»، «خەت كەلدى»، «ساتىراش قىز» «تېلېۋىزور» كەبى ئون بىر بوغۇملۇق شېئىرلاردا لىرىك ھېسسىيات ئوچۇق ئىپادىلىنىدۇ.

ژۈرسىڭ بې / ژالغىز شىغىپ / قىر باسىنا
قولىڭا / گۈل ئالدىڭىبا / سىرلاسۇغا؟!
ئاسىغا / تاڭدى كۈتكېن / نازىن شېرتىپ،
بجلبجلما / سىرلاسىڭ دا، / مجڭداسىڭداپ

(ناز)

– سۆز ئېيتماي، گۈل ئۈزدىڭ – / دەپ كۈلۈپ تۇردۇم.
بىر ياشناپ ماڭا تىنك / باقتىڭ شۇ ۋاقتا.
كۆزلىرىڭ تىل قاتتى: – / مەيلى، گۈل ئۈزۈلسۇن،
ئۈمىد ئۈزۈلمىسۇن، / ئۈمىد ... بىراقتا

(مەيلى گۈل ئۈزۈلسۇن)

س. مەمەتقۇلوۋ ئىجادىيىتىدە، تەبىئەت مەنزىرىسىنى ماھىرانە تەسۋىرلىشى ھەم ئۇنى ئىنسان ھاياتى بىلەن باغلىشى مەزكۇر ئەندىزىدىكى ئون بىر بوغۇملۇق شېئىرلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇخىل شەكىلگە شائىرنىڭ «مەن ھاۋا بولسام»، «ماڭا قىش ياقىدۇ»، «بۇلۇت ۋە مەن»، «باغدا» كەبى شېئىرلىرى مىسال بولالايدۇ.

... ماڭا قىش ياقىدۇ. بىراق ئۇ دىلدا،
بىر ئارزۇ ئويغىتار ئىشق ئوتى كەبى: –
تەبىئەت ، قىش ئوخشاش تەكشى ئاق بولسا،
ئاق بولسا مۇشۇنداق بار ئادەم قەلبى!

(ماڭا قىش ياقىدۇ)

م.ئەلىمباېۋ ۋە س. مەمەتقۇلوۋ – دوستلۇق كۈيچىلىرى. ھەر ئىككى شائىر مىللەتلەر ئارا دوستلۇقنى، قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەتنى «دوستىق داستىرقانىندا» (م.ئەلىمباېۋ) «موسكۋا دەپتىرىدىن» (س.مەمەتقۇلوۋ) ناملىق ئەسەرلىرىدە كۈيلەپ ئۆتىدۇ.

شائىرلار ئىجادىيىتىدە ئانا ۋەتەن تېمىسىمۇ ئاساسەن مەزكۇر شېئىر ئەندىزىسىدە يورۇتۇلغان. م. ئەلىمباېۋ «كۆگىنىپ كۈن ئاۋمايتىن قازاقستان» «دومبىرا»، «قىز ژىبېك–كۆلەش»، «سوناۋ ئۈيدې»، «ئېرتىسكې» كەبى شېئىرلىرىدا مۇستەقىل قازاقستاننىڭ بۈگۈنكى تەرەققىيات يولىنى ھەم شات-شادىمان خەلقىنى كۈيلەنسە، س. مەمەتقۇلوۋ «تۈگىمەس ئوي» ناملىق شېئىرىدا ئەركىنلىككە تەشنا ئانا دىيارى، مىليونلىغان خەلقىنىڭ ھەسرەتلىك نىداسى ئەكس ئېتىلىدۇ. شۇندىمۇ، كېلەچەككە ئىشەنچ باغلىغان شائىر ئۆز خەلقىگە تۆۋەندىكى مىسرالار ئارقىلىق ئۈمىد بېغىشلايدۇ:

بار بول! بولمىسۇن / ھېچ نائۈمىد قەلبىڭ،
مانا، ھېلى ئاتار / ئاق تېڭىڭنى كۈت.
مەن ئۈزەلمىگەندەك / ئۈمىدنى سەندىن،
سەن كېلەچەكتىن / ئۈزمىگىن ئۈمىد.

س.مەمەتقۇلوۋنىڭ «مەرەمخانوۋىچ»، «ياغاچ نان» كەبى شېئىرلىرىدا ئۇرۇشنىڭ ئۆچمەس ئىزى ۋەقەلىك ئاساسىدا تەسۋىرلىنىدۇ. شائىرنىڭ «مەرەمخانوۋىچ» شېئىرى بىلەن م.ئەلىمباېۋنىڭ «مەكىل ئانا ئەجىلى » ناملىق ئەسىرى قۇرۇلما جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى، مەزمۇن ۋە ئىدىيە جەھەتتىنمۇ بىر-بىرىگە يېقىن. ھەر ئىككى ئەسەردە ئانىنىڭ جەسۇر ھەم سۇناس ئىرادىسى ۋەقەلىك بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ.

ئەدىبلەرنىڭ شېئىري توپلاملىرىدا سوتسىيالىستىك ئىدىيە مەدھىيەلەنگەن قىممىتى تۆۋەن شېئىرلامۇ ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل تېمىلارغا مۇراجىئەت قىلىشىنى شۇ دەۋرنىڭ تەلىپى دەپ بىلسەك، ئەلۋەتتە، بۇ ئەسەرلەر شائىرلار ئىجادىغا سەلبىي تەسىر يەتكۈزمەيدۇ دەپ ئويلايمىز.

م.ئەلىمباېۋ ۋە س.مەمەتقۇلوۋ پىروزا ژانىرىدا قەلەم تەۋرىتىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئەڭ ئالدى بىلەن بىز ئۇلارنى شائىر سۈپىتىدە تونۇشىمىز لازىم.

ئەدىبلەرنىڭ ئون بىر بوغۇملۇق شېئىرلىرى قازاق ۋە ئۇيغۇر بارماق ۋەزىن شېئىرىيىتىدىكى ئەنئەنىۋىي تەرەققىياتنىڭ بىر بەلگىسىدۇر.

# ئىككى شېئىر

ئاشىق ۋەيسەل (تۈركىيە)

## دوستلار مېنى ئەسلەپ تۇرسۇن

مەن كىتەرمەن، ئېتىم قالۇر،
دوستلار مېنى ئەسلەپ تۇرسۇن
تويلاردا ھەم بايراملاردا،
دوستلار مېنى ئەسلەپ تۇرسۇن

جان قەپەزدە تۇرماس، ئۇچار،
دۇنيا ئۆتەڭ، قونغان كۆچەر،
ئاي قوغلىشىپ يىللار كېچەر
دوستلار مېنى ئەسلەپ تۇرسۇن

جان بەدەندىن ئايرىلغاندا
ئوچاق يانماس، تۇرخۇن ئىسسىز،
سالام بولسۇن قۇچاق-قۇچاق،
دوستلار مېنى ئەسلەپ تۇرسۇن

كەلدىم -كەتسەم پىشمانىم يوق
كۈندىن كۈنگە ئارتتى دەردىم
غېرىپ قالۇر ۋەتەن يۇرتۇم
دوستلار مېنى ئەسلەپ تۇرسۇن

ئاچار، ئۆلۈر، نۇرغۇن گۈللەر
كىملەر كۈلدى، كىم كۈلىدۇ
مۇراد يالغان، ئۆلۈم ھەقتۇر
دوستلار مېنى ئەسلەپ تۇرسۇن

كۈن پېشىن ۋە نامازشامدا،
كۆرگىن باشقا نەلەر كىلۇر
ۋەيسەل كىتەر، ئېتى قالۇر
دوستلار مېنى ئەسلەپ تۇرسۇن

## ئالدانما

ئالدانما جاھىلنىڭ قۇرۇق سۆزىگە
كۈلتۈرسىز ئىنساننىڭ كۈلى يالغاندۇر
بولسىمۇ ھۆكۈمدار پۈتۈن دۇنياغا
ئارزۇيى، ئارمىنى، يولى يالغاندۇر

قار سۈيىدىن سۈزۈلگەن بۇلاق كۆل بولماس
گۈل تىكەنسىز ئۈنەلمەس، تىكەن گۈل بولماس
ۋىزىلدىسا ھەر چىۋىن، ھەسەل بېرەلمەس
ئۇۋىسىز ھەرىنىڭ ھەسلى يالغان

ئىنسان بىر دەريادۇر، ئىلمى بىلەن
ئىلىمسىز ئىنساننىڭ شۆھرىتى ئاشكار
جاھىلدىن ياخشىلىق كۈتۈلمەس ئەسلا
ھەر ئىشى، ھەرىكەت-ئەمەلى يالغان

جاھىل ئوقۇر، ئەمما ئالىم بولالماس
كەمالەت ئىلمىگە ھەممە يېتەلمەس
ۋەيسەل بۇ سۆزلەرىڭ خەلققە يارىماس
ۋە ساڭا دەرلەركى، قىپقىزىل يالغان.

تۈركچىدىن رەنا ئايبالا ياشار ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (نورۋېگىيە)

# قۇياشقا قاراپ كېتىپ بارىمەن

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن (ئەنگلىيە)

زېمىن بىلەن بوشلۇق ئارىلىقىدا
خۇددى پەرۋانە دىرامىسىغا ئوخشاش
ئۆكسۈگەن ئارمىنىمنى ئۆزۈم بىلەن ئېلىپ
قەدەملىرىمنى ئېغىر بېسىپ
ئويچان كۆزلىرىمنى
زېمىن بىلەن ئېگىز چوققىلار سۆيۈشىدىغان
ئۇپۇقلارغا تىكىپ
قۇياشقا يېقىنلىشاي دەپ كېتىپ بارىمەن.

ئەنە، ھەر يىلى تومۇزدا گۈلخان بولۇپ كۆيۈپلا تۇرىدىغان
ماڭا ئوخشاش
كالىفورنىيەنىڭ پەرۋانە ئورمانلىرى كۆرۈندى.
خورلۇقنىڭ ئالەمگە پاتماس قىساسى بولۇپ
قەلبىمگە چىگىلىپ كەتكەن غەلىيان يېپى
ئۈچ قىتئە
ئىككى ئوكيان ئارىسىغا سوزۇلدى ...

ئەسلىدىنلا بۇ زېمىن كەڭ ئىدى
ھەممە ئادەملەر سىغىپ ياشايتتى.
ئەمما بۈگۈن مېنىڭ ئېلىم
ئاتا -بوۋىسى ياشاپ كەلگەن
ئۆزى تۇغۇلغان زېمىنىغا سىغمىدى.

مەن دۇنيادا
پەقەتلا ئۆز خەلقىمدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىمەن
مەن سېغىنىش مۇساپىسىنى ئەزەلدىن ئۆلچىمىگەن
چۈنكى ئۇ قەلبىمىزگە ئابىدە بولۇپ تۇرەلگەن.
زېمىنىنىڭ سېخىيلىقى بىزگە گۇۋاھ
چۈنكى بۇ يەردە كۈن چىقسا
كېچە ئۇيغۇر ئاسمىنىغا ئاي تۇغىدۇ.

بىلىمەن
كۆيۈشنىڭ ئازابىمۇ بىزگە راھەت
جەنۇبنىڭ چۆللىرى
تەكلىماكانغا ئوخشاش ئىسسىق دەپ ئويلايمەن.
شۇڭا شۇ تەرەپكە قاراپ كېتىپ بارىمەن.

تۈنۈگۈن كېچە چۈشۈمدە بوۋامنى –
يۇرتۇمنى كۆردۈم ....
مەن كىچىك بىر بالا ئىدىم
تاڭ سەھەردە ئوتۇنغا مېڭىپتىمىز
بىزنىڭ يۈز-كۆزلىرىمىزگە
يانتۇردىكى توپا يولدا چاڭ توزان قونغاندەك
ئاپئاق قىرۇۋ قونۇپتۇ.
يەنە شۇ ھېلىقى ئۇنتۇلماس كەچمىش
ئەلكۈننىڭ قەلبىدە ئوت بولۇپ يېنىپتۇ!

مەن قۇياشقا قاراپ كېتىپ بارىمەن
ئەمما ھەر كۈنى بىر ياش قېرىپ كېتىپ بارىمەن
چۈنكى يۈرىكىمدىكى كۈيۈك يېشى
قىزىمنىڭ يېشىدىنمۇ ھالقىپ كەتتى
يىغان زەرداب بولۇپ
قانغا ئايلىنىپ كەتتى
پاختىدىنمۇ يۇمشاق بۇ يۈرەككە
چەك -چېكىدىن
دەز –
كەتتى !
كەتتى !

مەن قۇياشقا يېقىنلىشاي دەپ
ئوتنىڭ تېشىدا بولسىمۇ بىر كۆيۈۋالاي دەپ
مەن جەنۇبقا قاراپ كېتىپ بارىمەن.

2019 - يىلى 8 -مارت، كالىفورنىيە

*ئادالەتلىك بەگ ئېنىقكى سائادەتلىك كىشىدۇر، سائادىتى ئارقىلىق ھەممىگە (ئۆز) ئۈلۈشىنى بېرەلەيدۇ.*

«يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى

# داۋاملىق

رىياد سالىھ ھۈسەيىن (سۈرىيە)

مەن بىر ياۋايى
قەدىمقى ئەسىرلەردىن كەلگەن
قوغدايمەن سىنى
ئۆتكۈر تىرناق، يىرتقۇچ چىشلاردىن

مەن ئورماندىكى يارىدار ھايۋان
كەل، سىلاپ قوي بارماقلىرىڭنىڭ ئۇچىدا جاراھىتىمنى

مەن ھارغىن بىر چېچەك
يىراق ئورماندا
جىمجىت ئىلگىرىلەپ ئۇخلاپ قالىمەن سىنىڭ باغرىڭدا

مەن بىر گۇناھكار
كۆرگىنىڭدەك سوزدۇم قولۇمنى
تىلەپ سىنىڭ مەغپىرىتىڭنى

مەن دەرسلىرىمنى ئەستە تۇتالمىغان بالا
كەلگىنە، ئۈگەتكىن ماڭا
يەتتە ئالما ۋە ئاپلىسىننى قانداق توپلاشنى

مەۋجۇت بۇ يەردە بىرلا ھەقىقەت
ئاستا- ئاستا تونۇدۇم ئۇنى
سۆيگۈم ئۇ مىنىڭ

بۇ تار دۇنيا سىغدۇرماس ئۇنى

قۇش بولسا ئىدى مىنىڭ بۇ سۆيگۈم
سىغدۇرارمىدى ئاسمانلار ئۇنى؟
بېلىق بولسا ئىدى مىنىڭ بۇ سۆيگۈم
سىغدۇرارمىدى دېڭىزلار ئۇنى؟
دەرەخ بولسا ئىدى مىنىڭ بۇ سۆيگۈم
سىغدۇرارمىدى داللار ئۇنى؟

بىلىمەن، سۆيگۈ
پىياز گۈلىدەك ئاددىي
باھار يامغۇرىدەك قولاي
كۆك ئاسماندەك روشەن
لېكىن مىنىڭ سوراپ باققۇم بار:
نېچۈن قورقار نۇرغۇن ئادەملەر
پىياز گۈلىدىن
باھار يامغۇرىدىن
كۆپكۆك ئاسماندىن
كەلگىنە، كۆمۈپ چىقايلى
بۇ دۇنيانىڭ قىراۋلىرىغا
سۆيۈشنىڭ بومبىلىرىنى

ئەرەبچىدىن ئەركان تەرجىمىسى (تۈركىيە)

# ئاۋاز ۋە قامچا

مەھمۇد دەرۋىش (پەلەستىن)

بىر يۇلتۇزۇم بولغان بولسا
يانچۇقۇمغا سولاپ قويۇپ چېقىنلارنى
ئۆچۈرەتتىم بۇلۇتلارنى.

دېڭىزدا يەلكەنلىرىم بولغان بولسا
ئالقىنىمدا تۇتۇپ دولقۇن ھەم بورانلارنى
ئۇخلىتاتتىم شىددەتلىك ئېقىنلارنى.

بىر شوتام بولغان بولسا
تىكەر ئىدىم قۇياش ئۈستىگە
خاراب زېمىندا تىتىلىپ كەتكەن بايرىقىمنى.

بىر ئېتىم بولغان بولسا
چۇلۇۋۇرىنى قويۇۋېتىپ ئۇنىڭ
يۈگەنلەيتتىم شامالالارنى دۆڭلۈكلەرگە ھەيدەپ ماڭغاننى.

بىر پارچە ئېتىزىم ۋە ساپىنىم بولغان بولسا
تىكەتتىم يۈرەك ۋە شېئىرلارنى
تۇپراقنىڭ قارنىغا.

بىر بەربابىم بولغان بولسا
توشقۇزۇپ مۇڭلۇق سوئاللارغا سۈكۈتنى

تىنچلاندۇرار ئىدىم دوستلارنى.

بىر پۈتۈم بولغان بولسا
ماڭار ئىدىم تاكى ئۆلگىچە
بىر ئورماندىن باشقا ئورمانغا...
بىرەر نەرسەم بولغان بولسا
ھەتتا كىرىستىتىمۇ مىنىڭ ئەمەس
مەنمۇ ئۇنىڭغا تەۋە
ئازابلىقا قەدەر!

-نىمە قالدى ئەي مەھكۇم؟
يەنە چوقۇم يىپىلار كىچە...
ۋە توۋلايسەن: قورقمايمەن؟!

خانىملار- جانابلار
ئەي نەيزە ئۇچىدا كۆتۈرۈلگەنلەر
پاچاقلار ۋە بويۇنلار كىسىلەر
-خالىساڭلار- يۈرەكمۇ ئۆچۈرۈلەر

ھەممە بۇلۇت...
پۈتلىرىڭلارنىڭ ئۇستىدە مىڭىشار
كۆزلەر قۇيۇلار، دوڭلۇكلەر
سىلەر ئۇنى چاقىرغاندا گۈمۈرۈلۈپ چۈشەر
تۇپراقتا تۇزلانغان قىنىم!
ئۇزۇملىرىڭلار قۇرىسا
شارابقا ئايلىنار!
نىل دەرياسى فۇرات دەرياسىغا قۇيىلار
ئەگەر خالىساڭلار، ھەممە قاغا
ئاخشاملىرى بىر يىگىت، خالىساڭلارلا...

لېكىن ئۇنىڭ چىقار ھامان بىر كۈنى:
مەن قورقمايمەن!
قامچىلاڭلار قوللۇڭلاردىن كەلسە
يۈگۈرۈڭلار ئەكس سادانىڭ ئارقىسىدىن
تۇۋلىيالىسىلا: مەن قورقمايمەن!

ئەرەبچىدىن ئەركان تەرجىمىسى (تۈركىيە)

## سەن ، سەن ، سەن

ياۋۇز بۈلەنت باقىلەر (تۈركىيە)

بىر تاغ چوققىسى يالغۇزلۇقنى ياشاۋاتىمەن قايتىدىن
تاغ چوققىسى تەنھالىقى ئۆلۈمدىن بەتتەر
ھېچكىشى ئىزدىمىسىمۇ سورىمىسىمۇ مېنى
سەن كەلسەڭ يېتەر ....

ھۇزۇر- قوللىرىڭنىڭ گۈزەللىلىدۇر
كۆزلىرىڭ ئالدىمدا شادلىق دىڭىزى
ھەر سەھەر داستىخىنىمىزدا نېنىمىزنى
سەن ئۇشۇتساڭ يېتەر

يۈرىكىم سەن بىلەن سالقىن يايلاقلاردەك
نە بىر سىزىق ھەسرەت،نە بىر چېكىت غەم
كۆزلىرىمگە ھەر ئاخشام يايلاق تۇماندەك
سەن تولساڭ يېتەر.

مەندە چارىسىزلىك مەڭگۈ يېشىلمەس تۈگۈن
مەندە سەبىر ,سەندە ناز
ۋازكەچتىم كۈندۈزۈڭدىن چۈشلىرىمدە بىرئاز
تويلۇقۇڭ مەن بولسام يېتەر

ھېچكىشى تۇيمىسىمۇ شائىرانە كۆڭلۈمنىڭ
سەندە قارار تاپقىنىنى
ۋە ئىچىمنىڭ پارچە پارچە يىرىلغىنىنى
سەن بىلسەڭ يېتەر

بىركۈن ئاڭلىساڭ ئاخىر تۈگەشكەنلىكىمنى
ئۇزاقلاردىن چىقىپ كەلسەڭ ئۆركۈگەن ھالدا
ئۇستۇمگە بىر نازۇك تالدەك تىترىگەن پېتى
سەن ئېگىلسەڭ يېتەر

تۈركچىدىن ئىمران سادائى تەرجىمىسى (تۈركىيە)

# مېنى كىم ھېچكىشى دەيدۇ...

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد

**1**

خۇدا، سەن رىغبەت بەر، خىزمەتكە مەن تەييار،
قۇياشتىن بىر بەت بەر، زۇلمەتكە مەن تەييار.
ئۆلۈمگە ئاتلىناي، ھەر چاغ ھايات بولسام،
جېنىمغا پۇرسەت بەر، جەسەتكە مەن تەييار.
زېمىندا نە شەرەپ، تۇرسا ۋەتەن دىلدا،
ماڭا مۇھەببەت بەر، نەپرەتكە مەن تەييار.
ئەگەر قان يىغلىسام، قان دەپ يەنە يىغلاي،
ئىشقتىن بىر دەرد بەر، ھەسرەتكە مەن تەييار.
مېنى ھەر كويغا سال، بىر كويغا مەن ئەرزان،
دىلىمغا راھەت بەر، تائەتكە مەن تەييار.

**2**

مېنى كىم دەيدۇ قانداق، مەن بولاي شۇنداق.
ئۆزۈمگە شۇ سىياقىمدا تولاي شۇنداق.
ئەرشتىن ئاسمىنىم پەسكە ئېگىلگەندە
سامانىڭ شاخىغا قۇشتەك قوناي شۇنداق.
كىرىپ يار قەلبىگە زۇلمەت دېرىزەمدىن،
ئۆزۈمنىڭ قەبرىسىنى مەن قازاي شۇنداق.
قەلەندەر خۇرجۇنىدىن مەن چۈشۈپ قالسام،
باھاسىز دۇر- گۆھەر ئىچرە ياناي شۇنداق.
مەگەر كىم ئېيتسا : ئاشقلىق ئۇزۇن يولدۇر،
بۇ يولدا تا ئەبەد يالغۇز ماڭاي شۇنداق.

**3**

كېلەي دەپ كەلمىگەن يارغا قەسەم بولسۇن،
كېلەرگە خۇش مۇبارەك بىر قەدەم بولسۇن.
مۇھەببەت بايرىقى يىرتىق يۈرەك بولسا،
يۈرەككە تا ئەبەد نالە- ئەلەم بولسۇن.
تېشىپ تاغ كەلسە پەرھاتقا شېرىن ۋەسلى،
غېرىبقا چۆل- باياۋانلار سەنەم بولسۇن.
مەگەر يار قەبرىسى بولسا كىشى قەلبى،
تېنى يار ئۇخلىغان خانە- ھەرەم بولسۇن.
خوجا، تاك ئاتقىلى سەندە قۇياش پاتتى،
قولۇڭدا ھەر زامان ئويغاق قەلەم بولسۇن.

**4**

مېنى كىم ھېچكىشى دەيدۇ، كىشى تۇرسام،
كىشىنىڭ ھالىغا ھال، دىلكىشى تۇرسام؟
مېنى كىم دەيدۇ ھېچكىم ، مەن كىچە- كۈندۈز
پىراق ئىچرە بىر كىمنىڭ سىردىشى تۇرسام؟
مېنى كىم كۈلدى دەپ غەم بىرلە يىغلايدۇ،
ئەزەلدىن كۈلكىنىڭ مەن كۆز يېشى تۇرسام؟
مېنى كىم ئۆلدى دەپ، غايىب قىلۇر بولدى،
ھاياتنىڭ ئاخىرى ھەمدە بېشى تۇرسام؟
سۆزۈم شۇ: مەن قىلاي قانداق ياشاپ مىڭ يىل،
ھامان بىر بەندىنىڭ ئۆلمەك ئىشى تۇرسام؟!

**5**

خۇدا ئادەمنى ئادەمدىن يىراق قىلدى،
ئارادا يولنى ئاھ، بەكمۇ ئۇزاق قىلدى.
شاراب دەپ لەۋگە لەۋ كەلسە، بېرىپ جامنى
ئۇنىڭدا لىپمۇ- لىق ئاتەش پىراق قىلدى.
بىرىنى گۈلدىكى چۆلدە خازان ئەيلەپ،
بېرىنى تاڭدىكى تۈندە چىراغ قىلدى.
ھاياتتىن بىر ئىشىك ئاچتى كېلۇر يار دەپ،
ئىشىكنىڭ ئالدىدا جاننى قاراق قىلدى.
خوجا ھەم ئۆرتىنەر نەپسى ھەۋا بىرلە،
خۇدا ئول ئوتتا ئادەمنى سىناق قىلدى.

ئادالەت ۋە قانۇن ئاسماننىڭ تۈۋرۈكىدۇر. تۈۋرۈك قىڭغايسا ئاسمان ئۆرە تۇرالمايدۇ.

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابدىن ئېلىندى

# ئىككى شېئىر

ئابلىكىمجام سابىت ئوغلان

## ئىزچىلار بار

ئىلىم ئال دەپ بۇيرۇق قىلغان ئۇلۇغ ئاللاھ،
ئىلىم بىلەن زەپەر قۇچقان نەبىيۇللا.
ئىلىم نۇردۇر، ئىلىم يولدۇر جەننەتلەرگە،
بۇ بۇيرۇقنى يەتكۈزگۈچى ئىزچىلار بار.

پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسىدۇر ئىلىم ئالغان،
جاھالەتنىڭ جەندىسىدۇر نادان قالغان.
ئىلىم بىلەن نىجات باردۇر دېگەن قۇرئان،
بۇ ھۆكۈمگە ئەگەشكۈچى ئىزچىلار بار.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىز باسارى،
يۈسۈپ خاس ۋە نەۋائىينىڭ ئۈمىدۋارى.
ئۇيغۇرلارنىڭ كېلەچىكى - ئىستىقبالى،
بولۇش ئۈچۈن قەدەم ئالغان ئىزچىلار بار.

تەجەللى ۋە كاشغەرىيدەك ئالىملارنىڭ،
ئابدۇلقادىر داموللامدەك پازىللارنىڭ.
ئابدۇلھېكىم مەخسۇم كەبى ئاقىللارنىڭ،
ۋولقان كەبى ئىز باسارى ئىزچىلار بار.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كەبى ئەلنى سۆيگەن،
ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر كەبى پەنگە كۆيگەن.
كىتاب بىلەن نىجاتلىقنى تونۇپ يەتكەن،
ئۇيغۇرۇمنى ئويغاتقۇچى ئىزچىلار بار.

سابىت كەبى كۆك بايراقنى مىراس قىلغان،
سالىھ كەبى ھەدىيەسى تەرجىمە قۇرئان.
ئابدۇلھېكىم مەخسۇمدىن ئۆرنەك ئالغان،
بۇ مىللەتنى قۇتقۇزۇشقا ئىزچىلار بار.

كېچە - كۈندۈز ئەل غېمىدە ئۇخلىيالماس،
ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسىگە كۆز يۇمالماس.
مىللىتىنى ئويلىماستىن نەپەس ئالماس،
مىللەت ئۈچۈن پىدا بولغان ئىزچىلار بار.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئاسان قىلسۇن ئىشلىرىنى،
توسالغۇسىز راۋان قىلسۇن خىزمىتىنى.
چۈنكى ئۇيغۇر بىلىپ يەتتى قىممىتىنى،
دۇئالارغا بەكمۇ لايىق ئىزچىلار بار .

## ۋەتەنسىزنى بىچارە دەڭلار

ۋەتەنسىزلەر ئەنسىز ياشايدۇ،
بوينى قىسىق كەمسۆز ياشايدۇ.
ئازابىنى مەخلۇق بىلمەيدۇ،
ۋەتەنسىزنى بىچارە دەڭلار.

نەگە بارسا ئىزىلدى جېنى
مۇسادىرە قىلىندى مېلى.
ھالال بولدى ھەركىمگە قېنى،
ۋەتەنسىزنى بىچارە دەڭلار.

توغرا تۇرۇپ يېگىنى توقماق،
خىيالدا ئۆزگىدىن قورقماق.
تېپىلماس ھېچ ئۇنۇڭدەك ئەخمەق،
ۋەتەنسىزنى بىچارە دەڭلار.

نە بىر بايرامدا ۋەياكى تويدا،
كۈلەلمەيدۇ مىڭ تۈرلۈك ئويدا.
بۇ ھال ھەتتاكى يوقتۇر بىر قويدا،
ۋەتەنسىزنى بىچارە دەڭلار.

بۇ ھاياتتا كۈلۈش ھەققى يوق،
خالىغاننى بىلىش ھەققى يوق.
ھەق بولسىمۇ دېيىش ھەققى يوق،
ۋەتەنسىزنى بىچارە دەڭلار.
ياتسا يېنى ئىسسىق ئالالماس،
ئەندىشىدە راھەت ياتالماس.
ھەتتا چوڭراق قەدەم ئاتالماس،
ۋەتەنسىزنى بىچارە دەڭلار.

بىرى ساتار سىياسەت بىلەن،
بىرى ساتار دىيانەت بىلەن.
ساتتى ھەتتا خىيانەت بىلەن،
ۋەتەنسىزنى بىچارە دەڭلار.

سوراپ قالسا بىچارە كىم دەپ،
ھەر نەپسى ئىجارە كىم دەپ.
بېشىدا بار ھىجرانى كىم دەپ،
ۋەتەنسىزنى بىچارە دەڭلار.

ھايات تۇرۇپ ئاتا- ئانىسى،
قېنىشالماس ھەتتا بالىسى.
يەتمەس كىمگە ئاھۇ نالىسى،
ۋەتەنسىزنى بىچارە دەڭلار.

ئاتا- ئانا زىنداندا ياتار،
ئاكا - ئىنى سېلىققا چاپار.
ئاچا- سىڭىل نەدۇر ئۇشبۇلار؟
ۋەتەنسىزنى بىچارە دەڭلار.

يۈرەكلىرى ئازابتا قالغان،
دۇئالاردا قوللىرى تالغان.
كۆز ياشلىرى قان بىلەن تولغان،
ۋەتەنسىزنى بىچارە دەڭلار.

2018 - يىلى 8 -ئاينىڭ 3 -كۈنى

*ئادەمدە زېرەكلىك بىلەن بىلىممۇ بولسا ، شۇ بىلىم (بىلەن) ھەممە ئىشقا قول ئۇزىتالايدۇ.*

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابدىن ئېلىندى

# شېئىرلار

ئابدۇلجان ئازنباقيېۋ (قازاقىستان)

## تۈنگە مۇراجىئەت

...يالغۇز ئەمەس، تۈن بار يېنىمدا،
سېغىنىش بىلەن ئۆكۈنۈشنى
ئەسىر قىلغان ئۆيامغا.
بەزىدە ئۈنىڭغا
ئۆتكۈزگەن بىر كۈننىڭ
ھېساباتىنى بېرىمەن
قەرزىم باردەك بويىنۇمدا .
...تۈن كۆزەتچىسى
قارغۇياپىلاق ئەمەسمەن.
ئارام بەر ماڭا، قاراڭغۇ.
كۈندۈزى قولىدىن كەلمىگەن - ئۇسالغۇ،
كېچىدىكى شۇنىڭ ھارام ئىشىغا بول تۇسالغۇ.
خىياللار دېڭىزىغا چۆكتۈرۈپ ئەتەي،
ئاندىن قىچقىرىسەن تالادا.
ئاي شولىسى چۈشكەن يورۇقتا
گېزىتىمنى كۆرىمەن شۇئان مۇبادا.
ھەي، ئايلىنىپ كېتەي،
ئۇمۇ ھارغىن، قىيسايغان،
ئىككىمىز ئامالسىز، سەن ئازادە.
يولتۇزلارلا ساڭا ئامراق پەدازدا.
بىر چاغدا، ئاۋۇ قوشنامنىڭ تاماكىسى
ئەتراپنى سېسىتتى.
ئىسى ھەجەپ قاڭسىققۇ،
بىراق يوق ئىسسىقى.
بولۇش كېرەك كۆمۈرى ناچار.
مۇزلىدىم، كىرەي ئۆيگە،
يوق بولغاچقا ھېچ نېمە
كۆڭۈل ئاچار.
تۈن،
مېنى ئۆيگە سالما،
كۆزۈمنى خىيال كىنوسىدىن ئايرىۋەت .
مېنى كۈتۈپ تۇرار،
ئانام سالغان ئورۇن، كارىۋات .
ئويىنىما، قىينىما،
(چىدامىم چېقىلسا، مۇش ئاتارمەن).
يورۇق مېنىڭ ھەمراھىم،
يورۇقتا - ئەركىنلىكتە خۇشتارمەن.

## قارا رەڭگە قاراپ تۇغۇلغان ئويلار

قارىدىم، قارا رەڭگە، قارا ئويى ئۇ:
...قارا يەر قاراڭغۇلۇقتا ئورىدىغۇ.
مەزگىلسىز تالاي قاياش، قېرىنداشنى،
ئىلكىگە ئېلىۋېلىپ، تويمىدىغۇ.
قارىدىم، قارا رەڭگە، قارا ئويىنى:
قارا بەت تالايلارنى قايمۇقتۇردى.
بىر چاغدا يادىمدا بار، ياخشىلىقنى،
يامانلىق بىلەن ماڭا قايتۇرغىنى.
قارىدىم، قارا رەڭگە، قارا تۈننى،
باللار قورقۇنچلۇق كۆرەر ئۇنى.
قاراڭغۇ كېچىلەردە قانچە باللا،
گۇناھسىز ئۆلۈپ كەتتى، ئۆچكەن ئۈنى...
قارىدىم، قارا رەڭگە، «قارا خەتكە»،
ياخشىلىق يېزىلمايتتى ئۇشبۇ بەتتە.
مەيداندىن ئۆلۈم ھەقتە ئۇچۇر كېلىپ،
قالاتتى جان ئانىلار قايغۇ-دەردتە .
...قارىغىن، تىڭشىغىنە، ئۆلۈغ خۇدا!
بولمايتتىمۇ ئىنسانلارنى ياراتقاندا:
تۇرمۇشنى پاك جانلارغا كۈندۈز بېرىپ،
قويۇشقا قارا بەتنى قاراڭغۇغا...

## يالغۇز سوغا

گۈل ئەتكەن بار باياۋاننى قاغجىرىغان ،
ئەل-يۇرت ئۈچۈن مېھنەت تۆكۈپ، ئەجىر قىلغان.
ئۈچ ھەرىپتىن تۇرىدىغان بىر ئىنسان بار -
ئانا دېگەن،
ئۈچ يۈز ئىشنى بېجىرىدىغان .
قۇياش ئۆچسە، قۇياش كەبى نۇر ئاتىغان،
پەرزەنت ئۈچۈن پەقەت ئۆمۈر سۈرىدىغان.
سەن ئاغرىساڭ، ئۆزگە ئۇ تىلەپ شۇنى،
ئەجىلىڭگە سېنىڭ قارشى تۇرىدىغان.

ئالتۇن دەيدۇ ئانىلارنىڭ قورسىقىنى ،
ئاڭا كۆردۈڭ بۇ ھاياتنىڭ بوسۇغىنى.
توققۇز ئاينى، توققۇز جېنىنى بەرگەن ساڭا،
سەن ئاناڭغا بەرگىن يالغۇز سوغىسىنى.
يالغۇز سوغا - ئۈمىدىنى ئاقلىغىنىڭ،
تەربىيەنى دىلدا مەڭگۈ ساقلىغىنىڭ.
نەدە بولساڭ، ئەھۋالىڭدىن ئۇچۇر بېرىپ،
تۇرمۇشىڭدا ئامان بولۇپ، ساق قالغىنىڭ.
بايرىمىڭلار مۇبارەك بولسۇن، قىممەتلىك ئانىلار!

2020 - يىلى 7 - مارت

# شېئىرلار

سابىرەم ئەنۋەرووۋا (قازاقىستان)

## مەن!

بىزدە بىر ئاغرىق بار، دورىسى يوقتۇر،
مۆپتىلا بولغانلار ئىنتايىن كۆپتۇر.
«مەن!» دېگەن ۋىرۇس ئۇ – قانغا تارىغان،
داۋاسىنى تاپمىغان تېخى ھېچ دوختۇر.

ئۇ بىمار ئويلايدۇ پەقەت ئۆزىنى...
مەنمەنلىك تورىغان چۈنكى كۆزىنى.
ياقمايدۇ تامامەن كەمچىللىك ئېيتساڭ،
«مەن!» دەپ باشلايدۇ ھەربىر سۆزىنى.

باشقىلار كۈلسە ئۇ، ئىچتىن يىغلايدۇ ،
تۆگمىدەك ئىش قىلسا، ئېيتىپ قويمايدۇ.
«سۈنىڭ ئەڭ سۆزگىنى ئىچسەم ئۆزۈم» دەپ،
ئۆزگىنىڭ سۈيىنى قەستەن بۇلغايدۇ.

ماختىساڭ، مەست بولار قانتىنى كېرىپ،
ئېگىلمەي «ئۇھ» تارتار، كەتكەندەك ھېرىپ.
ئۆزىنى خان سانار، ھە، سىنى مالاي...
ناۋادا، ئاز-تولا قالسا ئەگەر بىيىپ.

تۇتىدۇ ئۆزىنى بىر دانا ئىنسانىدەك...
سۆزلەيدۇ تۆر ياساپ، ئەقىل ئېيتقاندەك.
قاچانلا قارىساڭ، تۇمشۇقى كۆكتە،
گويا شۇ دۇنيانى تىرەپ تۇرغاندەك.

بۇ ئاغرىق يوقالماي، ئۆرلەش يوق بىزدە!
(ۋاقتىدا ئېنىقلاڭ يۇقسا ئەگەر سىزگە...)
«مەن!» دېگەن ۋىرۇستىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن،
«بىز!» دېگەن ۋىتامىن كېرەكتۇر بىزگە.

## مىڭ ئۆي

بەزىدە ئويلار قەلبىمنى مۇجۇپ،
پەرىشان قىلار ئاجىز دىلىمنى.
بىر پەستە شۇندا يىراققا ئۇچۇپ...
كەتكۈم كېلىدۇ يۇمۇپ كۆزۈمنى.

بېشىمدا سانىماڭ جاۋابسىز سوئال،
تۇتقۇنغا ئالار، تىرناپ جېنىمنى.
ئۆزۈمنى كۈچسىز سېزىمەن شۇ ھال...
سۆرەپ يۈرگەندەك جانسىز تېنىمنى.

ھاياتىم بولار بىردە تېپىشماق،
سانىماڭ يول سىزىپ، تاللىغىن دەيدۇ.
ئالدىمغا قەدەم بولسام تاشلىماق،
ئىچىمدىن بىر ئۈن توختىغىن دەيدۇ.

چارچىدىم بەزەن، تىتىلدىم ئىچتىن.
سىرتىمدىن بىراق كۆرۈندۈم خۇشخۇي .
چېھرىمدە نىقاب ، يۈرىكىم مىسكىن،
روھىي چۇشكۈنلۈك، بېشىمدا مىڭ ئۆي...

***

ھە، ئۆمۈر قالتىس قىلىدۇ بوزەك،
دەيدىغۇ بۇنى«تەقدىرنىڭ شورى».
يۈرۈيسەن قاڭقىپ، بولسەن پومزەك،
نىشانىڭ بولار ئۆلۈمنىڭ تورى.

## كىم بار دەيسىز؟

كىم بار دەيسىز؟..
غەمسىز يۈرگەن بۇگۈندە؟!
ھەر نەرسىنىڭ بىر قىرى بار كۆرۈنمەس.
بىر كۈلكىنىڭ ئۈن يىغىسى بار دۇنيا ،
بۇ ھاياتنىڭ سىناقلىرى تۈگىمەس...
پۇل يوق دەمسىز؟..
پۇل ھېچقاچان يەتمەيدۇ.
بازارلاردا ھېچكىم «بەخت » ساتمايدۇ.
بىرىگە تار، بىرىگە كەڭ بۇ دۇنيا،
نادانلارنى بايلىق بىلەن ئالدايدۇ.
ساراي دەمسىز؟..
ساراي ئەسلى جەننەتتە !
ھۆكۈم كەلسە، ئۈيۈڭ قالار بىر چەتتە.
ئۈنتۈمىغىن ، مەڭگۈ ئەمەس بۇ دۇنيا،
ئەسكە ئالغىن ئاخىرەتنى بىر پەيتتە...
تۇلپار دەمسىز؟..
تۆمۈر تۇلپار گەپ ئەمەس.
مىنگىن مەيلى، بىراق يولدا بول پەخەس!
بۇرۇندىنلا تەڭشەلمىگەن بۇ دۇنيا ،
بەزىلەرگە ئارمان پەقەت يەر دەسسەش.
ئاتاق دەمسىز؟..
ئاتاق قونماس ئوڭايلا.
ئاشۇ يولدا ئالداشماقتا تالايلار.
ئادەملەرنى بۆلگىنى يوق بۇ دۇنيا،
بۆلۈنمەكتە بايلار بىلەن گادايلار.
كىم بار دەيسىز؟..
غەمسىز يۈرگەن بۇگۈندە؟!
مەن رازىمەن ھەربىر ئاتقان كۈنۈمگە.
سىنىسمۇ مەيلى قانچە بۇ دۇنيا،
مۇھەببىتىم چەكسىز ھامان ئۆمرۈمگە!

# «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ سېلىشتۇرمىسى*

مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئۇقيا
(ئەنگلىيە)

VI Yalŋuk Oğlanı Ağırlıki Bilig Ukuş Birle Erdükin Ayur

VI. İnsan Oğlunun Değerinin Bilgi Ve Akıldan Geldiğini Söyler

## ئالتىنچى باب
## ئادەم بالىسىنىڭ قىممىتى بىلىم ۋە ئەقىلدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى باياندا

148 Törütti üdürdi seçü yalŋukuğ,
Aŋar berdi erdem bilig ög ukuğ.

148 Tanrı insanı yarattı, seçerek yükseltti; ona fazilet, bilgi, akıl ve anlayış verdi.

148 ياراتتى ۋە يۈكسەلتتى تاللاپ ئادەم،
بېرىپ هۇش - ئەقىل، پەزىل، ئىلمىنى هەم .

149 Köŋül berdi hem me yorıttı tilig,
Uvut berdi kılk hem kılınçı silig.

149 Ona hem gönül verdi, hem de onun dilini açtı; ona güzel biçim, güzel tavır ve hareket ihsan etti.

149 تىلىنى چىقىرىپ ، ئاڭا بەردى تىل،
ئۇيات بەردى يەنە گۈزەل ، خۇش پېئىل.

150 Bilig berdi yalŋuk bedüdi bu kün,
Ukuş berdi ötrü yazıldı tügün.

150 Ona bilgi verdi ve insan bugün yükseldi; ona anlayış verdi ve böylece düğümler çözüldü.

150 بىلىم بەردى ، ئىنسان زورايدى بۇ كۈن،
ئەقىل بەردى ، شۇڭا يېشىلدى تۈگۈن.

151 Bayat kimke berse ukuş ög bilig,
Üküş edgülükke uzattı elig.

151 Tanrı kime anlayış, akıl ve bilgi verirse, o pek çok iyiliklere elini uzatır.

151 خۇدا بەرسە كىمگە ئەقىل - هۇش، بىلىگ،
تولا ياخشىلىققا ئۇزاتۇر ئىلىگ(قەدىمكى ئۇيغۇرچە- قول).

152 Bilignі bedük bil ukuşnı uluğ,
Bu iki bedütür üdürmiş kuluğ.

152 Bilgiyi büyük ve anlayışı ulu bil; seçkin kulu bu iki şey yükseltir.

152 بىلىمنى بۈيۈك قىل ، ئوقۇشنى ئۇلۇق،
بۇ ئىككى يۈكسەلتۇر قۇلنىمۇ تولۇق.

* ئەسلەتمە: «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ سېلىشتۇرمىسى سىزگە ئەسلى تېكست، هازىرقى تۈركچە ۋە هازىرقى ئۇيغۇرچە تەرجىمە تەرتىۋى بىلەن بېرىلگەن بولۇپ، رېتى ئۆز پېتى ئېلىندى (ئاپتور).

153 Bu sözke tanukı munu keldi söz,
Bu sözni eşitgil sözüg munda üz.
153 Buna şahit olarak, işte şu söz geldi; bu sözü işit ve bu hususta sözünü kes.
153 بۇ سۆزگە گۇۋاھتۇر تۆۋەندىكى سۆز،
بۇ سۆزنى ئىشىتكىن ،سۆزۈڭ بۇندا ئۈز.

154 Ukuş kayda bolsa uluğluk bulur,
Bilig kimde bolsa bedüklük alur.
154 Anlayış nerede olursa, orası ululuk kazanır; bilgi kimde olursa, o büyüklük bulur.
154 ئەقىل قايدا بولسا ، ئۇلۇغلۇق بولۇر،
بىلىم كىمدە بولسا بۈيۈكلۈك تاپۇر.

155 Ukuşluğ ukar ol biliglig bilir,
Biligli ukuğlı tilekke tegir.
155 Anlayışlı olan anlar, bilgili olan bilir; bilen ve anlayan her vakit dileğine erişir.
155 ئەقىللىق ئۇقار ئول ، بىلىملىك بىلۇر،
بىلىملىك ، ئەقىللىق تىلەككە يېتۇر.

156 Bilig manisi bil negü ter bilig,
Bilig bilse ötrü yırar erde ig.
156 Bilginin mânasını bil; bak, bilgi ne der : bilgiyi bilen insandan hastalik uzaklaşır.
156 بىلىم مەنىسىن بىل ، بىلىم نېمە دەر،
بىلىم ئۇ ساقايتۇر كېسەل بولسا ئەر.

157 Biligsiz kişi barça iglig bolur,
Igig emlemese kişi terk ölür.
157 Bilgisiz insan hep hastalıklı olur; hastalık tedâvî edilemezse, insan çabuk ölür.
157 بىلىمسىز كىشى بارچە ئاغرىق بولۇر،
داۋالانمىسا ئۇ تېزكىلا ئۆلۈر.

158 Yorı ay biligsiz iginņi ota,
Biligsiz otın sen ay bilge kuda
158 Ey bilgisiz, git, hastalığını tedavi ettir; ey mes'ûd âlim, bilgisizliğin ilâcını sen söyle.
158 كېسەلنى داۋالات ، بار ، ئەي بىلمىگەن،
ئەي ئالىم نادانغا داۋا ئەيلە سەن.

159 Ukuş ol burunduk anı yetse er,
Tilekke tegir ol tümen ârzû yer.
159 Anlayış bir yulardır; insan onu elinde tutarsa, dileğine erişir ve bütün arzularına nail olur.
159 ئەقىلدۇر بۇرۇندۇق ، ئاڭا يەتسە ئەر،
تۈمەنمىڭ تىلەگى ھەم بولسا يېتەر.

160 Ukuş bolsa erke kör asğı üküş,
Bilig bilse ötrü bolur er küsüş.
160 Anlayışın insana faydası çok olur; insan bilgi bilirse, aziz olur.
160 كىشىگە ئېرۇر كۆپ ئەقىل پايدىسى،
بىلىم بىلسە ئىنسان ئەزىز بولغۇسى.

161 Ukuş birle işler kamuğ iş küdüg,
Bilig birle bekle bu bulmış üdüg.
161 Bütün işinigücünü anlayış yolu ile yap; eline geçen bu zamanı israftan bilgi ile koru.
161 جىمىكى ئىشىڭنى ئەقىل بىرلە قىل،
بىلىم بىرلە ۋاقتىڭنى ساقلاشنى بىل.

# ئەقلىيە سۆزلەر

مەجھۇل تەييارلىغان (گېرمانىيە)

ھەر بىر دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس كىتابى بار.

ئەرەب خەلق ماقال - تەمسىلى

مەن ئۆزۈمنىڭ ئەقللىق ئىكەنلىكىمنى بىلمەن، چۈنكى مەن ئۆزۈمنىڭ ھېچنېمە بىلمەيدىغانلىقىمنىمۇ بىلىمەن.

سوقرات (يۇنان)

مەڭگۈ ۋاز كەچمەيدىغان ئادەمنى يېڭەلمەيسىز.

كىچىك جورج رۇس (ئامېرىكا)

كىشىلەرنىڭ خۇشال بولالماسلىقىدىكى سەۋەب، كىشىلەر دائىم ئۆتمۈشنى ئەمەلىيەتتىن ياخشىراق، ھازىرنى ئەمەلىيەتتىن ناچارراق، كەلگۈسىنى بولىدىغاندىن قىيىنراق كۆرىدۇ.

مارسېل پاگنول (فىرانسىيە)

كىشىلەر ئۆزگىرىشلەرگە قارشى تۇرمايدۇ، بەلكى ئۆزگەرتىلىشلەرگە قارشى تۇرىدۇ.

پېتر سەنج (ئامېرىكا)

باشقىلارنىڭ خاتالىقىدىن ئۆگىنىشىڭىز كېرەك، چۈنكى سىزنىڭ ھاياتىڭىز ھەممە خاتالىقنى ئۆتكۈزۈپ يەكۈنلەپ چىقىشقا يەتمەيدۇ.

سامۇئېل لېۋىنسون (ئىسپانىيە)

ئائىلە دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ ئۆزىدۇر.

مايكىل ج. فوكس (ئامېرىكا)

خۇشال كىشىلەر قىيىنچىلىققا ئۇچرىمىغان ئەمەس، ئۇلار قىيىنچىلىقنى يەڭگەن.

خەلىن كەللېر (ئامېرىكا)

كىتاب - ئەڭ ئەرزان ساياھەتتۇر.

شارلىين خاررىس (ئامېرىكا)

كۈلۈمسىرەڭ، چۈنكى كۈلۈمسىرەش ھەقسىز پىسخىكىلىق داۋالاشتۇر.

دوگلاس خورتون (ئامېرىكا)

كۈلۈمسىرەڭ، چۈنكى كۈلۈمسىرەش ھەقسىز پىسخىكىلىق داۋالاشتۇر.

دوگلاس خورتون (ئامېرىكا)

غەيرىتىڭىز قانچىلىك بولسا دۇنيايىڭىز شۇنچىلىك بولىدۇ.

ئانائىس نىن (ئامېرىكا)

ھەممە ئادەم دۇنيانى ئۆزگەرتىشنى ئويلايدۇ، لېكىن ھېچكىم ئۆزىنى ئۆزگەرتىشنى ئويلىمايدۇ.

تولستوي (رۇسىيە)

خاتالىشىشتىن قورقمىغاندىلا ئىجادچان بولغىلى بولىدۇ.

جوسىق چىلتون پېئىرس (ئامېرىكا)

بىر ئىشنى ئىككى ھەپتە بۇرۇن باشلىغان بولسىڭىز، ھازىرغىچە ئىككى ھەپتىلىك تەجرىبىگە ئىگە بولاتتىڭىز.

جون مېيېر (ئامېرىكا)

كىشىلەر ئۆزگەرمەيدۇ، ئۇلار پەقەت يېڭى ئۇسۇللاردا يالغان ئېيتىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

(نامەلۇم)

ھەممە ئادەم يالغان ئېيتىدۇ.

(نامەلۇم)

مەنىلىك ئۆلۈمنى مەنىسىز ھاياتتىن بەكرەك خالايمەن.

كورازون ئاكىنو (فىلىپپىن)

ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ، ئۆزىڭىز قىلالمايمەن دەپ قارىغان ئىشلارنى قىلىڭ.

ئېلىنور روزبېۋېلت (ئامېرىكا)

كۆچ ـ قۇۋۋەت بىلەن بىللە مەسئۇلىيەت كېلىدۇ.

(نامەلۇم)

كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىردىنبىر ئوخشاشلىق ـ ئۆلۈمدۇر.

بوب دىيلان (ئامېرىكا)

قىينچىلىقتا ئۇچرىغاندا كىشىلەرنىڭ جاسارىتى بىلىنىدۇ.

جوسىف پ. كەننىدى (ئامېرىكا)

پىيادە مېڭىش ئەڭ قەدىمىي ۋە ئەڭ ياخشى چېنىقىشتۇر.

كەررىي لاتەت (نامەلۇم)

قېرىندىشىڭىز دوستىڭىز بولۇشى ناتايىن، لېكىن دوستىڭىز قېرىندىشىڭىزدۇر.

بەنجامىن فىرانكلىن (ئامېرىكا)

ئادەم پەقەت بىرلا قېتىم ياشايدۇ.

(نامەلۇم)

سۆيۈپ سۆيۈلۈپ ئاندىن سۆيگۈنى يوقىتىش پەقەت سۆيۈپ باقمىغاندىن ياخشى.

ئالفرېد تەننىيسىن (ئەنگلىيە)

نىشان ۋاقىت چەكلىمىسى بار ئارزۇ ـ ئارماندۇر.

دايئانا شارق خانت (نامەلۇم)

مەغلۇبىيەت ئادەتتە ۋاقىتلىق بولىدۇ، لېكىن بەل قويۇۋېتىش ئۇنى مەڭگۈلۈك قىلىدۇ.

مارىلىين ۋوس ساۋانت (ئامېرىكا)

ئاسان ھاياتنى تىلىمەڭ، بەلكى قىيىن ھاياتنى يېڭىدىغان كۆچ ـ قۇۋۋەتنى تىلەڭ.

برۇس لى (ئامېرىكا)

قەلبىڭىز قانچە ياش بولسا سىز شۇنچە ياش.

گۋاتېمالا خەلق ماقال ـ تەمسىلى

بىرىنىڭ خاتالاشقاندىن كېيىن قىلغان ئىشىدىن ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مارۋىن ۋىليامىس (ئامېرىكا)

بىز ئەڭ قاراڭغۇ دەقىقىلەردە دۇنيادىكى يورۇقلۇقنى كۆرۈشىمىز كېرەك.

ئارىستوتېل ئوناسسىس (ئوسمان ئىمپېرىيىسى)

قاچان توي قىلىشقا كەلگەندە «كىم بىلەن» گە قارىغاندا «قاچان» بەكرەك مۇھىم.

(نامەلۇم)

تىنچلىق ئۇرۇشنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمەس بەلكى ھەققانىيەتنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

خاررىسون فورد (ئامېرىكا)

يىراقتىن قارىسا ھەممە ئىش ئاددىي كۆرۈنىدۇ.

گېيىل سۇكىياما (ئامېرىكا)

جاسارەت دائىم ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۈچنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى ئىلگىرىلەيدىغان كۈچ يوق تۇرۇۋپمۇ داۋاملىق ئىلگىرىلەشنى كۆرسىتىدۇ.

تېئودور روزېۋېلت (ئامېرىكا)

قانداق ئەگىشىشنى بىلمىگەن ئادەم قانداق يېتەكلەشنىمۇ بىلمەيدۇ.

ئارىستوتېل (يۇنان)

مەيلى يىگىرمە ياش ياكى سەكسەن ياش بولسۇن، ئۆگىنىشنى توختاتقان ئادەم قېرىدۇر.

خېنرىي فورد (ئامېرىكا)

ھەممە ئادەم ئۆلىدۇ.

نورا ئەفران (ئامېرىكا)

مائارىپنى قىممەت دەپ ئويلىغان ۋاقتىڭىزدا نادانلىقنىڭ قانچىلىك قىممەتلىكىنى ئويلاپ بېقىڭ.

روبېرت ئوربېن (ئامېرىكا)

بەزىدە بىلمەسلىك بەختتۇر.

توماس گرېي (ئەنگلىيە)

نادانلىقتا قارىغاندا ئۆگىنىشنى خالىماسلىق بەكرەك نومۇسلۇقتۇر.

بەنجامىن فىرانكلىن (ئامېرىكا)







# نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرچە يېزىش ۋە كىتاب نەشر قىلىش بىز ئۈچۈن تۆزدەك مۇھىم*؟

فاتىمە ئابدۇلغەفۇر سەيياھ (ئاۋستىرالىيە)

بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئىستانبۇلدا «دېڭىزنىڭ ئېيتقانلىرى» ناملىق بىر شېئىرلار توپلىمى نەشردىن چىقتى. بۇ توپلام شائىر مۇتەللىپ سەيدۇللانىڭ چەتئەلدە ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان تۇنجى كىتابى بولۇپ، كىتابتىكى شېئىرلارنىڭ ئىستېتىك گۈزەللىكى، مەزمۇنغا تولىمۇ ماسلاشقان ھالدا زامانىۋى لايىھەلەنگەن مۇقاۋىسى، ئىملا خاتالىقلىرىدىن خالى، رەتلىك ۋە پاكىز ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەزمۇنى ۋە جايىدا يېزىلغان كىرىش سۆز قاتارلىقلار بىلەن خەلقئارالىق ئۆلچەملەرگە تولۇق چۈشىدىغان بىر ئۇيغۇرچە توپلام بولۇشقا پۈتۈنلەي لايىق. بۇ توپلامنىڭ مەن ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك نۇقتىسى ئۇنىڭ تىلى ئۇيغۇر ئانا تىلىمىز بولغانلىقى ئىدى. مۇتەللىپ سەيدۇللادەك ياۋروپادا ئۇزۇن يىل ياشىغان بىر خوتەن يىگىتى ئۈچۈن چەتئەل تۇپراقلىرىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇرلىرىنى ئانا تىلى بىلەن ئىپادىلەپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىگە سۇنۇش ئۇنىڭ ئىنسانىي مۇساپىسىدىكى چاقناپ تۇرىدىغان بىر ئابىدىدۇر.

«دېڭىزنىڭ ئېيتقانلىرى» نى تەكرار ئوقۇپ چىقتىم، بىرىنچى قېتىمدا بىر كوررېكتورنىڭ كۆزى بىلەن ئوقۇغان بولسام، ئىككىنچى، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى قېتىملاردا

* بۇ ماقالە 2019 -يىلى 29 - ئۆكتەبىر كۈنى ئۇيغۇر ئاگېنتلىقىنىڭ تورىدا (https://iuyghur.com) ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇر ئاگېنتلىقىنىڭ رۇخسىتى ۋە ئاپتورنىڭ قايتا تەكشۈرۈشىدىن كېيىن ژۇرنىلىمىزدا قايتىدىن ئېلان قىلىندى(ت).

ئوخشىمىغان تۇيغۇلارنىڭ شاھىتى بولۇپ ئوقۇدۇم. بەزىدە شائىرنىڭ تۇيغۇسىغا جۆر بولۇپ دېڭىزلاردا لەيلىگەن بولسام، يەنە بەزىدە شائىر يىراقلاردا قالغان مومىسىنى ئەسلىگەندەك مېنىمۇ ئەڭ گۈزەل باللىق ئەسلىمىلىرىگە قايتۇردى. شائىر كۈتكەن «باھار» ماڭا كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدنى بېغىشلىسا، ئۇنىڭ قەلىمىدىكى ئۆزگىچە بولغان ناتونۇشلۇق ۋە پەقەت شائىرلارلا كۆرەلەيدىغان يەنە بىر دۇنيا ماڭا شېئىرنىڭ ھېس قىلىشقىلا بولىدىغان ئەمما تەسۋىرلەش قىيىن بولغان تەمىنى تېتىتىپ ئۆتتى. مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىدا ھاياتلىقنىڭ دېڭىزدەك كەڭرى، شاۋقۇنلۇق، تىنچسىزلىققا تولغان، باغرىدىكى قاتمۇ-قات ئېنىقسىزلىقلارنىڭ تېگىگە يېتىپ بولمايدىغان تونۇش تۇيغۇلار ئۇچراپ تۇراتتى. شائىر ئۆزىنىڭ خىيالى قەسرىدىكى مەلۇم ۋە نامەلۇم بىرى بىلەن پاراڭلىشاتتى، ئۇنى «باھار» دەپ ئاتايتتى، ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىشكە تەمشىلەتتى، ئۇنى چۈشىنەلمەي قىينىلاتتى. بۇ خىيالى دۇنيا ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنىڭ ئۈچۈن مەۋجۇت ئىدى: ئۇ بۇ دۇنيادا ئۆزىنى تاپاتتى، بارلىق شائىرلاردەك رېئال دۇنياغا ئەزەلدىن سىغىشى كېرەك بولمىغان تەسەۋۋۇرلار مۇتەللىپنىڭ بۇ دۇنياسىغا كەڭ-كەڭرى يېيىلىپ، ئۇنى دېڭىزنىڭ چەكسىزلىكىگە باشلىيالايتتى.

مۇتەللىپ نېمە ئۈچۈن بۇ تەسۋىرى دۇنيانى ئۆزى ياشاۋاتقان نورۋېگىيەنىڭ نورۋېگ تىلىدا يازمىدى؟ ئەجەبا تەكلىماكان قۇملىرىغا مىلىنىپ چوڭ بولغان بۇ كىشى نورۋېگىيەنىڭ دېڭىز ساھىللىرىدىكى قۇملاردىن ئۆزىنى تاپالمايتتىمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، مۇتەللىپ شېئىرلىرىنى نورۋېگ تىلىدا يازسا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەچچە جەھەتلەردىن قولايلىق بولاتتى: كىتابى نورۋېگىيەدە نەشر قىلىنىپ، مۇئەييەن ئىقتىسادى قىممەت يارىتالايتتى، ئۇنىڭ كىتابىقا سىڭدۈرگەن ئەجرىگە لايىق بىر نەتىجە چىقاتتى. بەلكىم نورۋېگىيەلىك ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىپ، رېئال ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئالاقە قىلىش بىلەن ئۆزىنىڭ رېئاللىقىغا تېخىمۇ ئىشىنەلەيتتى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ئاشاتتى. بەلكىم مۇتەللىپمۇ ياۋروپا شائىرلىرىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، ياۋروپادا ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەرخىل شېئىرى مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ مۇھىم تېمىلىرىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. يەنە بەلكىم مۇتەللىپنىڭ ئۇيغۇر بولۇش سالاھىيىتى ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىشنى قوزغاپ، ئۇنىڭ مىللەت ئۈچۈن ئەمەس مىللەتنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلغان خىزمەتلىرىگە يول ئاچاتتى. ئەمما مۇتەللىپ ئۇنداق قىلمىدى، ھېچبولمىسا ھازىرچە ئۇنداق قىلىشنى تاللىمىدى، بۇنىڭ قانداق سەۋەبلىرى باردۇ؟

مەن بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى مۇتەللىپتىن سوراپ باقمىدىم، چۈنكى مەن زىيارەت خاتىرىسى يازمايۋاتىمەن. مەن

مۇتەللىپنىڭ «دېڭىزنىڭ ئېيتقانلىرى» نى ئوقۇش جەريانىمدا ھېس قىلغانلىرىمنى قەلەمگە ئېلىپ قويۇۋاتقان بىر ئوقۇرمەن خالاس. مەن ئۈچۈن مۇھىم بولغىنى مۇتەللىپنىڭ شەخسى تاللاشلىرى ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ كوللېكتىپ ئۈچۈن تاللىغان يولى ۋە بۇ تاللاشنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرۈلگەن نەتىجىسىدۇر.

مۇتەللىپ شېئىرلىرىدا مەن چۈشىنەلەيدىغان ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئاجايىپ بىر غېرىبلىقنى ، بىر ئۇنتۇلۇشنى، بىر تايانچسىزلىقنى، بىر رەڭسىزلىكنى تەسۋىرلەيدۇ. ئۇنىڭ قۇرلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان ھىجران گەرچە يېنىك ۋە ئاددىي سۆزلەرنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ مۇتەللىپنى «ئىشق» تىن باشقىنى كۆرمەيدىغان بىر ئەما رەسسام ۋە بارماقسىز شائىرغا ئايلاندۇرسىمۇ، بىز مۇتەللىپنىڭ ئەسلى ھالىتىنى شېئىرلىرىدىن ئاسانلا كۆرۈپ قالالايمىز: تەۋەسىزلىكنىڭ چارىسىزلىقنى ، ئايرىلىشنىڭ تەمسىزلىكى ۋە ۋىسالسىزلىقنىڭ دېڭىزدا ئېقىپ كېتىۋاتقان سۆزسىزلىكى.

شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا ئۇ يېتەلمەيدىغان «باھار» بار، بۇ باھار قارىماققا قۇملۇقتا ئېچىلىۋاتقان گۈلگە ئوخشىسىمۇ، لېكىن ئۇ دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان پەسىلسىزلىككە ئوخشايدۇ. مۇتەللىپنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى كېچىگە تويۇنغان باھار ئۇنى يالىڭاچلايدۇ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى تونۇتىدۇ، ئۇنىڭدىن ھېچكىم سوراپ باقمىغان سوئاللارنى سورايدۇ، ئۇنى ئۆزىگە ئىقرار بولۇشقا قىستايدۇ. مۇتەللىپ دېڭىزدەك قايناپ تۇرغان ئەمما تاشلىمايدىغان قەلبىگە بۇ باھارنى يوشۇرماقچى بولىدۇ، دۇنيانىڭ غوۋغالىرىدىن باھار بىلەن يىراقلاشماقچى، باھارغا ئۆزىگە ئېيتالمىغان سىرلىرىنى ئېيتىپ بەرمەكچى بولىدۇ. باھار ئۇنى ياشاشقا قىستايدۇ، شۇنداقلا ئۇنى ئۆلۈمگە تەلپۈندۈرىدۇ.

مۇتەللىپ سەيدۇللا ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ۋاراق تىز سىزمىسى. ئۇنىڭدا ئۆزى بىلەن چىقىشالماسلىق بار. بۇ چىقىشالماسلىق ئۇنىڭ قىزىق ئاپتاپلىرى كۆيدۈرۈپ تۇرىدىغان تەكلىماكاننىڭ باغرىدىن مەجبۇرى يۇلۇپ ئېلىنىپ، شاماللىق دېڭىز بويىغا تاشلانغانلىقىدەك بىر ئەمەلىيەتتىن كېلىپ چىققان. ئۇنىڭ قايناپ تۇرىدىغان قېنى، تەكلىماكاندەك قىياس قىلماق تەس بولغان كەيپى بولسا دېڭىزنىڭ ئاساسەن كۆپ ئۆزگىرىش بولمايدىغان كىلىماتىدا قاتتىق قىينىلىدۇ. مۇتەللىپ تەكلىماكاننىڭ ئەركىكى، دېڭىز بولسا سوغۇققان ۋە ھاكاۋۇر. ئۇ ئۆز باغرىنى دېڭىزغا ئاچقان ھامان ئۇنىڭدىكى ئوتلارنىڭ ئۆچۈپ قېلىشى ئېنىقلا ئىدى. بىراق مۇتەللىپ دېڭىزدىن يىراقلاپ كېتەلمەيتتى، ئۇ ئاخىرىدا دېڭىزغا ئايلانماقچى، ئۇنىڭ قوينىدا تۇرۇپ ھېكايە ئېيتماقچى بولىدۇ. دېڭىز مۇتەللىپنىڭ تىلىدا سۆزلەرمۇ؟

شائىر دېڭىزنى شائىرنىڭ ئانا تىلىدا سۆزلەشكە مەجبۇرلايدۇ، ئۇنىڭدىكى تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش يوشۇرۇن ئىستىكى دېڭىزنى ئۆز ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىشقا كۈشكۈرتىدۇ. مۇتەللىپ قارىماققا سىپايە ئەمما بوران-چاپقۇن، قار-يامغۇرلۇق تەكلىماكاندەك خاراكتېرى بىلەن دېڭىزنى قۇملۇققا يۇتقۇزماقچى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەبىيلەرچە ئۈرۈنۈشلىرىنىڭ تىپىك مىسالى ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا پىچىرلىغان دېڭىزنىڭ سۆزلىرىدە ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

شۇنداق! مۇتەللىپ دېڭىزنى بويسۇندۇرغان ئىدى! بۇ بويسۇندۇرۇش قارىماققا ئامالسىزلىقتىن كېلىپ چىققان مۇتتەھەملىكتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما مۇتەللىپ ئۈچۈن بۇ ئۇنىڭ ئانا تىلىغا، ئانا تۇپرىقىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنىڭ توسالغۇسىز دولقۇنلاردەك شىددەت بىلەن ھۇجۇم ياسىشى ۋە قۇملۇق قىرغاقلارنى يالماپ كېتىشى ئىدى. مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىدا، ئۇنىڭ دانىمۇ-دانە ئۇيغۇرچە سۆزلىرىدە، دېڭىز بىلەن قۇملۇق ئاخىرى قۇچاقلىشىدۇ، بىر-بىرى بىلەن گىرەلەشمە جەڭگە چۈشىدۇ، بىر-بىرىنى سۆيىدۇ، تولۇن ئايلىق ۋە ئايسىز كېچىلەردە ئۆزلىرىنى ھېچ پەردىسىز يالىڭاچ ئاشكارىلايدۇ ۋە قۇملۇقتىكى باھار دېڭىزغا باشلىنىدۇ!

مۇتەللىپ ئۇيغۇر تىلى بىلەن دېڭىزغا جەڭ ئېلان قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ياۋايى تەبىئىتىنى ئۆزىنىڭ ياۋايىلىقى بىلەن بويسۇندۇرىدۇ! مۇتەللىپنىڭ بۇ شېئىرلار توپلىمى ئۇنىڭ مۇرەككەپ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى سىڭىپ كىرىش، كونترول قىلىش ۋە ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەشتەك ئەركەكلىكنى سۆزلەيدۇ. ئۇ نازۇك قۇرلىرى بىلەن دېڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا ئازادە ھۇجۇم قوزغىيالايدۇ، ئۇ ئەۋرىشىم ۋە نەپىس شېئىرلىرى بىلەن ئەرلىكىنى يوشۇرىدۇ ۋە دېڭىزنىڭ كۆڭلىنى ئۇتىدۇ، دېڭىزغا پىچىرلاشلىرى بىلەن دېڭىزنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ، بەلكى ئۇ دېڭىزنى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ ئىلكىگە ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن غەلىبە تۇغىنى لەپىلدىتىدۇ-دە، ئۆز ماكانى تەكلىماكاننىڭ قۇملۇقلىرىغا سىڭىپ كېتىدۇ، ياكى دېڭىزنى ئۆزى بىلەن بىللە تەكلىماكانغا باشلاپ كېتىدۇ.

مۇتەللىپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، رەڭدارلىقى ۋە كۆپ قىرلىقلىقىنى ئۆز شېئىرلىرىدا نامايان قىلىدۇ، ئۇ بەلكى شېئىرلىرىدىكى ئۆزى تەلپۈنىدىغان ئايال ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلماقچى بولغان ئاشىققا ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇ ئاشىق ئەمەس، ئۇنىڭ ئاشىقى ھېچقاچان بىر ئايال ئەمەس بەلكى دەل قۇملۇق ۋە دېڭىزنىڭ كېلىشەلمەسلىكىدىن كېلىپ چىققان ئۆزىدىكى زىددىيەتنىڭ جاۋابىنى ئىزدەشكە بولغان ئاشىقلىق ئىدى، ماھىيەتتە ئۇ ھەرقانداق بىر شائىرغا ئوخشاش ئۆزىگە ئاشىق ئىدى ۋە بۇ ئاشىقلىقنى ھېچ تەپتارتماستىن ئۆزىنىڭ تىلىدا، مەردانە ۋە غەمسىز ھالدا يېزىپ چىقىپ بىزگە سۇنغان ئىدى. مانا بۇ ئانا تىلنىڭ بىزگە ئەكېلىدىغان ئەڭ چوڭ سوۋغاتلىرىنىڭ بىرى ئىدى: ئۆزىمىزگە ئاشىقلىقنىڭ چېگراسىز ۋە باتۇرانە ئىپادىلىنىشى!

مۇتەللىپ نېمىشقا ئۇيغۇر تىلىدا يازدى؟ ئۇ يەنە ئۇيغۇر تىلىدا يازامدۇ؟ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇيدىغان ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى بارمىدۇ؟ بۇلارنى بىز بىلمەيمىز، ئەمما شۇنى بىلىمىزكى، ئۇيغۇر تىلى ھەر بىر ئۇيغۇر ئۈچۈن روھىنىڭ تىلى، بۇ تىل بىزنى چەكسىزلىكنىڭ قىرغاقلىرىغا، چوڭقۇرلۇقىغا ئېتتىرىدۇ، بۇ تىل بىزنى خالىغاندا قۇملۇققا، خالىغاندا باھارغا، گاھىدا تۈنلەرگە، يەنە گاھىدا رەسساملارنىڭ پەلكۈچلىرىگە ھېچقانداق توسالغۇسىز ئەركىن ھالدا ئېلىپ بارالايدۇ، ئۇيغۇر تىلى دولقۇنلاپ تۇرغان ھايات دېڭىزىدا روھىمىزنىڭ قولۋاقلىرىنى قىرغاقلارغا بىخەتەر ئاپىرالايدىغان ئازادە پالاق! بىز ئۇيغۇرلار ھاياتلا بولىدىكەنمىز، بۇ تىلىمىز بىزنىڭ روھىمىزنى مەڭگۈ سۆزلەيدۇ.

شۇنداق، دېڭىز پىچىرلايدۇ، ئۇ تۇزلۇق پىچىرلايدۇ، خۇددى ئۇيغۇر تىلى بىز ئۈچۈن تۇزدەك مۇھىم بولغاندەك!

2019 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى

*ئادەمنى ھايۋاندىن ئايرىيدىغان پەرق شۇكى، مىزاجىغا يارىشا يېيىش كېرەك. كىشى يىل ياشاپ مىزاجىنى بىلمىسە، نېمە دېسە دېسۇن، ئۇ تامامەن ھايۋاندۇر.*

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى

# گۈزەل ئەسلىمە ۋە زەردە ئەمەلىيەت

## «خەير - خوش قۇياش»نى ئوقۇغاندىن كېيىن

مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە)

راستىنى ئېيتسام كىتابنى مەلۇم بۆلىكىگىچە ئوقۇپ بولۇپ، قويۇپ قويدۇم. ئوقۇغۇم كەلمىگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى بەزى بايانلارنى سىڭدۈرۈش بىرئاز تەس كەلگەن بولسا كېرەك. بىردەم توختاپ، بىردەم ئوقۇپ يۈرۈپ، ئومۇمەن ئۈچ جەرياندا ئوقۇپ چىقتىم.

رېئال چىنلىق ئاساسىدا يېزىلغان ھەققىي ۋەقە. بۇنى تەسەۋۋۇردىكى ھېكايىلەر دېيىشكە مېنىڭ تىلىم بارمايدۇ. يۇرتىمىزدىكى بىر دېھقاننىڭ تۇرمۇشى بايان قىلىنغان بىر «چېنىقىش» يۈزمىڭلىغان دېھقانلىرىمىزنىڭ ئەسلىي ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ، بىر رەيھاننىڭ ئارسلان بىلەن بىرلىكتە بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى يۈزمىڭلىغان تەقدىرداشلارنىڭ ئاھ - پەريادلىرىنى روشەن نامايان قىلىپ بېرەلەيدۇ.

فرانسۇزلارنىڭ مۇنداق بىر ماقالى بار دەپ ئاڭلىغان؛ «يۇلتۇز ساقا يورۇقلۇق بېرەلمەيدۇ، ئەمما قاراڭغۇ كېچىدە يول كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ». كىتابتا باشتىن كىشىلەرگە ئاشۇ يورۇق يۇلتۇزنى يورۇتۇپ، يارقىن نۇر چاچقۇزۇپ بەرگەن. بۇ يورۇقلۇق تۇرمىدىكىلەرنىڭ ھەر بىر بېقىشلىرىدا، ئەڭ كىچىك ھەرىكەتلىرىدە نومايەن قىلىنغان.

كىتابنى ئوقۇغان ئادەم بىر دەم مۇدھىش قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىگە نەزەربەند قىلىنسا، يەنە ئۇنىڭغا ئۇلىنىپلا چۆچەكلىرىمىزگە بىلىندۈرۈپ- بىلىندۈرمەي سىڭدۈرۈۋېتىلگەن ئادىمىلىك ۋە ئىنسانىيلىقنىڭ نېمىلىكىدىن دەرس بېرىدىغان ساۋاقلىرىدىن خالىي بولالمايدۇ، شاھ ئاباس بىلەن ھەسەن ۋەزىردىن ئامان قېلىپ، گۈزەل بىر داستاننىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان كېيىك ھالا بوۋاقلىقنى كۆندە كەلگەندە خانىۋەيران - ئازاب ئوقۇبەتلەرنىڭ تىمسالى.

مەن موماملار بىلەن بوۋامنى ياقتۇرۇپ قالدىم، ئۇلار ماڭا كىچىكلىكىمدىكى يۇرتۇمدا ئومۇملاشقان ئەڭ ئاددىي ۋە ئاقىلانە يوسۇنلىرىمىزنى سەممىگە سالدى؛ ھويلا سۈپۈرۈشتىكى ئەخلاق مىزانىدىن، ئۇلاغلارنىڭ يەم- بوغۇزلۇق جەريانلىرى، تاماق ئىستېمالىمىزدىكى پەرھىزلەر، يۈرۈش-تۇرۇش، مۇئامىلە، چوڭلار ئالدىكى ئادىتىمىز دېگەندەك كۆندىلىك تۇرمۇشىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان ئۆرپ - ئادەتلىرىمىز كىتابقا «ئۇ»نىڭ تىلىغا ئۇستىلىق بىلەن كىرگۈزۈۋېتىلگەن. كىتابنى ئوقۇغان ئادەم قاباھەت ئىچىدىن ھۇزۇرنى، زۇلمەت ئىچىدىن خۇشۋاقتنى، قاراڭغۇ زىندان ئىچىدىن دەرۋازىسى كەڭ ئېچىۋېتىلگەن ھويلا ئارامىلارنى ئوقۇپ، روشەن بىر سېلىشتۇرما ئاستىدا ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى كۆچمەيلا ئىلغا قىلىپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ 1937 - يىلى ماخوسەن باندىتلىرى تەرىپىدىن گەنسۇغا ئېلىپ كېتىلگەن بىر خوتەنلىك قىزنىڭ ئاغزىدىن ئالغان «يۇرتۇم قالدى»سىنى بۇرۇننى ئېچىشتۇرۇپ ئەسلىتىدۇ.

موماملارنىڭ نەسىھەتلىرى، نەۋرىلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيە ۋە مۇئامىلىسى، يۇرتىمىزدىكى بىر ئائىلىنىڭ تىپىك كارتىنىسى بولۇپ كۆز ئالدىمىزغا نامايان بولسا، چەتئەللەردە ئۇچراتقىلى بولمايدىغان بۇ خىل ئەنئەنىۋى ئائىلە تەربىيەسى رومانغا يۇغۇرۇلۇپ، مەيلى چوڭ يا كىچىك بولسۇن ھەممەيلەنگە بىر ئائىلە دەرسلىكى سۈپىتىدە سۇنۇلغان. بولۇپمۇ مۇھاجىرلىق ھاياتىمىزدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىمكانىيىتى يوق، ھەتتا بار تۇرۇقلۇق ياشىيالمايۋاتقان يوسۇنلىرىمىزنى چەتئەلدىكى جەمئىيىتىمىزدە، موماملارنىڭ ئۆگۈتلىرى، مەلۇم نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بىزنىڭ جانلىق ئۆرپ-ئادەت دەرسلىكلىرىمىز بولالايدۇ.

«ئۇ»نىڭ گۈزەل ئەسلىمە بىلەن ئاچچىق ئەمەلىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزلۈكسىز ساياھىتى بىر بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن. ھەر ئىككىلىسى رېئاللىقتىن بىر-بىرىنى يەكلىيەلمەيدىغان ئەمەلىيەت بولۇپ قالدى. بىرسى بۈگۈنكى زەي زىندان بولسا يەنە بىر تېخى تۈنۈگۈنكى تۇرمۇشىمىز. بىزنىڭ ھازىر باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بۇ كەچۈرمىشلىرىمىز، ئاددىي قەلەم بىلەن ناھايىتى جانلىق سېلىشتۇرۇپ بېرىلگەن.

«ئۇ»نىڭ گۈزەل ئەسلىمىسى ماڭا بىرەيلەننى ئەسلەتتى. خېلى كۆپ ئەسلىمىلەرنىڭ ئورتاق شېرىكى بولغانلىقىمدىن

ئۆزۈمنى روماننىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەندەك ھېسمۇ قىلمىدىم ئەمەس. مەيلى ئالىي مەكتەپ ھاياتى ياكى ئالىي مەكتەپتىن كېيىنكى تۇرمۇش بولسۇن، ئورتاق بىر ئالىڭ، ئوخشاش رىتىمدىكى ھايات مۇساپىسى ۋە بىردەك بولغان كەلگۈسىگە ئىنتىلىش مېنى ئىختىيارسىز ئۆز ئىچىگە سۆرەپ كىردى.

بەزى كىشىلىرىمىزگە تونۇش يەنە ئالىلىكىملەرگە ناتونۇش بولغان ئىپارخان ، نۇزۇگۇم ۋە سادىر پالۋاندەك قىز-يىگىتلىرىمىزدىن تارتىپ «كۆچ-كۆچ» كەبى ئېچىنىشلىق قىسمەتلىرىمىز بوۋام ۋە مومامنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ئېيتىلىپ ئوقۇغۇچىلارغا يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخىدىن ساۋاق بېرىلگەن، دەرسلىكلىرىمىزدىن مەجبۇرەن چىقىرىۋېتىلگەن ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك شېئىر، قوشاق، داستانلار ھېكايىلەر ھەتتا مۇقاملىرىمىزمۇ چېۋەرلىك بىلەن سۇنۇلغان.

كىتاب قىزلىرىمىزنىڭ ياڭراتقان غەزەپلىك نىداسى، ئېيتقان غەزەپ - نەپرىتى، باش ئەگمەس روھى، ئېگىلمەس چىدام-غەيرىتى. بۇ كىتابنىڭ ھەر بىر ۋاراقلىرىدا ئۇلار ئۆزىنىڭ جاراڭلىق مەۋجۇتلۇقىنى ۋە پۈكۈلمەس ساداسىنى ياڭرىتىدۇ. ھەر بىر قۇرلىرىدا ئۆز قەسىمىنى نامايان قىلىدۇ. كىتاب يىگىتلىرىمىزنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ئىنكاسى، ئارزۇ ئىستەكلىرى ۋە يىگىتلىك قەسىمى. بىز ئۇنى ئارسلاندەك يىگىتىمىزنىڭ قىسقا جەسۇر سۆزلىرىدىن كۆرۈۋالالايمىز.

يۇرتىمىزدىكى كىشىلىرىمىزنىڭ بىخۇدلۇق ھالىتى ۋە ئىپادىلىرى تېخىمۇ ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇلغان. مەسىلەن: تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ خاراكتېرى، بۇ بىپەرۋالىق ئىچىدە ياشىغان خەلقىنىڭ نادانلىقى ۋە گۆر ئاغزىغا بېرىش ئۈچۈن ئىنتىلىشلىرى بىلەن ئۆزئارا رىقابەتلىرى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۈگۈنكى نۇرغۇن قىسمەتلىرىمىزنىڭ بىخەستەلىكىمىزدىن ۋە ۋەزىيەتنى توغرا ئاڭقىرالمىغانلىقىمىز تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەتلەرنىڭ قۇربانى ئىكەنلىكىمىزنى روشەن بايان قىلىپ بەرگەن.

ھەر قېتىم بىرەر قۇتلۇق كۈنىمىز بولسا مەن، «بىزنىڭ ناخشىمىز»نى ياڭرىتىمەن مەيلى مۇناسىۋەتلىك بەتلەردە ياكى بىرەر سورۇن بولسۇن، ئۇ 10 نەچچە يىلدىن بېرى دائىم ياڭرايدىغان «مېنىڭ ناخشام» بولۇش سۈپىتىنى يوقاتقىنى يوق. كىتاب مېنىڭ نۇرغۇن ئۆسمۈرلۈك، ئالىي مەكتەپتىكى بىلىم تەھسىل قىلىش جەريانلىرىم، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىم ھەتتا قىسقا بولسىمۇ قاتناشقان خىزمەت كەچۈرمىشىمنىڭ ئەينىكى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. كىتابتىكى مەيلى قىسمەن تۈرمە ھاياتى بولسۇن ياكى تۈرمە سىرتىدىكى ھاياتنىڭ ھېچبىرىدىن ياتسىرىغىنىم يوق. ئاپتورنىڭ كىتابتىكى بۇ ئەمەلىي تەسۋىرىنى چىن ئەمەلىيەتتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

كىتاب مەيلى سۈژىت ياكى بايان قىلىنغان ۋەقە- ھادىسىلەر بولسۇن، رېئال تۇرمۇش كارتىنىسى يورۇتۇپ بېرىش بىلەن بىرلىكتە تۈرمە ھاياتىنى، ئوبرازلاشتۇرۇلغان نەرسە ۋە شەيئىلەر ئارقىلىق مەيلى ئەخلاقىي بولسۇن ياكى ھەجۋىي بولسۇن ئالاھىدە يورۇتۇپ بەرگەن، بەدەن ئورگانلىرىمىز ۋۇجۇدقا چىقارغان ئوبرازلار كىنايىلىك خاراكتېرىدە بولۇشتىن تاشقىرى، ئاچچىق ئەمەلىيەتنى روشەن پاش قىلىپ بەرگەن. ۋەقە- ھادىسىلەر ۋە ئورگانلارنىڭ بايانلىرى ئەسەرنىڭ سۈژىتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئېچىپ كۆرسىتىپ بېرىشتىمۇ ئۈستىلىق بىلەن رول ئوينىغان.

كىتابتا رومان سۈژىتتا دەماللىق ئىلغا قىلالمىغان بەزى نۇقتىلار بار دەپ قارايمەن. ئەمەلىي ئادەم ۋە ۋەقەلەردىن تەركىب تاپقان ئاددىي سۈژىت قۇرۇلمىسى ئارقىلىق تارىخىي ۋەقە ۋە ھازىرقى ئەمەلىي كەچۈرمىشلەر بايان قىلىنغان بۇ ئەسەردە، ئارسلاننىڭ قولغا ئېلىنىشىدەك مۇئەييەن ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئوقۇرمەنلەر روماننىڭ داۋامىنى ئوقۇش جەريانىدا، «ئۇ»نىڭ خىيالى تەپەككۇرى ۋە ئەسلىملىرىنى بىر يەرگە ئەكىلەلىگەندىلا ئاندىن ئوتتۇرىدىكى ئۈزۈكلۈكنى باغلىيالايدۇ دەپ قارايمەن.

سۆز-ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشتە، بىر پاراگرافتا مۇئەييەن سۆزلەر قايتا قايتا تەكرارلانغان. ۋاھالەنكى ئۇ سۆزلەرنىڭ مەنىداش تەركىبلىرىنى مۇۋاپىق ئىشلەتكەن بولسا كىتاب تىلى تېخىمۇ گۈزەل چىقاتتى دەپ قارايمەن. مەسىلەن: 60 - بەت 1 - ئابزاستىكى «بەزى نەرسىلەرنى»، 84 - 85 - بەتلەردىكى «يامانلىق» قاتارلىقلار.

ئومۇمەن ئېيتقاندا روماننىڭ سۈژىت تەرەققىياتى ۋە راۋاجلىنىپ يېشىم باسقۇچىغا بارغۇچە بولغان جەريانلىرىدىكى پېرسوناژلار ھەم ۋەقەلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە باغلىنىشچانلىقى بەلگىلىك دەرىجىدە ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە روماننىڭ مەركىزى ئىدىيەسى ياخشى يورۇتۇلغان.



# ئاسكىلادىن بىلەن دېۋىنىڭ بەسلىشىشى

(نورۋېگىيە خەلق چۆچىكى)

بۇرۇنقى زاماندا، بىر دېھقاننىڭ ئۈچ ئوغلى بولغانىكەن. دېھقان ياشىنىپ قالغان نامرات كىشى ئىكەن، ئەمما ئوغۇللىرى بولسا ئېتىزلىقتا ئىشلەشنى خالىمايدىكەن. ئېتىزلىققا ئائىت چوڭ بىر ئورمان بار بولۇپ، دېھقان بىۋاي ئوغۇللىرىنىڭ شۇ ئورماندا ئوتۇن كېسىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن، چۈنكى بۇنداق بولغاندا بىۋاي بىرئاز بولسىمۇ قەرزلىرىدىن قۇتۇلالايدىكەن.

تۇنجى بولۇپ چوڭ ئوغۇل ئورمانلىققا بېرىپتۇ. ئۇ ئەمدىلا بىرئاز ئوتۇن كېسىشكە، تولىمۇ چوڭ، قورقۇنچلۇق بىر دېۋە ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بوپتۇ، ۋە:

– ئەگەر سەن يەنە مېنىڭ ئورمانلىقىمدا ئوتۇن كەسسەڭ، مەن سېنى ئۆلتۈرىمەن،– دەپتۇ.

چوڭ ئوغۇل بۇنى ئاڭلاپ، پالتىسىنى شۇ يەرگىلا تاشلاپ، شۇنداق تېز يۈگۈرۈپ قېچىپ كېتىپتۇ. دادىسى بۇنى ئاڭلاپ خاپا بولۇپتۇ ۋە ئۆزى كىچىك ۋاقتىدا دېۋىنىڭ ھېچبىر ۋاقىت ئۆزىنى قورقۇتۇپ باقمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئىككىنجى كۈنى ئوتتۇرانجى ئوغۇل ئوتۇن كەسكىلى بېرىپ، يەنىلا ئوڭۇشلۇق بولماپتۇ، ئۇمۇ ئازراقلا ئوتۇن كېسىپ تۇرۇشىغا، دېۋە يەنە پەيدا بولۇپ:

– ئەگەر مېنىڭ ئورمانلىقىمدا ئوتۇن كەسسەڭ، سېنى ئۆلتۈرىمەن، – دەپتۇ.

ئوتتۇرانجى ئوغۇل دېۋىگە قايتا قاراشقىمۇ پېتىنالماي، پالتىسىنى تاشلاپ، ئاكىسىدىنمۇ تېز سۈرئەتتە قېچىپ كېتىپتۇ. دادىسى ئوتتۇرانجى ئوغۇلغىمۇ خاپا بولۇپ، دېۋىنىڭ ئۆزىنى ھېچبىر ۋاقىت قورقۇتۇپ باقمىغىنىنى ئېيتىپتۇ.

ئۈچىنجى كۈنى، دېھقاننىڭ كىچىك ئوغلى ئاسكىلادىن ئورمانلىققا بارماقچى بوپتۇ، بۇنى ئاڭلاپ چوڭ ئوغۇل:

– سەن ھەرگىز ئوڭۇشلۇق كېسىپ كېلەلمەيسەن،سەن ئۆيدىن ھېچ ئايرىلىپ باقمىدىڭ، – دەپتۇ.

ئاسكىلادىن ئاكىسىغا ئارتۇق جاۋاپ بەرمەستىن، ئۆزىگە ئازراق يېمەكلىك تەييارلاپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. ئۇ يېڭى پىشۇرۇلغان ئاق پىشلاقتىن بىرنى سومكىسىغا سېلىپ، ئورمانغا بېرىپتۇ. ئۇمۇ ئوتۇندىن بىر پارچە كېسىپ تۇرۇشىغا، دېۋە يەنە پەيدا بولۇپ، ئاكىلىرىغا دېگەن جۈملىسىنى تەكرارلاپتۇ. ئەمما ئاسكىلادىن پەقەتلا قورقماپتۇ، دەرھال سومكىسىدىن ئاق پىشلاقنى چىقىرىپتۇ، ۋە پىشلاقنى شۇنداق چىڭ سىقىپتۇكى، پىشلاق ئېقىپ چۈشكىلى تۇرۇپتۇ. ئاندىن دېۋىگە قاراپ شۇنداق ۋارقىراپتۇ:

– ئەگەر جىم بولمىساڭ، مەن سېنىمۇ مۇشۇ ئاق تاشنى مىجىغانغا ئوخشاش چىڭ مىجىۋېتىمەن!

– ياق، ئۇنداق قىلمىغىن، – دېۋە يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ، – مەن سېنىڭ ئوتۇن كېسىشىڭگە ياردەملىشەي.

دېۋە ئوتۇن كېسىشكە بەك ئۇستا ئىكەن، ئۇلار شۇنداق كۆپ ئوتۇن كېسىپتۇ. كەچمۇ كىرىپتۇ، دېۋە ئاسكىلادىنغا شۇنداق دەپتۇ:

– مەن بىلەن بىرگە مېنىڭ ئۆيۈمگە بارغىن، مېنىڭ ئۆيۈم سېنىڭ ئۆيۈڭگە قارىغاندا يېقىن.

ئاسكىلادىن دېۋىگە ئەگىشىپ، دېۋىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. دېۋە ئوچاققا ئوت قالىغۇچە، ئاسكىلادىن گۆرۈچ شورپىسى ئۈچۈن سۇ ئالغىلى بارماقچى بوپتۇ، ئەمما چېلەكلەر شۇنچىلىك

ئېغىر ئىكەنكى ئاسكىلادىن ئۇلارنى پەقەتلا كۆتۈرەلمەپتۇ.

ئاسكىلادىن دېۋىگە مۇنداق دەپتۇ:



— بۇ چېلەكلەر بەك كىچىك ئىكەن، مەن قۇدۇقنىلا يۆتكەپ كېلەي.

دېۋە دەرھاللا ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ:

— ياق، قۇدۇقنى يۆتكىۋەتسەڭ بولمايدۇ، سەن ئوت قالىغىن، مەن سۇ ئېلىپ كېلەي.

دېۋە قايتىپ كەلگىنىدە، ئاسكىلادىن يوغان بىر قازاندا شورپا تەييارلىغانىكەن. ئاسكىلادىن دېۋىگە:

— ئەگەر خالىساڭ بىز شورپا يېيىشتە بەسلىشىپ باقايلى، — دەپتۇ.

بۇ گەپ دېۋىگە يېقىپتۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قېتىم ئاسكىلادىننى يېڭەلىشىگە ئىشىنىدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئولتۇرۇپ، تاماق مۇسابىقىسىنى باشلاپتۇ. ئاسكىلادىن دېۋىگە كۆرسەتمەي تۇرۇپ، سومكىسىنى ئالدىغا قويۇۋالغانىكەن، ئۆزى يېگىنىگە قارىغاندا كۆپرەكىنى سومكىغا تۆكۈشكە باشلاپتۇ. سومكىمۇ توشۇپ قالغىلى تۇرۇپتۇ، ئاسكىلادىن دەرھال پىچىقىنى ئېلىپ، سومكىدىن ئازراق تۆشۈك ئېچىپتۇ. بىرئازدىن كېيىن دېۋە قوشۇقنى قويۇپ، شۇنداق دەپتۇ:

— بولدى، مەن ئەمدى يېيەلمەيمەن.

— چوقۇم داۋاملىق يېيىشىڭ كېرەك، — دەپتۇ ئاسكىلادىن، — مەن تېخى تويمىدىم، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش قورسىقىڭدىن تۆشۈك ئېچىۋالساڭ قانچىلىك يېگۈڭ بولسا شۇنچىلىك يېيەلەيسەن.

— ئۇنداق قىلسام ئاغرىمامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ دېۋە.

— ھېچقانچە ئاغرىمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئاسكىلادىن.

دېۋە ئاسكىلادىننىڭ سۆزى بويىچە قورسىقىدىن تۆشۈك ئېچىپتۇ، ئەمما سۆيۈملۈك ئوقۇرمەن، سىز ئىشنىڭ نەتىجىسىنى چوقۇم پەرەز قىلالايسىز، دېۋە شۇ يەردىلا ئۆلۈپ قاپتۇ، ئاسكىلادىن شۇ يەردىن تېپىۋالغان نۇرغۇن ئالتۇن كۆمۈشلەرنى ئېلىپ، خۇشال ھالدا ئۆيىگە قايتىپتۇ، ۋە شۇنىڭ بىلەن دادىسىمۇ ئۆزىنىڭ قەرزلىرىنى قايتۇرالايدىغان بوپتۇ.

نورۋېگچىدىن رانا ئايىلا ياشار تەرجىمىسى (نورۋېگىيە)

*ئادەمنىڭ كۆڭلى نازۇك، ئۇ بىر ئەينەككە ئوخشىشىدۇ، بەك ئېھتىيات قىل، ئۇنى قوزغىما، سۇنۇپ كەتمىسۇن.*

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى



# يولۇغلار ئۇچۇق بولسۇن «ئەۋلاد»لىقلار*

تۈنۈگۈن، يەنى 10 - ئاينىڭ 6 -كۈنى ئىستانبۇلنىڭ ئەيۈپ سۇلتان رايونىغا جايلاشقان مەۋلۇتخانا يىغىلىش زالى قاينام تاشقىنلىققا چۆمگەن ئىدى. پائالىيەتكە تۈركىيەنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدە ياشاۋاتقان ھەر ساھەدىكى ئۇيغۇرلاردىن 400 ئەتراپىدا ئادەم قاتناشتى. تۈركىيەنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەشھۇر دوكتورلار ۋە تۆھپىكارلاردىن 8 كىشى ئۆزلىرى تەييارلىغان ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى. بۇ يىغىلىش «فارابى تەلىم – تەربىيە، مەدەنىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى» تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ناھايىتى تەرتىپلىك ۋە سۈپەتلىك ئېلىپ بېرىلدى. يىغىن باشلىنىشتىن بۇرۇن ساھىبخان تەرەپنىڭ ئۆتكەن نەچچە يىل ئىچىدىكى خىزمەت ۋە سەمەرەلىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈلدى. تونۇشتۇرۇش فىلىمىنى كۆرگەندىن كېيىن، مەن ئۇلارنىڭ قىسقىچە ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈنلەي پىداكارلىق يولىغا تايىنىپ بۇ قەدەر كۆپ خىزمەتلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغانلىقىغا ھەقىقەتەن قايىل بولدۇم ۋە تەھسىن ئېيتتىم.

بۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى پۈتۈنلەي پىداكارلىققا تايانغان بولۇشىغا قارىماي، قول تىققان ھەر ئىشنىڭ مەيلى لايىھە ياكى باشقا سۈپەت جەھەتلەردە بولسۇن، شۇ قەدەر سېپتا ۋە نەپىسلىكى مېنى تېخىمۇ قايىل قىلدى. مەزكۇر يىغىنىنىڭ ئالدىنقى كۈنى مەن شۇلار ئىشلەپ تارقاتقان «ئەۋلاد لۇغىتى»نى تېلېفونۇمغا چۈشۈرگەن بولۇپ، يېزىقچە ياكى ئېغىزاكى رەھمەت ئېيتىشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەن ئىدىم. ھازىر ئىش قىلغۇچىلار خېلى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنى سۆيۈپ، چۈشىنىپ، ئاخىرىغا ئىشىنىپ، مۇكەممەللىكنى قوغلىشىپ قىلىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. يەنە كېلىپ بۇلارنىڭ تاللىغان يولى نەتىجىسى ئۇزاق ۋاقىتتا چىقىدىغان، كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ كۆزىگە خىزمەتتەك كۆرۈنمەيدىغان، مىدىيە ۋاستىلىرىدا تولا تىلغا ئېلىنمايدىغان بىر ساھە بولۇپ، گويا يىگنىدە قۇدۇق قازغاندەك سەبىر ۋە چىدام تەلەپ قىلىدىغان بىر ئىش.

يىغىن جەريانىدا ھېس قىلغىنىم شۇ بولدىكى، بۇلار مائارىپ ۋە ئاقارتىش يولىنى ئۆزىنىڭ خىزمەت ئوبيېكتى قىلىپ تاللىۋالغان بولۇپ، يولىنىڭ ئۇزاقلىقى، جەريانىنىڭ مۇرەككەپلىكى، سەپەرنىڭ مۇشەققەتلىكى كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىنى ھېچ تۆۋەنلىتەلمىگەن. بۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ھەر بىر تۈرى نورمال بىر دۆلەتلەردىمۇ مەخسۇس ئورگانلار، شىركەتلەر تەرىپىدىن قىلىنىدىغان ۋەزنى ئېغىر خىزمەتلەر بولۇپ، ئۇلار ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ ئاز بولۇشى ۋە ئىمكانىيەتلىرىنىڭ چەكلىك بولۇشىغا قارىماستىن، بايرىقى روشەن، مەيدانى مۇستەھكەم ھالدا پۇختا قەدەم بىلەن نىشان تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىكەن.

---

* بۇ ئەسەر ئاپتورنىڭ يىغىن ئېچىلغان ۋاقىتتىكى تەسراتى بولۇپ، 2019 - يىلى 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى نەخ مەيداندا يېزىپ facebook دا ئېلان قىلغان.

خۇلاسىكالام، يۇرتىكىدە ئوتى بار، ھەقىقىي ئىش قىلغۇسى بار ئادەم ئۇچۇن ھەر ئىشنىڭ ئىپى تېپىلىدىكەن. شاختىن – شاخقا سەكرەپ ياكى ئۆزى باشقىلارنى قايىل قىلغۇدەك ئىش قىلالماي، ياكى قايىل بولغۇدەك ئادەم تاپالماي يۈرىدىغانلار ئۈچۈن ھەر قانداق نوچى ببجىرىلگەن ئىشلارغىمۇ دەپ باقىدىغان گېپى تېپىلىدىكەن.

يىغىن زالىدىن قايتقاندىن كېيىن بىر قېرىندىشىمىزنىڭ ئېيتقانلىرى: مەن تۈركىيەگە يېڭى كەلگەن بولغاچقا، تېخى بۇ يەردە نېمىلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن تازا تولۇق خەۋىرىم يوق ئىدى. پەقەت ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا بىر قىسىم «زىيالىيلار»نىڭ تۈركىيە ۋە تۈركىيەدىكىلەر ھەققىدە يېزىۋاتقان يازمىلىرى ۋە بېرىۋاتقان باھالىرىغا قاراپ، كەلگۈسىدىكى قارارىم ۋە بارارىم ھەققىدىمۇ ئېنىق بىر يەكۈنگە كېلىپ بولالمىغان ئىدىم. لېكىن بۇ خىزمەت ۋە نەتىجىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن مەن تۈركىيەدە ئۆرە مېڭىۋاتقان ئۈمىدنى، دولقۇنلاۋاتقان كەلگۈسىنى، چېچەك ئېچىۋاتقان گۈللىنىشنى كۆردۈم، ئىستانبۇلنىڭ ھەقىقەتەن تىمتاس ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇلار ھەقىقەتەن كاتتا ئىشلارنى قىپتۇ...

ھەئە، «ئەۋلاد»لىقلار ساپ ۋە پاك نىيەتلەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىشەنگۈسىز نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ يىغىندا كۆرسەتكەن نەتىجىلىرىدىن باشقا يەنە قول سېلىپ ئىشلەۋاتقان تۈرلىرى، پىلانغا ئالغان ساھەلىرى، كۆۋەجەپ دولقۇنلاۋاتقان ئارزۇ-ئارمانلىرى باركەن. توغرا دەيسىز قېرىندىشىم، ھەقىقەتەن تىمتاس ئەمەس ئىستانبۇل!!!

«ئەۋلاد»لىقلار جاپا چەكتىڭلار، سىلەرنى ئاللاھ ئەزىز قىلدۇ، خەلقىمىز قەدرىڭلارنى بىلىدۇ، ئەۋلادلار چوقۇم سىلەردىن پەخىرلىنىدۇ. كېلەر يىللىق يىغىنىڭلاردا تېخىمۇ كۆپ نەتىجىلەر بىلەن بىزنى ھاياجانلاندۇرغايسىلەر! «ئەۋلاد»ىڭلار تېخىمۇ كۆپەيسۇن!

(**ئاپتور ئىزاھاتى:** يازىدىغانلىرىم ئىنتايىن كۆپ ئىدى، تېلېفوندا يازغان بولغاچقا مۇشۇ يەردە توختىتىشقا مەجبۇرمەن...)

ئا. ئەمىن (تۈركىيە)




## مۇندەرىجە/İçindekiler

Takdim/ كىرىش سۆز ........................ 7

قۇرئان تەپسىرچىلىكىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە زامانىمىزدىكى تەپسىرچىلىك ھەرىكەتلىرى........ 11
Kur'an Tefsirinin Geçmişi ve Hâlihazırdaki Tefsir Hareketleri
*Doç. Dr. Nur Ahmet KURBAN*

ئاز سانلىقلار فىقھىسى بويىچە تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر................ 37
Azınlık Fıkhı Açısından Türkistan Müslümanlarının Durumuna Bakış
*Dr. Öğretim Üyesi Muhammed ÇUÇAK*

ئىسلام پۇل مۇئامىلىسى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ........................ 75
İslâm'da Parasal İşlemler ve Bankacılık
*Doç. Dr. Buerhan SAITI*

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر مەتبۇئاتىغا نەزەر ........................ 103
Muhaceretteki Uygur Yayıncılığına Bakış
*Abdulcelil TURAN*

ۋەتەنپەرۋەرلىك ئادەمىيلىكنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشىدۇر ........................ 115
Vatanseverlik İnsaniyetin Diğer Bir Adıdır
*Muhammed Yusuf ER*

ئىسلام، مىللەت ۋە ۋەتەن سۆيگۈسى........................ 131
İslâm, Millet ve Vatan Sevgisi
*Abdurrahman KAŞGARLI*

دىنىنىڭ روھىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا ئانا تىلنىڭ ئەھمىيىتى ........................ 153
Dini Anlatmada Anadilin Ehemmiyeti
*Müyesser Abdulehed HENDAN*

ئۇيغۇر ئىسلام تارىخىدا بەلگىلىك رول ئوينىغان بىر قىسىم شەخسلەر........................ 165
Uygur İslâm Tarihi'nden Bazı Önemli Şahsiyetler
*Abdusselam TEKLİMAKAN*

2018 - يىل 10 - ئاينىڭ 6 -كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن 1 - قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلەر توپلىمى ۋە بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر. بۇ ماقالىلەر توپلىمى يىغىندىن بۇرۇن خەلقئارا نەشرىياتچىلىق ئۆلچەملىرىگە ئاساسەن نەشر قىلىنىپ يىغىنغا قاتناشقانلارغا ھەدىيە قىلىنغان.



2019 - يىلى 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندى بىر كۆرۈنۈش.




«فارابى تەلىم - تەربىيە، مەدەنىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيتى» تەرىپىدىن ئىشلەنگەن كۆپ خىل تىللىق «ئەۋلاد» لۇغىتى.

## مۇندەرىجە / İÇİNDEKİLER

كىرىش سۆز/ Takdim ........ 1

جەدىدچىلىك ھەرىكىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىدىكى تەسىرى ........ 5
Ceditçilik Hareketi'nin Doğu Türkistan İslam Cumhuriyeti'ne Etkisi
Dr. Öğretim Üyesi Alimcan BUĞDA / دوكتور ئالىمجان بۇغدا

مائارىپنىڭ مەقسىتى ۋە ئۇيغۇر مائارىپى ھەققىدە ........ 31
Eğitimin Amacı ve Uygur Eğitimi Üzerine Bir Değerlendirme
Dr. Memtimin ELA / دوكتور مەمتىمىن ئەلا

تۈركىيەنىڭ دىنىي مائارىپى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ دىنىي مائارىپىغا ئۈرنەك بولالامدۇ؟ ........ 61
Türkiye'deki Dini Eğitim Doğu Türkistanlılara Örnek Olabilir Mi?
Doç. Dr. Nur Ahmet KURBAN / دوتسېنت، دوكتور نۇرئەھمەت قۇربان

تاتار، باشقۇرت ۋە ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ ياپونىيەدىكى ئىسلامىي پائالىيەتلىرى ........ 85
Tatar, Başkurt ve Uygur Türklerinin Japonya'daki İslâmi Faaliyetleri
Dr. Haji Kutluk KADEERİ / دوكتور ھاجى قۇتلۇق قادىرى

ئۇيغۇر ئىسلام مائارىپى تەسەۋۋۇرى ........ 99
Uygur İslam Eğitimi Tasavvuru
Abdurehim DÖLET / ئابدۇرېھىم دۆلەت

كۇچادىكى مەدرىسەلەر ۋە مەشھۇر ئۆلىمالار ........ 147
Kuçar'daki Medreseler ve Oralarda Yetişmiş Meşhur Âlimler
Abdushükür MUHAMMET / ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت

مۇھاجىرەتتە ئۆتكەن ئۆلىمالىرىمىز ........ 175
Yakın Dönemde Doğu Türkistan Dışında Yaşayan Alimlerimiz
Abdulcelil TURAN / ئابدۇجېلىل تۇران

شەرقىي تۈركىستاندىكى مەدرىسە ئەنئەنىسى ۋە بىر قىسىم مەدرىسەلەر ........ 195
Doğu Türkistan'daki Medrese Geleneği ve Bazı Medreseler
Dr. Öğretim Üyesi Muhammed ÇUÇAK / دوكتور مۇھەممەد ئابدۇللاھ چۇچاق

ۋەتىنىمىزدىكى مەدرىسەلەردە دەرسلىك قىلىنغان «ھىدايە» ناملىق كىتاب ۋە ئۇنىڭ مۇئەللىپى ھەققىدە ........ 211
Doğu Türkistan Medreselerinde Okutulan "El-Hidaye" Adlı Kitap Hakkında
Ataullah SEİD / ئاتائۇللاھ سەئىد




2019 - يىل 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن 2 - قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلەر توپلىمى ۋە بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر. بۇ ماقالىلەر توپلىمى يىغىندىن بۇرۇن خەلقئارا نەشرىياتچىلىق ئۆلچەملىرىگە ئاساسەن نەشر قىلىنىپ يىغىنغا قاتناشقانلارغا ھەدىيە قىلىنغان.



# ئىستانبۇلدا «UyghurSTEM روبوت كۇرسلىرى 2020 ـ يىللىق قىشلىق تەتىللىك روبوت كۆرگەزمىسى ۋە پائالىيىتى» ئۆتكۈزۈلدى

STEM بولسا تەبىئىي پەن، تېخنولوگىيە، ئىنژېنېرلىق ۋە ماتېماتىكا دېگەن سۆزلەرنىڭ ئىنگلىزچىسىنىڭ قىسقارتىلمىسىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، دۇنيا مىقياسىدا قىزغىن ئالقىشلىنىۋاتقان مائارىپ شەكىللىرىنىڭ بىرىدۇر. STEM ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار مەسىلە ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى، ئىجادچانلىقىنى، تەنقىدىي ۋە مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىشىنى، گۇرۇپپا ھەمكارلىق روھىنى، خىيال ۋە تەسەۋۋۇر كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. مۇجمەل ۋە غۇۋا تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن قۇتۇلۇپ مەنتىقىلىق ۋە كونكېرت تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ. پىكىر ئاساسى 2014 - يىلى قۇرۇلغان «ئىلىم-پەن تورى»غا تايىنىدىغان UyghurSTEM گۇرۇپپىسى 2019 - يىلىدىن ئېتىبارەن روبوت ۋە كومپيۇتېر پروگراممىا بىلىملىرى بويىچە تەربىيەلەشنى يولغا قويغان بولۇپ، ھازىرغىچە 100 دىن كۆپ ئۇيغۇر ئۆسمۈر روبوت ۋە كومپيۇتېر پروگراممىا بىلىملىرى بويىچە تەربىيەلەندى. UyoghurSTEM گۇرۇپپىسىنىڭ «UyghurSTEM بوشلۇق تەتقىقات مەركىزى»، «UyghurSTEM كود ئىجادىيىتى»، «UyhgurSTEM روبوت ئىجادىيىتى»، «UyghurSTEM تەبىئىي پەن»، «UyghurSTEM 3D»، «UyghurSTEM سۈنئىي ئەقىل تەجرىبىخانىسى»، «UyghurSTEM ئېكرانى» قاتارلىق تارماق تۈرلىرى بار بولۇپ، داۋاملىق ھالدا تەبىئىي پەن(فىزىكا، خېمىيە، بىيولوگىيە...)، ماتېماتىكا، كومپيۇتېر پروگراممىا بىلىملىرى ھەققىدە بالىلارنى ئاساس قىلغان، چوڭلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان دەرس ۋە پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى ئۈچۈن بىلىم، تېخنىكا ئۆگىنىدىغان ۋە ئورتاقلىشىدىغان بىر سۇپا بولۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

2020 -يىلى 2 - فېۋرال كۈنى ئىستانبۇلدا «UyghurSTEM روبوت كۇرسلىرى 2020 -يىللىق قىشلىق تەتىللىك روبوت كۆرگەزمىسى ۋە پائالىيىتى» ئۆتكۈزۈلدى. ئاتا-ئانىلار ۋە ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ، بىر قانچە يۈز كىشى قاتناشقان بۇ پائالىيەت چوڭ زالدا مەخسۇس روبوت كۆرگەزمىسى شەكلىدە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئامېرىكا دۆلەتلىك ئالەم قاتنىشى ئىدارىسى(NASA) دا ئىشلەۋاتقان ئالىمىمىز دوكتور ئەركىن سىدىق ئەپەندى ۋە شۋېيتسارىيەدىكى فىزىكا ئالىمىمىز دوكتور ئابدۇشۈكۈر ئابدۇرېشىت ئەپەندىنىڭ نەقمەيدان ۋىدىيولۇق شەكلىدە تەبرىك سۆزى قىلىپ، ئالدىنقى يىلى ۋە بۇ يىل قىشلىق تەتىلدىكى روبوت سىنىپلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىكى ھاياجانلىق تۇيغۇلىرىنى ئورتاقلاشتى.

بالىلارنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ ئېلېكتىرون ئىشلىرى، كومپيۇتېر پروگراممىسى يېزىش، ئىلمىي تەجرىبىلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىنىڭ ئۇلارنىڭ تەپەككۇر شەكلى ۋە كېيىنكى ھاياتىغا قانداق پايدىلىق تەسىرلىرى

بولىدىغانلىقى جانلىق مىساللار بىلەن چۈشەندۈردى. پائالىيەتتە ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى ياساپ، كومپيۇتېردا كودىنى يېزىپ چىققان سىزىق بويىلاپ ماڭىدىغان، توساقتىن قاچىدىغان ماشىنىلار، خىلمۇخىل ئەقىللىق ئويۇنچۇقلار، ئادەم شەكىللىك روبوتلار، ئەقىللىق ئۆي سىستېمىلىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ چۈشەندۈردى،

پائالىيەتتە يەنە بىر مۇھىم يېڭىلىق سۈپىتىدە «UyghurSTEM بالىلار بوشلۇق تەتقىقات مەركىزى»نىڭ قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى. بۇ مەركەزنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك مەسئۇلى سەككىز ياشلىق بىلال ئابدۇلۋاھاب مەخسۇس ئاتاپ تەييارلىغان ئاسترونوم كىيىمى بىلەن سەھنىگە چىقىپ كائىنات ھەققىدە ئۆزىنىڭ ئىزدەنگەنلىرىنى ئورتاقلىشىپ پائالىيەت قاتناشقۇچىلىرىنى سۆيۈندۈردى. «UyghurSTEM بالىلار بوشلۇق تەتقىقات مەركىزى» بولسا NASA ۋە ياۋروپا بوشلۇق ئاگېنتلىقى(-Europe an Space Agency) قاتارلىقلار بوشلۇق تەتقىقات ئورۇنلىرىغا تەقلىد قىلىنغان بالىلارنىڭ سىمۋول خاراكتېرلىك بىر ئىلمىي ئورگىنى بولۇپ، بالىلارنىڭ كۆڭلىگە ئىلىم-پەن ئۇرۇقى سېلىپ، ئاسترونومىيە يەنى كائىنات بىلىملىرىگە قىزىقتۇرۇشنى ۋە بۇنى ئۇيغۇر ياش-ئۆسمۈرلىرى ئارىسىدا ئېقىمغا ئايلاندۇرۇشنى، كەلگۈسىدە ئىلىم-پەن ۋە باشقا ساھەلەردىكى كاتتا مۇۋەپپەقىيەتلەرگە يېتەكچى بولالايدىغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ كۆپلەپ يېتىشىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ. ھەربىر ئۇيغۇر ئۆسمۈر «UyghurSTEM بالىلار بوشلۇق تەتقىقات مەركىزى»نىڭ تەبىئىي ئەزاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەركەزدە ئۇيغۇر ئۆسمۈرلەر قەرەللىك ھالدا نۆۋەتلىشىپ، UyghurSTEM بوشلۇق تەتقىقات مەركىزىنىڭ مەسئۇللۇق ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىدۇ. بۇ مەركەزدە ئومۇمىي ئىشلارغا مەسئۇللۇق ۋەزىپىسىدىن سىرت يەنە باشقا تارماق ۋەزىپىلەرمۇ بولىدۇ.




بىرىنچى قېتىملىق ۋەزىپە ئۈچۈن ئۆزىنى مارس تۇپرىقىغا ماڭىدىغان ئىنسان بولۇشقا بەل باغلىغان بىلال ئابدۇلۋاھاب (تۈركىيە، سەككىز ياش) باش مەسئۇللۇق ۋەزىپىسىگە، ئىشەنچ ۋە تالانتى چاقناپ تۇرىدىغان ئەنسەرجان سەمەت(14 ياش، گېرمانىيە) يەر يۈزى كونترول سۇپىسى مەسئۇللۇق ۋەزىپىسىگە، قامۇس دەپ سۈپەتلىگىلى بولىدىغان ئۆسمۈر ئۆتكۈر ئابدۇرېھىم كۆكتۇغ (10 ياش، نورۋېگىيە) چوڭقۇر بوشلۇق تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى مەسئۇللۇق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن UyghurSTEM تور بېكىتى ئارقىلىق «بالىلار بوشلۇق تەتقىقات مەركىزى»گە تىزىملاتقان ئۆسمۈرلەرگە خىزمەت كىنىشكىسى سۈپىتىدە كارتا بېسىلىپ پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. بۇ كارتىدا شۇ ئەزانىڭ ئىسىم-فامىلىسى، رەسىمى، «UyghurSTEM بالىلار بوشلۇق تەتقىقات مەركىزى»دىكى ۋەزىپىسى قاتارلىق ئۇچۇرلار ئۇيغۇرچە ۋە ئىنگلىزچە يېزىلغان بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆسمۈرلەر ئۆزىنى ھازىردىن باشلاپ چوڭ خەلقئارالىق ئىلمىي ئورگاننىڭ رەسمىي ئەزاسىدەك پەخىرلىنىش ۋە ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭغا كۈچلۈك ئىشىنىمىزكى، بۇ پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئۇلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىدۇ.

مەتىمىن نۇرىدىن (تۈركىيە)




روبوت ياسىغان ئوقۇغۇچىلارغا گۇۋاھنامە تارقىتىلىپ بېرىلدى









دەرس ۋە پائالىيەتتىن خاتىرىلەر.







# «قىسقىچە ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى قامۇسى» نەشر قىلىندى

ئۇيغۇرلار تۈرك قوۋمى ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن شەھەرلەشكەن خەلق بولۇپ، يالغۇز تۈرك مەدەنىيىتى ئۈچۈنلا ئەمەس پۈتۈن دۇنيا مەدەنىيىتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ھەققىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خىلمۇ-خىل تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغۇاتقان بولسىمۇ، يەنىلا مۇتلەق كۆپ قىسمى ئانا ۋەتىنىمىزدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغۇاتىدۇ. ئەپسۇس 2000 - يىلىدىن كېيىن، ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىنىڭ ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىشىشى سەۋەبىدىن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقات ۋە ئىلمىي ماقالىلەر ئازىيىپ كەتتى. مانا مۇشۇنداق تارىخى بىر ۋەزىيەتتە، قەشقەردە تۇغۇلغان ۋە كېيىن لوندوندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇر تىلشۇناس مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا ئەپەندىم تەرىپىدىن تەييارلانغان«قىسقىچە ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى قامۇسى» ناملىق ئىككى توملۇق چوڭ ھەجىملىك كىتاب 2019 -يىلى لوندون ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى مەركىزى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

بۇ كىتاب ئوقيا ئەپەندىمنىڭ بۇرۇن نەشر قىلدۇرغان «قىسقىچە ئىنگلىز تىلى گىراماتىكىسى، ئۈرۈمچى، 1995»، «قۇتادغۇ بىلىك ئىندېكسى، لوندون، 2012» ۋە «ئۇيغۇر يىلنامىسى، لوندۇن، 2017» قاتارلىق 3 ئەسىرىدىن كېيىن نەشر قىلدۇرغان بولۇپ، تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئېنسىكلوپېدىيەلىك ۋە لۇغەت خاراكتېرىگە ئىگە قۇرال خاراكتېرلىك كىتاب.

كىتابقا كىرگۈزۈلگەن مەزمۇنلار، بۇرۇن بۇ ساھەدە قىلىنغان تەتقىقاتلارغا نىسبەتەن، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەپسىلىي ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن. شۇنداقلا، بۇرۇنقى تەتقىقاتلاردا يەر ئالمىغان، ئەمما، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە مەۋجۇت بولغان نۇرغۇن مەزمۇنلار يەر ئالغان. مەخسۇس ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە بېغىشلانغان بۇ قامۇسنى مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن بەش بۆلۈمگە ئايرىپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى بۆلۈم: ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك 165 پارچە رەسىمدىن ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاپتور بۇ رەسىملەرنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تاللىغان بولۇپ ھەر بىر رەسىم ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى تەمسىل قىلىدۇ. مەسىلەن، يېمەك -ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ، توي-تۆكۈن، ھۈنەرۋەنچىلىك، مۇزىكا ئەسۋابلىرى، بىكارچىلىق، تەنتەربىيە، تىبابەتچىلىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىناكارلىق

ھەققىدىكى رەسىملەر ئۈچۈن ۋەتىنىمىزدىكى تارىخىي شەھەرلەر ۋە ئاسارە ئەتىقىلەر مەخسۇس تاللانغان.

ئىككىنچى بۆلۈم، قامۇسنىڭ تونۇشتۇرۇش قىسمى بولۇپ، مەشھۇر ئۇيغۇر ئانتروپولوگىست دوكتور ئامىر سەيدۇللانىڭ مەخسۇس بېغىشلىمىسى ۋە ئاكادېمىك جەھەتتىن باھالاپ يازغان ماقالىسىگە يەر بېرىلگەن. دوكتور ئامىر ئەپەندىم، بۇ قامۇسنى مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن باھالىغان. بۇ بۆلەكتە يەنە ئوقىيا ئەپەندىمنىڭ بۇ قامۇسنى يېزىش جەريانىدىكى ئېلىپ بارغان ئىزدىنىشلىرى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن سەرپ قىلغان 10 يىلدەك ۋاقتى خۇلاسىلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، يازغۇچى رەھىمە ئابدۇراھماننىڭ «ئانانىڭ سۇپرىسى» ناملىق قىسقا ھېكايىگە ئورۇن بېرىلگەن بولۇپ، بۇ قامۇسقا ئۆزگىچە خاس ئالاھىدە ئۇسلۇب شەكىللەندۈرگەن. بۇ ھېكايە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخىدا ئۇيغۇر مەدەنىيەتنى، ئۇنىڭ ئەھمىيتى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىق ناھايىتى ئوبرازلىق بايان قىلىنغان. بۇ سەۋەبتىن بۇ ھېكايە تورلاردا ئېلان قىلىنغان ناھايىتى چوڭ تەسىر قوزغىغان. بۇ بۆلەكنىڭ ئاخىرقى تەركىبى سۈپىتىدە مەشھۇر ئۇيغۇر تەتقىقاتچىسى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ناملىق ژۇرنالنىڭ 1995 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۆرپ ئادەتلىرى» ناملىق ماقالىسى تولۇق بېرىلگەن. ئاپتور بۇ ماقالىنى كىرگۈزۈشتىكى سەۋەبنى مۇنداق ئىزاھلىغان: «بۇ ماقالە ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ناھايىتى ئەتراپلىق چۈشەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ماقالىنى كىتابىمنى تولۇقلىغۇچى ئەسەر سۈپىتىدە كىرگۈزدۈم». ئەڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت بۆشۈكى بولغان قەشقەر شەھرىدىكى توي مۇراسىمى بارلىق ئىنچىكىلىكلىرى بىلەن تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

ئۈچىنچى بۆلۈم، قامۇسنىڭ ئاساسلىق قىسمى بولۇپ، ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۆزلەر ۋە ئاتالغۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئاتالغۇلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلغان بولۇپ مەدەنىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۆز، ئۇ سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى، ئۇ سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەدەنىي ئاتالغۇلار ۋە پائالىيەتلەر... تەرتىپ بويىچە، تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن. مەسىلەن مۇقاملاردا ئىشلىتىلگەن بەز سۆزلەرنىڭ مەنىسى، ئۇ سۆزلەرنىڭ مەدەنىيىتىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۇستىلىق بىلەن شەرھلەنگەن. يەنە بىر ئۆرنەك بېرىدىغان بولساق، «ئاپتۇۋا-چىلاپچا» بەك رەتلىك ۋە ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەن. نېمە ئۈچۈن بۇ ئىككىسىنىڭ بىرلىكتە ئىشلىتىلىدىغانلىقى، مېھمانلارنى قانداق كۈتۈش، سۇنى قانداق قۇيۇش، لۆڭگىنى قانداق ۋاقىتتا بېرىش ۋە ئاپتۇۋا -چىلاپچىلارنى قانداق تازىلاش ۋە ساقلاش... ئويۇن ھەققىدىكى ئاتالغۇلار ئىزاھلانغاندىن، ئويۇنلاردا ئېيتىشقان قوشاقلار ۋە قوشاقلارنىڭ مەزمۇنلىرىنىمۇ چۈشەندۈرۈلگەن.

تۆتىنچى بۆلۈم، بۇ قامۇسنىڭ تەييارلىنىشىدا ئىشلىتىلگەن 350 دىن كۆپرەك پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنىڭ تىزىملىكى بېرىلگەن بولۇپ ئىچىدە، كىتابلار، ماقالىلەر، ژۇرناللار، تور بەتلىرى قاتارلىقلار يەر ئالغان. بۇ تىزىملىكلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ھەققىدە ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن ئاچقۇچلۇق ئەسەرلەرنىڭ تىزىملىكى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بەشىنچى بۆلۈم، بۇ بۆلەك سىبىرىق ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە بېغىشلانغان بولۇپ، سىبىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئەدەبىياتى، دىنى، فولكلور ،ئىشلەتكەن ئېلىپبەلىرى ، يېمەك -ئىچمىكى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان.

ئەڭ ئاخىرىدا ۋەتىنىمىزنىڭ جۇغراپىيەلىك خەرىتىسى، شەھەرلەرنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى، شەھەرلەر ئاراسىدىكى مۇساپە قاتناش يوللىرى كۆرسىتىلگەن.

ئاز ياخشىلىق ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ شۈكۈر قىل، (ئېرىشكەن) نېمىتىڭ كۆپ بولسا، ئۇنىڭ قەدرىنى بىل.

ئاغزىڭدىن چىققان سۆزلەر شېكەردەكمۇ شېرىن بولسا، بەگ، قۇل، ئۇلۇغ ۋە كىچىكنىڭ ھەممىسى ساڭا بويسۇنىدۇ.

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى

# شۋېتسىيەدە نەشر قىلىنغان «كېچە» ناملىق شېئىرلار توپلىمى




2019 -يىلى 10 - ئايدا شۋېتسىيە نارىن نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان «كېچە» ناملىق شېئىر توپلىمى شۋېت تىلىدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ تۇنجى شېئىر توپلىمى بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى شۋېتسىيەدە تونۇشتۇرۇشتا تۇنجى قەدەمنى باستى. توپلامغا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان «ئويغان»، « ئىز»، «يىللارغا جاۋاب» قاتارلىق بىر تۈركۈم نادىر شېئىرلار كىرگۈزگەندىن سىرت ۋەتەندە لاگېردا يېتىۋاتقان بىر تۈركۈم ياش ئاۋانگارت شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ توپلامنىڭ نەشر قىلىنىشى، بىر تەرەپتىن خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، ئۇچراۋاتقان ۋە لاگېرلارغا سولانغان ئۇيغۇر شائىرلارنىڭ تەقدىرىنى شۋېت يازارمەنلەرگە ۋە ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى شۋېت شائىرلارغا تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتى تارىختىن بويان پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا شېئىرىيىتىدە مۇھىم ئورۇننى تۇتۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن چەتئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىش جەھەتتە تولىمۇ ئارقىدا قالدى. گەرچە «كېچە» ناملىق شېئىر توپلىمى پەقەت كىچىك بىر توپلام بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ياۋروپادا تونۇشتۇرۇلىشىغا بىر يول ئېچىشىنى ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە قىزىققۇچىلارغا تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.


**Abduhaliq Uigur**

**Vakna**

Ack, stackars Uigur!
Vakna!
Du har sovit tillräckligt länge,
du har ingenting kvar!
Det som står på spel är ditt liv.
Om du inte räddar dig själv från denna död,
kommer ditt liv att vara hotat, ditt liv kommer att vara hotat.

Res dig upp! Jag säger dig, lyft ditt huvud och vakna ur din dr
utplåna din fiende och spill hans blod.
Om du inte öppnar ögonen och ser dig omkring,
kommer du att dö sovande en dag, du har inget annat val.

Din kropp ser redan livlös ut,
är det därför du är likgiltig inför döden?
Du förblir oberörd av att jag kallar på dig,
vill du dö på detta sätt, utan att komma till besinning?

Öppna dina ögon, se dig omkring,
tänk gott om din framtid.
Om du låter den här möjligheten gå förbi dig,
finns imorgon ingenting annat än sorg, inget annat än sorg.

Mitt hjärta värker för dig o mitt folk,
min följeslagare, min bror, min släkting.
Med en brinnande själ kallar jag på er,
men ni hör mig inte, vad händer?

En dag kommer, och du kommer att ångra den dagen,
då kommer du att förstå vad jag ville säga.
Du kommer att svara ”tyvärr!”, men då är det redan för sent,
då kommer du att inse vad ‘’Uigur” menade.

Turpan 1920

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ئويغان» ناملىق شېئىرىنىڭ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن شۋېتچە تەرجىمىسى.




شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىغان ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت، فىلورە قۇمتۇر ۋە لارس نارىن.







## لاگېردىكى تىراگېدىيە «خەير-خوش، قۇياش» رومانى نەشر قىلىندى

ئۇيغۇرلار ختاي مۇستەملىكىسى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان يېقىنقى بىر نەچچە ئەسىردىن بۇيان تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۆزلۈكسىز كۈرەش قىلىپ كەلدى. شۇنداقلا بۇ جەرياندا تالاي خورلۇقلارنى باشتىن كەچۈردى. ھەر قېتىملىق قوزغىلاڭ سانسىز قەھرىمانلارنى ياراتتى. گەرچە نۇرغۇن قەھرىمانلارنىڭ ھاياتى تىراگېدىيەلەر بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىش-ئىزلىرى تىللاردا داستان بولدى. ئۇيغۇر خەلقى ئۆز قەھرىمانلىرىنى ھېچبىر زامان ئۇنتۇپ قالمىدى. قەھرىمانلارنىڭ نامىغا ئاتاپ شائىرلار نەزمە قاتسا، يازغۇچىلار ھېكايە ۋە رومان يازدى. بۇنىڭغا خەلق تەرىپىدىن تۇقۇلغان قوشاق ۋە چۆچەكلەر قېتىلىپ ئۇيغۇرلاردا مۇئەييەن كۆلەمدە تىراگېدىيە ئەدەبىياتى بارلىققا كەلدى. مۇبەسسەر ئابدۇلئەھەد خەنداننىڭ «خەير-خوش، قۇياش» ناملىق رومانى بۇ ساھەدە يېزىلغان ئەسەرلەردىن بىرىدۇر، بەلكى ئەڭ يېڭىسىدۇر.

رومان ختاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ 2017 -يىلىدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا يېغىۋېلىش لاگېرلىرىنى قۇرۇپ، مىليونلارچە بىگۇناھ خەلقنى تۇتقۇن قىلغانلىقىدىن ئىبارەت ئاچچىق رېئاللىقنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. روماندا جانلاندۇرۇش، ئادەملەشتۈرۈش ۋە ئوبرازلاشتۇرۇش... قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر كەڭ قوللىنىلغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ بايان تىلى ئۈچۈن نۇر (شولا) بىرىنچى شەخس سۈپىتىدە تاللانغان. يازغۇچى بۇ ئارقىلىق لاگېر ھاياتىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. بۇ جەھەتتىن، مەزكۇر ئەسەرنى بىرىنچى شەخس تىلىدا يېزىلغان رومان دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئەسەردە تەتۈر بايان شەكلى قوللىنىلغان بولۇپ، ۋەقەلىك پېرسوناژلارنىڭ ئەسلىمىلىرى ئارقىلىق تەرەققىي قىلىدۇ. ئەسەر ئاساسلىقى لاگېر ھاياتىنى يورۇتۇپ بېرىشكە بېغىشلانغان. شۇنداقتىمۇ، ئوخشىمىغان ساھەلەردىن كەلگەن تۇتقۇنلارنىڭ بايانلىرىدىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەر قايسى قاتلىمىنىڭ كارتىنىلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

روماننىڭ باش قەھرىمانى رەيھان نومۇسلۇق بىر ئۇيغۇر قىزى. ئۇ ئارسلان ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر يىگىتنى ياخشى كۆرىدۇ. ئارسلانمۇ رەيھاننى ياخشى كۆرىدۇ. بىراق، بىر ختاي ئەرنىڭ رەيھانغا كۆز تىكىشى بىلەن ئارسلان يېغىۋېلىش لاگېرىغا تۇتۇپ كېتىلىدۇ. ئارقىدىن، ختاي ئەر رەيھاننىڭ ئائىلىسىگە ئەلچى ئەۋەتىدۇ. رەيھان ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بۇ تەلەپنى رەت قىلىدۇ. كادىرلار رەيھاننىڭ ئاتا-ئانىسىغا تەھدىت سالىدۇ. رەيھان ۋە ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى بۇ تەھدىتلەرگە بويسۇنمايدۇ. نەتىجىدە، ساقچىلار «ئىدىيەسىدە مەسىلە بار» دەپ، رەيھاننىمۇ تۇتۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇقنىڭ ھەر ئىككىسى لاگېرغا سولىنىدۇ. ئۇلار لاگېرنىڭ ئوخشىمىغان كامېرلىرىدا ھاياتلىق، ھۆرلۈك ۋە مۇھەببەت ئۈچۈن ئۈن-تىنسىز ھالدا كۈرەش قىلىدۇ. بىر-بىرى بىلەن كۆڭۈلخانىسىدا سىردىشىدۇ. ۋەقەلىك مانا مۇشۇنداق تەرەققىي قىلىدۇ. لاگېر ھاياتى داۋام قىلىدۇ. ئازاب، ھىجران ۋە سېغىنىش داۋام قىلىدۇ. ئاخىرىدا تىراگېدىيە يۈز بېرىدۇ. رەيھان بىلەن ئارسلان بىر-بىرىنى سېغىنغان، خىيالى دۇنياسىدا بىر-بىرى بىلەن پىچىرلاشقان ۋە ھۆرلۈككە تەلپۈنگەن ھالدا جان ئۈزىدۇ.

رومانـدا رەيهـان  بىلـەن ئارسـلاننىڭ مۇھەببـەت ھېكايىسـىگە كـۆپ يـەر بېرىلمىگـەن. ئەكسـىچە، بۇ ئىككى ياشـنىڭ مۇھەببەت ھېكايىسى يىپ ئۇچى قىلىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېقىنقى بىر قانچە يىل مابەينىدە تارتىۋاتقان دەرد -ئەلەملىرى يورۇتۇپ بېرىلگەن. بولۇپمۇ، ئۇيغۇر ئەرلىرىنىـڭ لاگېرلارغـا قامىلىـپ، ئۇيغـۇر قىزلىرىنىـڭ خىتـاي ئەرلـىرى بىلـەن تـوي قىلىشـقا مەجبۇرلىنىـش ئەھۋالى ئېچىـپ بېرىلگـەن. ئەسـەردە يەنـە پېرسـوناژلارنىڭ ئوبـرازى ئارقىلـق ئۇيغۇرلارنـىڭ گـۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتلـىرى نامايـان قىلىنغان. رەيهاننىـڭ مومىسـىنىڭ تىلىدىـن ئۇيغۇرلارنـىڭ كۈرەشـچان تارىخىنـىڭ كارتىنىلـىرى سـىزىلغان. رومـان تىراگېدىيـە ئەدەبىياتىمىزغا قوشـۇلغان يېڭى بىر ئەسـەر، لاگېر ھاياتىنى تېما قىلغان تۇنجى ئەدەبىي ئەسـەر بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

2020 - يىلى 15 - ئاپرېل، ئىستانبۇل

مەمەتتوختى ئاتاۋۇللا ئويچان(تۈركىيە)







## «ئۇيغۇرلار» ژۇرنىلى نەشر قىلىندى

«ئۇيغـۇرلار» ژۇرنىلـى 2019 - يىلـى ئاۋغۇسـتتىن باشـلاپ نەشـر قىلىنىشـقا باشـلانغان بولـۇپ ئايلىـق ئۇنىۋېرسـال ژۇرنـال. نەشـر قىلىنىشـقا باشـلانغاندىن تارتىـپ ھازىرغىچـە  ھـەر ئـاي ئىزچىـل تـۆردە نەشـر قىلىنىـپ كېلىۋاتىـدۇ. مەزمۇن دائىرىسـى كەڭرى بولغـان بـۇ ژۇرنالـدا ئەدەبىيـات، تىـل، تارىـخ، دىن، مەدەنىيەت، ئـۆرپ -ئادەت، ئۇيغـۇر زىيالىيلىرى ۋە ئۇلارنىـڭ ئىجادىيەتلىرى، ئەڭ يېقىنقى خەلقئـارا ۋەزىيـەت ۋە سىياسـىي مەسـلىلەر شـۇنداقلا دۇنيادىكـى مەشـھۇر شەخسـلەرنىڭ ئۇيغـۇرلار ھەققىدىكـى تەتقىقات ۋە ئەسـەرلىرى ئۆزلۈكلـۈكسىز ئېـلان قىلىنىۋاتىـدۇ. يەنـە چەتئـەل ئەدەبىياتـى ۋە دۇنيـا تارىخىدىكـى ئەھمىيەتلىك ۋەقەلـەر  تەرجىمە قىلىـپ ئوقۇرمەنلەرگـە تەقدىـم قىلىنىۋاتىـدۇ. ئۇيغـۇر تىلـى، ئەدەبىياتـى ۋە نەشـرىياتى چەكلىنىۋاتقـان مۇشـۇنداق خەۋپلـىك بىـر تارىخـى ۋەزىيەتتـە، «ئۇيغـۇرلار» ژۇرنىلـى نەشـر قىلىنىشـقا باشـلىنىپ مىللىـي دەۋامىزدىكـى مۇھىم بوشـلۇقلاردىن بىرىنـى تولدۇردى.

«ئۇيغۇرلار» ژۇرنىلى  «ئۇيغۇر پروجېكت فوندى» تەرىپىدىن نەشـر قىلىنىدىغان بولۇپ نەشـر ھوقۇقى پۈتۈنلەي بۇ قۇرۇلۇشـقا تـەۋە. «ئۇيغۇر پروجېكـت فونـدى»  دوكتـور ئەركىـن سـىدىق  ۋە ئەتراپىدىكـى بىـر گۇرۇپپـا ئـوت يـۈرەك، سـاپالىق، قابىلىيەتلىك ۋە تەجرىبىلـىك ئۇيغۇرلارنىـڭ تەشـكىللىنىش بىلـەن قۇرۇلغـان بولـۇپ، ئامېرىكىدا رەسـمىي تىزىملىككـە ئېلىنغان قانۇنلۇق قۇرۇلۇشـتۇر.

ژۇرنالنىڭ تور ئادرىسى:

https://uyghursfoundation.org/kitaplar.html




# «تىلسىز قۇشلار» قەپەستىن چىقتى

«تىلسىز قۇشلار » ناملىق بۇ شېئىرلار توپلىمى دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ بۇ يىل 1 - مارتتا ئىستانبۇلدا نەشر قىلىندى. بۇ توپلامغا دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان دۆلەتلىرىدە ياشاۋاتقان 26 شائىر-شائىرەلەرنىڭ 170 پارچىدەك شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ ئەسەرلەر مەزمۇن ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بولۇپمۇ، ئانا تىلىمىز ۋە ئەدەبىياتىمىز شۇنداقلا مىللىي مەۋجۇدىيىتىمىز خەۋپ ئاستىدا تۇرۇۋاتقان خەتەرلىك پەيتتە ، ئانا تىلىمىز بىلەن يېزىلغان بۇ تۈردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ ئېلان قىلىنىشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ھەقتە توپلامنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن تۆھپە قوشقان مۇتەللىپ سەيدۇللا ئەپەندىم بۇ توپلام ئۈچۈن ئالاھىدە قەلەمگە ئالغان « شېئىرنىڭ ئاۋازى» ناملىق ماقالىسىدا مۇنداق يازىدۇ:

ھازىرقىدەك بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى، مىللىي ئۆزلۈكى يەرشارىدىن يوقىلىش گىردابىغا ئېرىپ قالغان مۇشۇنداق زاماندا ئۇيغۇرچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلارمۇ، ئۇيغۇرچە ئوقۇغانلارمۇ قەھرىماندۇر. تارىخىي

كەچمىشلىرىمىزدىكى ئاچچىق قىسمەتلەرگە قارايدىغان بولساق، ئوقۇماسلىق، يېزىپ تارىخ قالدۇرماسلىق ھەم ئىزچىل تالان تاراجقا دۇچار بولغانلىقىمىز بۈگۈنكىدەك ئازابلىق ۋە تارىخىي قىسمەتكە ئۇچرىغانلىقىمىز بىر قەترە بولسىمۇ گەۋدىلىنىدۇ. بىر ياكى بىر قانچە كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى بىلەن تەقدىرىمىزنىڭ ئۆزگىرىشى ناتايىن. بىراق شۇنى ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەككى، بۈگۈن ئەتە ئۈچۈن بىر تارىختۇر . شۇ ۋەجىدىن، مۇشۇنداق ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ چىقىپ تۇرۇشى بىر ئىجابىيلىق، بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بىز تارىخىمىزنى باشقىلارنىڭ يېزىپ بېرىشىنى كۈتمەستىن، ئۆزىنى ئۆزىمىز يېزىپ قالدۇرۇشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، بۈگۈنكىدەك ئېچىنىشلىق قىسمەتلەر يەنە تەكرارلىنىشى مۇقەررەر.

فاتىما سەيىيەھ خانىمنىڭ بۇ توپلام ئۈچۈن يازغان «كىرىش سۆز» ھەققىدىكى ماقالىسىدا شېئىرلارنىڭ ئەدەبىياتىمىزنى ۋە مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىزنى قوغداپ قېلىشتىكى رولى شۇنداقلا بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلارنىڭ مەزمۇنى ۋە قۇرۇلمىسى ھەققىدە مۇنداق توختىلىدۇ:

شېئىرلار ئۈمىدسىزلىككە تولغان دۇنياغا ئۈمىدنى سۆزلەيدۇ، رەڭسىز جاھاننى سۆزلەرنىڭ رەڭلىك پەلكۈچلىرى بىلەن بويايدۇ، ئىنسان قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدىكى تەۋرىنىشلەرنى تىلنىڭ كۈچى بىلەن يەر باغرىدىكى ۋولقاندىن ئېتىلىپ چىققان بىباھا ئالماسلاردەك ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىنىغا تۆكىدۇ، شېئىرلار ئىنسانلارنىڭ ئۇنتۇلغان يوشۇرۇن ئېڭىنى بىخۇدلاشقان ئاشكارا ئېڭىغا سۆرەپ كىرىدۇ، شېئىرلار

پەقەت شائىرنىلا ئەمەس، شېئىرنى ئوقۇۋاتقان ھەر بىر ئوقۇرمەننىمۇ ئويغىتىدۇ . ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان بىر مىللەتنىڭ پىسخىك ھالىتى زادى قانداق؟ شېئىرلار بۇ ھالەتنى ئىپادىلەشتە قانداق رول ئوينايدۇ؟ قولىڭىزدىكى بۇ توپلامدا

كۆپ قاتلاملىق شېئىرلارنى ئۇچرىتىسىز، ئۇلارنىڭ ساھىبلىرى بولغان شائىرلارنىڭ ئوخشىمىغان ئارقا كۆرۈنىشى سەۋەبلىك بەزىدە ئەركىن ۋە چوڭقۇر تەسەۋۋۇر بىلەن يېزىلغان شېئىرلار سىزنى شېئىرلارنى چۈشىنىشكە ئەمەس تۇيۇشقا باشلاپ، ئىچىڭىزدە غەلىتە ھېسلارنى ئويغاتسا، بەزىدە كىلاسسىك ئۇسلۇبدا، ئاممىباب تىلدا يېزىلغان شېئىر ۋە غەزەللەر سىزگە شېئىرنى ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ، قېنىڭىزنى قىزىتىدۇ. توپلامغا تاللانغان شائىرلاردىن 16 ياشلىق ئۆسمۈرلەردىن تارتىپ، 50 تىن ئاشقان تەجرىبىلىك كىشىلەرنىڭ شېئىرلىرى بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا سىزنىڭ شېئىرغا بولغان كۆز قاراشلىرىڭىزمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئەلۋەتتە، سىزنىڭ نەزىرىڭىزدىكى ياخشى شېئىر بەلكىم باشقىلارنىڭ قارىشىدا لاياقەتسىز شېئىر بولۇشى مۇمكىن، سىز باشقىلار بىلەن بۇ توپلامدىكى شېئىرلار توغرىسىدا پاراڭلاشقاندا بەزىلەر سىزگە شېئىرنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە ساۋات بېرىشى ۋە بۇ توپلامغىمۇ ھەر خىل ئوخشىمىغان پىكىر ۋە كۆز-قاراش ئېيتىشلىرىدىن باھا بېرىشى تەبىئىي.

خەلقئارالىق ئۆلچەملەرگە ئاساسەن نەشر قىلىنغان بۇ كىتابنىڭ ئىسمى ئۇيغۇرچە، نورۋېگچە، ئىنگلىزچە ۋە تۈركچە يېزىلغان بولۇپ جەمى 316 بەتتىن تەركىب تاپقان.

## تۈركچە شېئىرلار توپلىمى «تامچە» نەشر قىلىندى




The Chinese government have locked up almost all of the prominent Uyghur intellectuals, artists, musicians and other specialists and professionals in concentration camps along with other 3-5 million Uyghur people in an effort to erase the Uyghurs' ethnic identity and eradicate the Uyghurs from East Turkestan. Therefore, it has now become the duty of the Uyghurs in diaspora to preserve and promote the Uyghur language, culture, literature, arts and other intellectual works. My beloved brother Imran Sadai has taken an important step taken in that direction by completing this poem collection in a very short time, 2-3 years. I consider this is the expression of his love towards the Uyghurs and East Turkestan, and thank him very much for his courage and hard work by which he completed this wonderful work.

Erkin Sidik, PhD
Los Angeles,
California, 28 July 2019

Edebiyat öğretmenliğimizin yirmi altıncı yılında Orta Asya deyip geçtiğimiz, acılı diyarlardan gelmiş bir değer tanıdım...

Şair İmran SADAÎ, Türkiye Türkçesi'nden tek kelime bile anlamayan 13 yaşındaki Doğu Türkistanlı çocuktan 3 yıl içinde 20. yüzyıl Anadolu Türkçesi'nin en güzel seslerini ezberleyip ruhuna katmıştır. Şairlerimizden Necip Fazıl'dan Nurullah Genç'e kadar Türkçemize hâkim olmuş bir güzel yürek, pırıl pırıl bir "seda"; Şiir kitabı da böyle bir birikim ve yürekten akan bir "DAMLA"...

Bu kitaptaki şiirler; vatan ve memleket özlemi temelinde, özlemini Anadolu diyarında dindirmeye çalışan saf ve naif bir gönülden, samimi duygulardan, mütevazı nağmelerdir. Asya bozkırlarından "damlalar"...

Bu güzel yürekten minik damlalar tatmak, o güzel yüreği büyütmek olacaktır.

İmran'ı tanımak güzeldi. Kendisini "Damla" "Damla" tanımanızı öneririm.

Hasan DENİZLİ (25 Yıllık Edebiyat Öğretmeni)

ئانا ۋەتەندىن كېلىپ تۈركىيەدە ئوقۇۋاتقان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىمران ئابدۇغېنى سادائىينىڭ «تامچە» ناملىق تۈركچە شېئىرلار توپلىمى 2019 - يىلى 1 - ئۆكتەبىردە نەشر قىلىندى. ئانا تىلىدىن باشقا بىر تىلدا ئەدەبىي ئەسەر يېزىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شۇ تىلنى ناھايىتى پىششىق بىلىش كېرەك. ياش شائىر ئىمران قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە تۈركچىنى خۇددى ئانا تىلىدەك مۇكەممەل ئۆگىنىپ ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدىكى تالانتىنى نامايەندە قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن تۈركىيە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن مۇھاجىرەتتىكى بارلىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىغا ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بەردى. بۇ كىتابنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك ئالىمى دوكتور ئەركىن سىدىق ئەپەندىم ئىمراننىڭ ئۇيغۇر داۋاسىغا قوشقان بۇ بىباھا تۆھپىسى ئۈچۈن ئالاھىدە رەھمەت ئېيتقان بولسا، 25 يىللىق تۈرك ئەدەبىياتى ئوقۇتقۇچىسى ھاسان دېنىزلى بېغىشلىمىسىدا ئاپتورنىڭ زېرەك ۋە تىرىشچانلىقىغا بولغان قايىللىقىنى بىلدۈرگەن. پۈتۈنلەي تۈركچە يېزىلغان بۇ توپلامغا 100 گە يېقىن شېئىر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ كىتاب «ئۇيغۇرىيار فوندى»نىڭ قوللىشى بىلەن «داھى» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ كىتابخانىلارغا تاقىتىلغان.

# كىچىك ئۇيغۇر رەسساملارنىڭ ئەسەرلىرى




قار بوۋاي

(دىڭىز قەيسەر قىزى، 6 ياش، شىۋېتسىيە.
رەسىمدە: «ئەڭ ياخشى دادا» دەپ يېزىلغان)



ئەتلەس كۆينەكلىك قىزچاق

(سەلىمە ئەنۋەر، 9 ياش، ئاۋستىرالىيە)



مەھمۇد كاشغەرىي

(يۇسۇپوۋا لۇىزا، 153 - مەكتەپ - گىمنازىيە
ئالمۇتا، قازاقىستان. 9 سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)



تەڭرى تېغى

(نۇردۇن يارمۇھەممەد، 10 ياش، ئاۋستىرالىيە)




بىزنىڭ قورا

(ئىرفان ئەنۋەر، 11 ياش، ئاۋستىرالىيە)



يايلاق



يامغۇردىن كېيىن